
2012.6

# TANGRITAG LITERATURE

# 天尔塔格



# تەڭرىتاغ


- يېشىل دولقۇن
- مەكىت قويى ھەققىدە ھېكايەتلەر
- غەيرەت ئاسىم ئەسەرلىرىنىڭ ئالقىشى
- شىنجاڭ پروزىچىلىقىدىكى نەسىردىن ئەپەندى روھى

ISSN 1004-1745

9 771004 174028 11


国际标准连续出版物号:ISSN1004-1745 国内统一连续出版物号:CN65-1012/I 邮发代号:58-83 零售价:7.00元

# بۇ ساندىكى نۇقتىلىق ئەسەر ئاپتورلىرى



« مەكتەپ قويىي ھەققىدە ھېكايەتلەر» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى

**ــــ تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم**



«يېشىل دولقۇن» ناملىق پوۋېستنىڭ ئاپتورى

**ــــ تۇرغۇن مىجىت**

# تەڭرىتاغ

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت،
ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

## 2012.6

(ئومۇمىي 155 ـ سان)

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى چىقاردى
«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى



# تەڭرىتاغ

2012 ـ يىللىق 6 ـ سان

(ئومۇمىي 155 ـ سان)

قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

(ھەر تاق ئاينىڭ 20 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ)


## مۇندەرىجە


### تۇرمۇش تەسۋىرلىرى

4 يېشىل دولقۇن (پوۋېست)..............................تۇرغۇن مىجىت

105 قۇشقاچتامدىكى پاجىئە (ھېكايە)......................ئابدۇۋەلى ئىسھاق

### مىللەتلەر ئارا ئەدەبىيات

97 شىنجاڭ پىروزىچىلىقىدىكى نەسىردىن ئەپەندى روھى..........دېڭ زىرىن

### شېئرىيەت ئۇپۇقى

57 مۇھەببەتنىڭ تونۇرى..............................تۇرغۇن تۇرسۇن

59 شاگخەي بىلەن كۆرۈشۈش..........................زاماندىن پاكزات

61 شېئىرلار..............................تۇرسۇننىياز توختى ئوغۇز

### ئەسەر ۋە باھا

«ئاتامنىڭ بەشىنچى بالىسى» نىڭ مەخپىي ئارخىپى (ئوبزور)..............

92 ....................................ئۆمەر ئەمەت بەربەرى

### ئىقتىسادىي ھېكايەتلەر

63 مەكتە قويى ھەققىدە ھېكايەتلەر (ئەدەبىي خاتىرە)......تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم

### بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزدا نېمە گەپ

53 ئەدەبىيات يۈرەكلەرنى يېقىنلاشتۇردى.....................شۇ دالۇڭ

86 غەيرەت ئاسىم ئەسەرلىرىنىڭ ئالقىشى..................ياسىنجان نىزامىدىن



ژۇرناللار نەشرىياتى باش
مۇھەررىرى:
**پولات ھېۋىزۇللا**
(ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر
بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)

نەشرىيات باشلىقى:
**ھەبىبۇللا مۇھەممەت**

ژۇرناللار نەشرىياتى مۇئاۋىن
مۇدىرلىرى:
**ئەركىن نۇر**
**ئالىم خالىدىن**

مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى:
**ئەكبەر سالىھ**

باش مۇھەررىر:
**پولات ھېۋىزۇللا**

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**ئەركىن نۇر**

تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى:
**ئىمىرھەسەن مەخمۇت**

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى:
**شاۋكەت شۆھرەت**

مەسئۇل كوررېكتور:
**قەييۇم تۇرسۇن**

ماشىنىست:
**دىلارە ھەبىبۇللا**

# TANGRITAG

شنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە بەش نۆۋەت «ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ژۇرنال

ژۇرنىلىمىز ئېلخەت ساندۇقى : E-mail:tangritag1986@126.com

نەشر قىلغۇچى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئە-
دەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تۈزگۈچى: «تەڭرىتاغ» ژۇرناللار نەشرى-
ياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىنشىڭ
كوچىسى 5 ـ نومۇر
تېلېفون: 4696807، 4658897 ـ 0991
پوچتا نومۇرى: 830092
باسقۇچى: ئۈرۈمچى لۇڭيىدا باسما مۇلا-
زىمىتى چەكلىك شىركىتى
تارقاتقۇچى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا
ئىدارىسى
مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: مەملىكەتنىڭ
ھەممە جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
فورماتى: 1/16 787 X 1092 مىللىمېتىر
7 باسما تاۋاق
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش
شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ (782 ـ
خەت ساندۇقى)
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرناللارنىڭ
داۋاملىق نەشر قىلىنىش نومۇرى:
ISSN1004 - 1745
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇر-
ناللارنىڭ داۋاملىق نەشر قىلىنىش نومۇ-
رى: CN65 - 1012/I
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 83 - 58
پارچە سېتىلىش باھاسى: 7.00 يۈەن

刊名:《天尔塔格》
出版单位 乌鲁木齐市文学艺术界联合会
编辑:《天尔塔格》杂志社
地址: 乌鲁木齐市新兴街5号
电话: 0991-4658897 , 4696807
邮政编码: 830092
印刷:乌鲁木齐隆益达印务有限公司
发行:乌鲁木齐市各地邮政局
订阅:全国各地邮政局
开本: 1/16 787 X 1092 7印张
外发行点:中国国际书商总公司
国内统一连续出版物号: CN65-1012/I
国际标准连续出版物号: ISSN1004-1745
邮发代号:58-83
定价: 7.00元


## يېڭى كۈچ


نەسرلەر..............ئاينۇر مۇھەممەد كۆكتولۇن 76
«ئاشىق رىۋايىتى»نى بويلاپ..............بوزلان 79
ئازاب گۈلى (شېئىر)..............مەمەتتۆمەر مەتتۇرسۇن 84


## پىشقەدەملەر قەلىمى


جەنۇبنى سېغىنىش (شېئىر)..............ئابدۇقادىر سادىر 96


مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: ياش رەسسام مۇھەممەتجان ئابلانىڭ «يېزا بازىرى» ناملىق ماي بوياق ئەسىرى

ژۇرنال نامىنى سۇلايمان ئىسمائىل خالى يازغان



# يېشىل دولقۇن

(پوۋېست)

## تۇرغۇن مىجىت

1

بىز ئورمانلىقتىن گۈررىدە بوشلۇقا قاراپ كۆتۈرۈلگەن قۇش بالىلىرىغا ئوخشاش مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چۇرقىرىشىپ چىقىۋاتقان ۋاقتىمىزدا، كۈن چۈشتىن سەللا قايرىلغان ئىدى. يول بويلىرىدىكى تېرەك، سۆگەتلەرنىڭ ئەمدى يېتىلىشكە باشلىغان يوپۇرماقلىرى شىلدىرلاپ تۇراتتى. شاخلار ئارىسىدىن تېشىپ ئۆتكەن تال - تال نۇر سىزىقلىرى يول يۈزىنى ئالىبۇلىماچ بەلگىلەر بىلەن تولدۇرغان ئىدى.

ئىككى مۇرەمنى بېسىپ كېتىۋاتقان بوغچامنى پات - پات يۇقىرىغا تارتىپ قويۇپ، ساۋاقداشلىرىمدىن قالماسلىق ئۈچۈن يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كېتىۋاتاتتىم. بىز مانا مۇشۇنداق ھەر كۈنى ئەتىگەندە قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە مەكتەپكە ئالدىرايمىز، دەرستىن چۈشكەندە

تۇرمۇش تەسۋىرلىرى

ئوخشاشلا يەنە ئۆيگە ئالدىرايمىز. يول ئۈستىدە قىزىق پاراڭلار، گەپ تالىشىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. تېرەكلەرنى ئارىلاپ قوغلىشىپ يۈرگەن قۇشقاچلار باش ئۈستىمىزدە ئەگىپ، بىزگە ھەيرانلىق بىلەن قاراشقىنىچە بىر نېمىلەرنى دەپ ۋىچىرلىشىدۇ. بۇ يولدا كۈندە ئىككى ۋاق بېرىپ - كېلىپ يۈرگەچكە، ئۇلارمۇ بىزنى تونۇپ كەتتى بەلكىم. شۇڭا ئانچە ئۈركۈپمۇ كەتمەيدۇ. گاھىدا بىزگە خاتىرە قالدۇرماقچى بولغاندەك، بىر نەچچە تال پېيىنى لەيلىتىپ باش ئۈستىمىزدىن تاشلايدۇ. مەن مەكتەپكە بېرىش - كېلىش جەريانىدىكى بۇ سەپەرنى بەك كۆڭۈللۈك ھېس قىلىمەن.

ئالدىمدا مەن بىلەن پاراللېل سىنىپتا ئوقۇيدىغان ئابدۇخېلىل باللارغىمۇ قېتىلماي، يولنىڭ چېتىدە يالغۇز كېتىۋاتاتتى. مەن ھازىر ھەر كۈنى مەكتەپتىن يېنىپ موماملا ھەمراھ بولۇۋاتقاچقا، ئۇنىڭ بىلەن يولىمىز بىر ئىدى. مەن يېتىشىپ ئۇنىڭغا ياندىشىتىم. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قاراپ سۇس كۈلۈمسىرەپ قويىدى. قارىغاندا ئۇ ئۆيگە قايتىشقا ئانچە ئالدىراپ

كەتمىگەندەك قىلاتتى، روھىمۇ سولغۇن ئىدى.

— نېمە بولدۇڭ؟ — دېدىم ئۇنىڭ روھسىز تۇرقىغا قاراپ.

— ھېچنېمە.

— قارىسام خاپىدەك كۆرۈنىسەن؟

— مەن ھەر كۈنى شۇنداق.

— نېمىشقا؟

ئابدۇخېلىل جاۋاب بېرىشنى خالىمىغان بىر خىل تەرزدە بېشىنى چايقاپ قويدى. ئۇ مەكتەپكە سەل كىچىكىرەك كىرگەن بولسا كېرەك، يېشى ۋە بوي-تۇرقىمۇ باشقا باللاردىن سەل چوڭ ئىدى. بىز باشقا-باشقا سىنىپتا بولغاچقا ئىلگىرى ئانچە ئارىلىشىپ كەتمەيتتۇق، مومامغا ھەمراھ بولغىنىمدىن باشلاپ مۇناسىۋىتىمىز يېقىنلىشىپ قالدى. مەن ئۇنى ئاكامدەك كۆرەتتىم.

ساۋاقداشلار يېنىمىزدىن ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشىپ ئۆتۈپ كېتىشتى. بىز بارا-بارا ئارقىدا قالدۇق. مەن جىمجىت مېڭىشتىن ئىچىم سىقىلىپ ئۇنىڭغا قارىدىم.

— بۈگۈن ئەجەب بالدۇر قويۇۋەتتا؟

— ھەممە ئوقۇتقۇچىلارغا يىغىن بار ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ كەيپىياتىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي.

— ئۆيگە بارساڭ نېمە ئىش قىلىسەن؟

— قوي باقىمەن.

— قوي بېقىش بەك كۆڭۈللۈك-ھە؟

— مەن ئۈچۈن ئۇنداق ئەمەس.

— نېمىشقا؟

ئۇ مېنىڭ «نېمىشقا»نى تولا دەيدىغانلىقىمدىن بىزار بولغاندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈردى. مەن ئۇنى خاپا قىلىپ قويۇشنى خالىمايتتىم، لېكىن جىمغۇرلۇقىدىن ئىچىم پۇشۇپ گەپ سورىغىملا كېلەتتى. ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئايىدىمۇ، تېزلا ئۆزىنى ئوڭشاپ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى.

— ئەگەر خالىساڭ سازلىققا بېرىپ سۇغا چۆمۈلۈپ كېلەيلى، ئۆيگە ھازىرلا بارغۇم يوق.

سۇغا ئۈتەتەك چۆمۈلگۈم بار ئىدى، لېكىن تۇرۇپلا مومامنى ئويلاپ قالدىم. ئۇ مېنىڭ سۇغا چۈشۈشۈمنى بەك توساتتى. ئىككىنچى ئاچام مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا باللار بىلەن سۇغا چۈشۈپ، پاتقاققا پېتىپ قېلىپ ئۆلۈپ كېتىپتىكەن، شۇندىن بېرى دادام، ئاپام، موماملاردىن تارتىپ باللارنىڭ سۇغا چۈشۈشىنى قاتتىق توساتتى، ئاجايىپ-غارايىپ گەپلەر بىلەن بىزنى قورقۇتاتتى. مەن لاسسىدە بولۇپ قالدىم.

— مومام سۇغا چۈشۈشۈمگە يول قويمايدۇ.

— نېمە دەيدىغانسەن، ئۇ يېنىمىزدا بولمىسا.

— بىلىپ قالىدۇ، مومام بەك سەزگۈر.

— ئەمىسە مەيلىڭ، بولمىسا باشقا ئىش قىلايلى.

— مەن بىلەن مومامنىڭ ئۆيىگە بارغىن، قورساقنى توقلاپ ئاندىن بىر ئىش قىلارمىز.

— ماقۇل.

ئۇنىڭ راستلا ئۆيگە بالدۇر قايتقۇسى يوقمۇ، ياكى مەندىن ئايرىلغۇسى كەلمەي قالدىمۇ تەكلىپىمگە تېزلا قوشۇلدى.

مومامنىڭ ئۆيى مەھەللىنىڭ چېتىدىرەك ئىدى، ھويلىدىكى يوغان قاپاق تېرەك يىراقتىنلا كۆزگە چېلىقاتتى. تامنىڭ ئارقىسىدا چىرايلىق بىر مېۋىلىك باغ بار ئىدى، باغنىڭ يېنىدىكى ئېرىقتا ياز بويى ئۈزۈلمەي سۇ ئېقىپ تۇراتتى. ھويلىنىڭ بۇلۇڭىدىكى قازناقنىڭ ئۈستىدە ئېگىز بالىخانىسى بولۇپ، شوتا بىلەن چىققىلى بولاتتى. مەن دائىم ساۋاقداشلىرىم ئارىسىدا «مومامنىڭ ئىككى قەۋەتلىك ئۆيى بار» دەپ ماختىناتتىم. مومام «قىز بالا دېگەن خەقنىڭ ئادىمىكەن، ئۈچ قىز تۇغۇۋىدىم، ئاخىرى يەنە يالغۇز قالدىم» دەپ قاقشاپ قوياتتى. ئەمما باشقا ئىشلاردا ئۇنىڭ ۋايسىغىنىنى كۆرگىلى بولمايتتى. مومام باشقا نەۋرىلىرىگە قارىغاندا ماڭا بەكرەك ئامراق بولسا كېرەك، تالىشىپ يۈرۈپ ئاخىرى يېنىغا ئەكېلىۋالدى. بولمىسا باشقا ھاممىلىرىمنىڭمۇ ئوغۇل باللىرى بار ئىدى. مەن دەسلەپتە مومامنىڭ ئۆيىگە تازا كۆنەلمىدىم. بۇ يەردە ماڭا ھەمراھ بولغىدەك باشقا باللار بولمىغاچقا، يالغۇزلۇقتىن شۇنداق زېرىكەتتىم. يەنە كېلىپ مومامنىڭ ئۆيىدە بىزنىڭ ئۆيدىكىدەك توك چىراغ يوق ئىدى. پىلدىرلاپ تۇرغان جىنچىراغنىڭ يورۇقىدا ئۆي ئىچى خۇددى پەردە تارتىپ قويغاندەك غۇۋا كۆرۈنەتتى. ئاخشاملىرى تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلەپ بولغىچە بۇرۇن تۆشۈكلىرىم چىراغنىڭ ئىسى بىلەن توشاتتى. نەچچە قېتىم مەكتەپتىن يېنىپلا ئۆيگە قېچىپ كەتكەن بولسامۇ، دادام، ئاپاملار گاھىدا تىللاپ، گاھىدا يالۋۇرۇپ دېگەندەك مومامنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ قويۇشقان ئىدى. بارا-بارا مومامنىڭ ئۆيىگىمۇ كۆنۈپ قالدىم. ئۇ نۇرغۇن ھېكايە، چۆچەكلەرنى بىلەتتى. گاھىدا ئۇنىڭ قۇچىقىدا ھېكايە ئاڭلاپ يېتىپ ئۇخلاپ قالاتتىم. ھويلىدىكى يوغان قاپاق تېرەكمۇ مېنىڭ كۆڭۈللۈك ئەرمىكىم ئىدى. ئۇنىڭ قويۇق شاخلىرى ئارىسىغا نۇرغۇن قۇشلار ئۇۋا سالغان بولۇپ، ياز بويى ئۇلارنىڭ شوخ سايراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كېچىسى خېلى بىر كەمگىچە كاككۇكنىڭ زىل، مۇڭلۇق ئاۋازىغا قۇلاق سالاتتىم.

بىز مەھەللىگە كىرىپ ئوڭغا بۇرۇلغاندىن كېيىن،

مومامنىڭ قاپاق تېرىكى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئاپامنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇ ئاشۇ يوغان تېرەكنى كۆرسىلا بوۋامنى كۆرگەندەك بولۇپ قالارمىش، بوۋامنىڭ روھى ۋە سىماسى ئۇ تېرەككە سىڭىپ كەتكەندەك تۇيۇلارمىش. ئەمما مەن بوۋامنى كۆرۈپ باقمىغان، ئۇ مەن تۇغۇلماستىلا تۈگەپ كېتىپ قاپتىكەن. پەقەت مومامدىن ئۇنىڭ ئېگىز بوي، قاۋۇل ئادەم ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئاپامنىڭ هويلىدىكى بۇ يوغان تېرەكنى بوۋامغا ئوخشىتىشىمۇ بىكار بولمىسا كېرەك. شۇڭا بىرەر ئاقساقال، گەۋدىلىكرەك كىشىنى ئۇچراتسام سىنچىلاپ قاراپ كېتىمەن، ئۇنىڭدىن بىرەر يېرىنىڭ بوۋامغا ئوخشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۇلارنى «بوۋا!» دەپ چاقىرغۇم كېلىدۇ، بىراق بوۋام دېگەن بوۋام، باشقىلار دېگەن بەرىبىر باشقىلار ـ دە، ماڭا مۇشۇنداق بوۋىسىز ياشاش نېسىپ بولغان بولسا نە ئامال.

ئۆيگە ئاز قالغاندا ئابدۇخېلىل ئېتىزلىقنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن ماڭايلى، دەپ تۇرۇۋالدى. بولمىسا ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدى بىلەن مېڭىشقا توغرا كېلەتتى، ئۆيدىكى بىرەرسى كۆرۈپ قالسا ئۇنى چاقىرىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. بىز ياپيېشىل بۇغداي ئېتىزلىرىنى ئارىلاپ كېتىۋاتىمىز، ئاسلاننىڭ قۇيرۇقىدەك يۇمران باشاقلار بۇغداي غولىنى يېرىپ ئەمدىلا چىقىشقا باشلىغان ئىدى. بىپايان ئېتىزدا يېشىل دولقۇن داۋالغۇپ تۇراتتى. قىردىكى ياۋا ئوت ـ چۆپلەر «شالدۇر ـ شۇلدۇر» قىلىپ پۇچقاقلىرىمىزغا ئۇرۇلاتتى. مېڭىش تەس، هاسىراپ ـ هۆمدەپ ئاران كېتىۋاتاتتۇق، لېكىن گۈلگۈن تەبىئەتنىڭ جەلپكار قىياپىتى بىزگە ئىلھام بېرىۋاتامدۇ، روھىمىز تېتىك ئىدى.

— ئېتىزلار ئەجەب چىرايلىق ـ ھە؟ — دېدى ئابدۇخېلىل. ئۇنىڭ سولغۇن كەيپىياتى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغان ئىدى.

— سەن ياخشى كۆرەمسەن؟

— شۇنداق، يازنىڭ مۇشۇ پەسلى ماڭا بەك چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. يېشىل چۆپلەرنىڭ ئۈستىدە ئۇنىڭدا يېتىپ ئاسمانغا قارايدىغان بولساڭ، پۈتۈن ئالەم بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كېتىسەن.

ئۇنىڭ جىمغۇرلۇقىغا قاراپ، ئاغزىدىن بۇنچىلىك گەپلەرنىڭ چىقىشىنى ئويلىمىغان ئىدىم. هازىر ئۇ ئەدەبىيات كىتابىمىزدىكى هېكايىلەردە سۆزلىنىدىغان گەپلەرنى دەپ مېنى تولىمۇ هەيران قالدۇردى. ئۇ مېنىڭ ئۆزىگە هەيرانلىق بىلەن قاراپ قالغانلىقىمنى سېزىپ، تېخىمۇ روھلىنىپ كەتتى. بىر تۇتام يۇمران چۆپنى ۋاچچىدە ئۈزۈپ ئېلىپ، بۇرنۇمغا يېقىن ئېلىپ كەلدى.

— پۇراپ باققىنە، ئاجايىپ مەززىلىك.

مەن ئۇنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن سۈيى تامچىپ تۇرغان چۆپنى مۇنداقلا پۇراپ قويدۇم.

— راست، مەززىلىك ئىكەن.

ئۇ هاياجان بىلەن چوڭقۇر نەپەس ئالدى. ماڭا يەنە جىق گەپلەرنى قىلماقچى بولغاندەك، لېكىن قانداق ئىپادىلەشنى بىلمەيۋاتقاندەك تۇراتتى. ئادەتلىنىپ كەتكەن جىمغۇرلۇق مىجەزى ئۇنى يەنىلا ئىچىگە تىندۇرۇشقا مەجبۇر قىلىۋاتاتتى.

— سەنمۇ ياخشى كۆرەمسەن؟

— هەئە، بىراق چېچەكلەرنى بەكرەك ياخشى كۆرىمەن.

— چېچەكلەرنىڭ ئۆمرى قىسقا، سەن هۇزۇرلىنىپ بولغىچە توزۇپ كېتىدۇ.

جىم بولۇپ قالدىم، مەن ئۇنىڭدەك تەسەۋۋۇرغا باي ئەمەس ئىدىم. گەپنى تولا قىلغان بىلەن ئورۇنلۇق سۆزلىيەلمەيتتىم. كېتىۋاتىمىز، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ قۇشقاچلارنىڭ سايراشلىرى ئاڭلىنىپ قالىدۇ. بەلكىم ئۇلارمۇ هاياجانلىنىۋاتسا، بىزدەك خىيال، تەسەۋۋۇرلارغا چۆمۈۋاتسا كېرەك.

بىز كىرىپ كەلگەندە هويلا ئىچى جىمجىت بولۇپ، مومامنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. بەلكىم ئۇ مەهەللىمىزدىكى بىرەر كىمگە ياردەملەشكىلى چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك. بىچارە مومام ياشىنىپ مۈكچىيىپ قالغىنىغا قارىماي، زادىلا بىكار تۇرغۇسى كەلمەيتتى. كۈچى يەتكۈدەكلا ئىش بولسا مىدىرلاپ تۇراتتى.

مەن بوسۇغىنىڭ يېنىدىكى مومام دائىم ئاچقۇچ تىقىپ قويىدىغان يەرنى ئاختۇرىۋىدىم، ئاچقۇچ قولۇمغا چىقتى. ئۆيدىن نان، چاي ئېلىپ چىقىپ ئابدۇخېلىل بىلەن قورساقنى تويغازدۇق. ئۇنىڭ قورسىقى خېلى ئاچقان بولسا كېرەك، چوڭ بىر ناننى پاك ـ پاكىز يەۋەتتى.

— ئەمدى نېمە ئىش قىلىمىز؟ — دېدى ئۇ قورساق تويغاندىن كېيىن.

— باغقا كىرىپ غورا ئېلىپ يەيلى.

— موماڭ تىللىماس ـ ھە؟

— ياق، غورا يېگەنگە تىللىمايدۇ، شاخنى يېرىۋەتمىسەكلا بولىدۇ.

بىز شادا ئىشىكنى ئېچىپ باغقا كىردۇق، كۆك پۇرىقى دىماقلارغا ئۇرۇلدى. ئېچىلىشتا كېيىنرەك قالغان مامكاپ گۈللىرى ئۇ يەر ـ بۇ يەردە جىلمىيىپ تۇراتتى. قۇشقاچلار خۇددى ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈۋاتقاندەك جاۋىلدىشىپ، باغ ئىچىنى بىر ئالغان ئىدى. ئابدۇخېلىل شاخلاردىكى يۇمران غورىلارغا قاراپ

ئېغىزىنى چىكىلداتتى.

— ھازىرلا ئاغزىمغا سېرىق سۇ يىغىلىپ كېتىۋاتىدۇ-يا، — دېدى ئۇ. ئارقىدىن راستىلا غورا يەۋاتقاندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈردى.

— ئەمىسە ئاۋۇ ئۆرۈككە چىققىنە.

ئۇ چاققانلىق بىلەن شاخنى تۇتۇپ بىرلا سەكرىۋىدى، ئۆرۈكنىڭ ئاچىمىقىغا چىقىپ قالدى. ئاندىن قولى يەتكەن غورىلارنى ئۈزۈپ يانچۇقىغا سېلىشقا باشلىدى. يېقىن يەردىكى غورىلار تۈگەپ، يۆتكەلمەكچى بولۇپ پۇتىنى كۆتۈرۈشىگە بىر شاخ كۆڭلىكىنى ئىلىۋالدى. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ دۈمبىسىدىكى كۆكىرىپ قالغان يەرلىرىنى كۆرۈپ، كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. ئۇ يەرگە چۈشۈپ يانچۇقىدىكى غورىلارنى ماڭا ئۇزاتقاندا نېمىشقىدۇر قوللىرىم تىترەپ كەتتى.

— ئالە!

ئۇ مېنىڭ چىرايىمدىكى تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەي سەل تېڭىرقىغان ھالدا، ئىككى قولىدىكى غورىلارنى دېلىغۇللۇق ئىچىدە ماڭا سۇنۇپ تۇراتتى.

— دۈمبەڭ... دۈمبەڭگە نېمە بولدى؟

شۇئان ئۇنىڭ چىرايىنى بىر خىل مەيۈسلۈك قاپلىدى، كۆزلىرى ياشاڭغىرىغاندەك قىلدى، غورا تۇتقان قوللىرى پەسكە چۈشۈپ كەتتى.

— بولدى، سورىمىغىن...

— يىقىلدىڭمۇ؟ بىرسى ئۇردىمۇ؟

— ھېچ ئىش يوق.

مەن شارتتىدە ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى قايرىدىم. تىلىم-تىلىم تاياق ئىزلىرى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى. ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ، كۆزۈمگە ياش كەلدى. شۇنچە ئېغىر تاياق يېگۈدەك ئۇ زادى نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيتى؟ ئۇرغان ئادەم نېمىدېگەن رەھىمسىز-ھە؟! مەن ئۇنىڭ دۈمبىسىگە قارىغىنىمچە قېتىپ تۇرۇپ قالدىم، يۈرىكىم ئېچىشىپ ئاغرىشقا باشلىدى.

— يوشۇرغىدەك ئىشمىدى؟ ماڭىمۇ ئېيتمامسەن؟

ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەلەملىك چاقنىدى.

— يوشۇرغىدەك ئىشمۇ ئەمەس، لېكىن قايتا ئويلاشنى خالىمىدىم. ساڭا دېسەممۇ نېمە پايدىسى؟

— ھېچ بولمىسا سېنى كىمنىڭ مۇشۇنداق رەھىمسىزلەرچە ئۇرغانلىقىنى بىلگۈم بار.

ئۇ لەۋلىرىنى چىشلەپ قويدى.

— دادام... قوي باققان يەردە دىققەت قىلماي بىر قوي ئايرىلىپ قالغان ئىكەن، قوينى يوقىتىپسەن دەپ مۇشۇنداق ئۇرۇپ كەتتى. تاياقنىمۇ يېدىم، كېچىچە ئىزدەپ قوينىمۇ تاپتىم.

— ئاپاڭچۇ، توسمىدىما؟

ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش تامچىلىرى پارلىدى.

— ئاپام توسسا ئۇنىمۇ ئۇرىدۇ، ئىلگىرى شۇنداق بولغان.

— دادىمۇ شۇنداق باغرى تاش بولامدۇ.

— ئۇ مېنىڭ ئۆز دادام ئەمەس.

شۇئان كۆز ئالدىمدا ئوتتۇرا بوي، سېمىز كەلگەن، ئالدىراپ-ئالدىراپ سۆز قىلىدىغان بىر ئادەمنىڭ سىماسى نامايان بولدى. ئۇ ئابدۇخېلىل گېپىنى قىلغان دادا شۇ ئىدى. مەن ئۇنىڭ بۇنچىلىك رەھىمسىزلىكىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدىم. ئەمما، مەن بۇنىڭغا ئامالسىز، بايا ئابدۇخېلىل دېگەندەك ماڭا ئېيتىپ بەرگەننىڭ ھېچ ئىشقا پايدىسى يوق ئىدى.

— بولدى، ئويلاۋەرمە، — دېدى ئۇ، كۆزلىرى خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى قۇياشتەك جىلۋىلىنىپ تۇراتتى، — ئەمدى مەنمۇ دىققەت قىلىمەن، ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدىغان ئىشنى قىلمايمەن.

ئۇنىڭ شۇنچە تاياق يەپمۇ ئۆگەي دادىسىدىن رەنجىمەي، ئەكسىچە ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تونۇۋاتقانلىقىدىن بەك تەسىرلەندىم. ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىم، مېھرىم تېخىمۇ چوڭقۇرلىدى. ئەمدى بۇ يەردە يەنە ئازابلىنىپ تۇرۇۋېرىشنىڭ ئورنى يوق ئىدى. بىردىنبىر ئامال ئۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىش.

مېنىڭ تەكلىپىم بىلەن بىز بالىخانىغا چىقتۇق. بۇ يەردىن مەھەللىنىڭ يىراق-يىراقلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى. تۇيغۇلىرىمىز شامالدەك قاناتلىنىپ، كۆپكۆك ئاسمان بىزنى قۇچاقلاپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى، بۇلۇتلار كۆز ئالدىمىزدىلا لەيلىشىپ يۈرەتتى. بالىخانا ئىچىدە كونا پاختا، ئالما قاچىلايدىغان ئىككى باغلىق سېۋەت، يىپ ئېگىرىدىغان كونا چاق دېگەندەك نەرسىلەر بار ئىدى. بىز كونا پاختا ئۈستىدە بالىخانىنىڭ كەڭ ئىشىكىدىن ئالدىمىزدىكى بىپايان ئاسمان بوشلۇقىغا قارىشىپ يېتىشتۇق. بالىخانا ئىچىدە يەنە ئىككىمىزنىڭ ئاچچىق غورىنى خۇددى ئات قوناق يېگەندەك گۇچۇرلىتىپ چايناشلىرىمىزمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

2

بۈگۈن مەكتەپكە كېچىكىپ قالدىم. سىنىپقا كىرسەم تېخى دەرس باشلانماپتۇ، ساۋاقداشلار ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. مەن ئورنۇمغا بېرىپ ئەمدى ئولتۇرۇپ تۇرۇشۇمغا ئىشىك ئېچىلدى. ئەمما، ئىشىكتىن رەيھان مۇئەللىم ئەمەس ئېگىز بوي، يوغان باش، چوڭ كۆزلىرىدىن ئاچچىق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بىر كىشى كىرىپ كەلدى. سىنىپ ئىچى تىمتاسلىققا چۆمدى-دە،

باللار تېخىرقاش ئىچىدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇشتى.

— ھە، تېخىمدا جان قالمىغان ئوخشىمامدۇ؟ تاققىدە تۇرۇشنى بىلمەيمىزما؟!

ئۇنىڭ تۇنجى يۈز كۆرۈشۈشتىلا ئېيتقان بۇ قوپال سۆزلىرى ھەممىمىزنىڭ يۈرىكىنى مۇزلىتىۋەتتى. بىز قورقۇنچ، تېخىرقاش ئىچىدە يەنە ئىشىككە قارىدۇق. لېكىن رەيھان مۇئەللىمنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. رەيھان مۇئەللىمنى بۇ ئاچچىقى يامان كىشىنىڭ ئارقىسىدىن كىرىپ قالار دېگەن ئۈمىدىمىزمۇ يوققا چىقتى. ئۇ كۆڭلىمىزدىكىنى بىلىپ قالغاندەك يەنە ئېغىز ئاچتى:

— بۈگۈندىن باشلاپ مەن سىلەرنىڭ سىنىپ مەسئۇلىڭلار بولىمەن، رەيھان مۇئەللىم باشقا سىنىپقا ئالمىشىپ كەتتى، ئىسمىم ئابدۇسالام، مېنى چېكىپ باقمىز دەپ خام خىيال قىلماڭلار، غەت قىسىپ ياخشى ئوقۇساڭلار ياخشى، بولمىسا مېنىڭ قانداق ئادەملىكىمنى بىلىپ قالىسىلەر.

سىنىپ ئىچىنى ئېغىر جىمجىتلىق باسقان بولۇپ، پەقەت باللارنىڭ پۇشۇلداپ تىنىشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. دەرس باشلاندى، ئەمما بۇ بىر سائەت ئىچىدە كاللامغا ھېچنېمە چۈشمىدى. رەيھان مۇئەللىمنىڭ مېھرىبان، ئىللىق چىرايى كۆز ئالدىمدىن زادىلا كەتمىدى. مەن خۇددى ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان يېتىم بالىدەك غېرىبلىق ھېس قىلدىم، يىغلىغۇم كەلدى، لېكىن مۇنۇ ۋارقىراپ دەرس سۆزلەۋاتقان مۇئەللىمنىڭ ئاچچىقىدىن قورقۇپ، كۆز يېشىمنى ئىچىمگە يۇتۇۋەتتىم. ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىمدا ئەڭ ئۇزۇن تۇيۇلغان بۇ بىر سائەتلىك دەرسمۇ ئاخىرى تۈگىدى. تەنەپپۇسقا قوڭغۇراق چېلىنغاندا ھەممىمىز تولىمۇ سولغۇن كەيپىيات ئىچىدە سىنىپتىن چىقتۇق. باشقا سىنىپ باللىرى كەڭرى مەيداندا بەكلا خۇشال ئوينىشىپ يۈرۈشەتتى، بىراق بىز بولساق دادىسىدىن دەشنام يېگەن باللاردەك شۈمشىيىپ تۇراتتۇق، ھېچقايسىمىزنىڭ ئويۇنغا رەغبىتى يوق ئىدى.

كېيىنكى سائەتلىك دەرسمۇ يەنە شۇنداق كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە ئاخىرلاشتى. ئەمما ئابدۇسالام مۇئەللىمنىڭ تۇرقىدىن خۇشاللىق چىقىپ تۇراتتى، قارامتۇل چىرايىدا بىلىنەرلىك دەرىجىدە كۈلكە جىلۋىلىنىپ قالغان ئىدى. بەلكىم ئۇ دەرس ۋاقتىدىكى جىمجىتلىقنى ئۆزىنىڭ ھەيۋىسىدىن دەپ قاراپ، بىزنى پىلىكتەك يۇمشىتىۋەتكەنلىكىدىن پەخىرلىنىۋاتسا كېرەك.

چۈشتىن كېيىن مەيداندا ئايلىنىپ يۈرۈۋېتىپ، رەيھان مۇئەللىمنى كۆرۈپ قالدىم. شۇ ھامان ئاپامنى

كۆرگەندەك بىر خىل ئىللىقلىق، ھاياجان ۋۇجۇدۇمنى چۇلغىدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردۈم. ئاڭغىچە ئۇ بىر توپ ماتېرىيالنى قولتۇقىغا قىسىپ، 2 ـ يىللىق B سىنىپقا كىرىپ كەتتى. بىردەم دېلىغۇل بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن، ئىشىكنى چەكتىم.

— كىرىڭ!— دېدى رەيھان مۇئەللىم يېقىملىق ئاۋازدا، ۋۇجۇدۇم شۇررىدە ئېرىگەندەك بولدى.

رەيھان مۇئەللىم مېنى كۆرۈپ دەسلەپتە سەل ھەيران قالدى، ئارقىدىن بىر نەرسە سوراپ كىردى دەپ ئويلىدى بولغاي، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ مەندىن سورىدى:

— ۋوي، سابىرجانغۇ بۇ، بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟

دەماللىققا تىلىم چاپلىشىپ قالغاندەك گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالدىم، كۆزلىرىمگە مۆللىدە ياش كەلدى. سىنىپتىكى باللارنىڭ ھەممىسى ھەيرانلىق بىلەن ماڭا قارىشىپ تۇراتتى. رەيھان مۇئەللىم مېنىڭ ئەپتىمنى كۆرۈپ ئىنتىك ئالدىمغا كەلدى، يۇمشاق قوللىرى بىلەن بېشىمنى سىلىدى.

— بىرسى بوزەك قىلدىمۇ، سابىرجان؟

تىلىمنى مىدىرلىتىشقىمۇ قۇربىم يەتمەي قالدى. ئۇنىڭ باغرىغا ئۆزۈمنى تاشلاپ ھۆكرەپ يىغلىۋېتىشتىن ئارانلا تۇراتتىم. كۆڭلۈمنى قانداق بايان قىلىشنىمۇ بىلمەيتتىم. ئاخىرى بۇنداق تۇرۇۋېرىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم. رەيھان مۇئەللىم دەرس ئۆتمىسە بولمايتتى.

— مەن... مەن... سىلىنىڭ قوللىرىدا ئوقاي، خانىم،— دېدىم كېكەچلەپ تۇرۇپ،— ئۇ سىنىپقا زادىلا كىرگۈم يوق.

رەيھان مۇئەللىم ھەيران قالدى.

— بۇ... مەكتەپنىڭ قارارى، مېنىڭمۇ سىلەردىن ئايرىلغۇم يوق ئىدى، لېكىن ئورۇنلاشتۇرۇشقا بويسۇنمىساق بولمايدۇ ـ دە؟ ئابدۇسالام مۇئەللىممۇ بىلىملىك ئوقۇتقۇچى، ماڭا ئوخشاشلا سىلەرگە ياخشى كۆيۈنىدۇ، دەرس چۈشەندۈرۈشمۇ جانلىق، ئۇنى ھۆرمەت قىلىپ، ياخشى ئوقۇڭلار.

ئەمما بۇ گەپلەر مېنىڭ قۇلىقىمغا كىرمەيتتى. بۇ سىنىپتىن زادىلا چىققۇم يوق ئىدى. ھەتتا بىر سىنىپ ئارقامغا يېنىپ ئوقۇشقىمۇ رازى ئىدىم.

— ياق، سىلىدىن باشقا مۇئەللىمدە ئوقۇمايمەن.

رەيھان مۇئەللىم مېنىڭ جاھىللىقىمنى ياخشى بىلەتتى، مەن ئۇنىڭ ئېپادىسىگىمۇ قارىماستىن ئەڭ ئاخىردىكى بوش ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇرۇۋالدىم. دەرس ۋاقتىمۇ قىستاپ قالغان ئىدى. رەيھان مۇئەللىم ئىلاجسىز دەرس باشلاشقا مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ بۇ سائەتتە

ئۆتكەن دەرسى مەن ئىلگىرى ئۆگەنگەن دەرسلەر بولسىمۇ، ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلىدىم. گاراڭلىشىپ قالغان كاللامىۇ ئېچىلىپ كەتتى. دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن، رەيھان مۇئەللىم گەپ-سۆز قىلماي سىنىپتىن چىقىپ كەتتى. ئېھتىمال ئۇ مەكتەپ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشكىلى ماڭدى بولغاي، مەن ئىشنىڭ ئاخىرىنىڭ قانداق بولۇشىنى بىلمىسەممۇ، بۇ سىنىپتىن قەتئىي چىقماسلىق قارارىغا كەلگەن ئىدىم. شۇڭا تەنەپپۇستىمۇ سىنىپتا ئولتۇردۇم. بىردەمدىن كېيىن بىر ساۋاقداش كىرىپ، مېنى مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىغا چاقىرتقانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئىشخانىغا كىرگىنىمدە رەيھان مۇئەللىم ۋە باشقا بىر نەچچە ئوقۇتقۇچى مۇدىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. ئۇلار مېنىڭ ئۇستىبېشىمغا قاراپ قويۇپ بىر-بىرىگە بېقىشتى.

— ئۈچىنچى يىللىقتا ئوقۇمايمەن دەپ، ئىككىنچى يىللىققا كىرىۋالغان ئوقۇغۇچى سەن شۇمۇ؟

مۇدىرنىڭ تاتىراڭغۇ چىرايىدىن ئاچچىقلانغان، ئاچچىقلانمىغانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى، مەن قورقۇنچ ئىچىدە بېشىمنى لىڭشىتتىم.

— نېمىشقا ئۈچىنچى يىللىقتا ئوقۇمايسەن؟

مەن رەيھان مۇئەللىمگە قاراپ قويدۇم.

— مېنىڭ رەيھان مۇئەللىمنىڭ قولىدا ئوقۇغۇم بار.

— بۇ دېگەن مەكتەپ، ھەممە ئىش ئۆز تەرتىپى بويىچە بولىدۇ، نېمە قىلغۇڭ كەلسە شۇنى قىلىدىغان ئۆيۈڭ ئەمەس بۇ. سىنىپىڭغا قايت.

ماڭا جاھان تارلىشىپ قالغاندەك بىلىندى، مەكتەپ توغرىسىدىكى گۈزەل تەسەۋۋۇرلار تۇماندەك غايىب بولدى، ئۆزۈمنى تولىمۇ يالغۇز قالغاندەك ھېس قىلدىم، رەيھان مۇئەللىممۇ ئىككى ئوتتۇرىدا تەڭقىسلىقتا قالغان ئىدى. ئىشخانىدىن قانداق قايتىپ چىققىنىمنىمۇ بىلمەيمەن، سىنىپقا كىرىش ماڭا ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىر تۇيۇلماقتا ئىدى.

رەيھان مۇئەللىمنىڭ سىنىپىغا چىقىۋالغىنىم شۇ كۈنىلا مەكتەپ ئىچىگە پۇر كەتتى. مەن سىنىپقا كىرگەندە ئابدۇسالام مۇئەللىمنىڭ غەزەپتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن ئىدى. مەن خۇددى ئەزرائىلنىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك تىترەپ كېتىۋاتاتتىم. ئۇ شۇ ئاچچىقىدا بولسا كېرەك، دەرس باشلىنار-باشلانمايلا مېنى دوسكىغا چىقاردى.

— خەنزۇچە «بۈگۈن مەن نېمە ئىش قىلدىم؟!» دېگەن خەتنى ياز،— دېدى ماڭا بۇيرۇق قىلىپ، ئەمما مەن بەكلا جىددىيلىشىپ كەتكەچكە كاللامغا ھېچنېمە كەلمىدى، ئۇ خەتنىڭ يېزىلىشىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدىم. ئەمەلىيەتتە مەن سىنىپ بويىچە دەرسنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان ئوقۇغۇچى ئىدىم.

— ھە، ھالىڭ شۇمىدى؟!— دېدى مۇئەللىم پېشانەمگە نوقۇپ،— مەن دەرس بېرەلمىگۈدەك يامان ئوقۇغۇچى ئوخشايدۇ دېسەم، ھېچنېمە بىلمەيدىغان، پاقا تەشكەن سۈيمىدەك كۆزىنى پارقىرىتىپ قاراپلا تۇرىدىغان بىر نېمە ئىكەنسەنغۇ؟ تېخى مېنى ياراتمىغۇدەك بولۇپ كېتىپسىنا؟!

مەن لام-جىم دېمىدىم، ئۇنىڭغا چۈشەندۈرگىدەكمۇ رەغبىتىم يوق ئىدى. قارىسام مەن بىلەن ئانچە چىقىشالمايدىغان رەپقەت، ھاپىز، قۇربان قاتارلىق باللار مېنىڭ دەشنام يېگەنلىكىمدىن خۇش بولۇپ، پىخىلداپ كۈلۈشۈۋېتىپتۇ.

— ماڭە بېرىپ ئولتۇر، پوق قورساق،— دېدى مۇئەللىم بېشىمغا بىرنى قويۇپ.

شۇ كۈنى ئۇ مېنى يالغۇز ئېپقېلىپ سىنىپ تازىلىقىغا سالدى. بۇ مېنىڭ جازالانغانلىقىم ئىدى. شۇڭا مەكتەپتىنمۇ بەك كەچ قايتتىم. مەن سىرتقا چىققاندا بىرمۇ بالا قالمىغان ئىدى. يولدا كېتىۋېتىپ راسا يىغلىدىم. ئەتراپتىن قۇشقاچلارنىڭ ئاۋازىمۇ ئاڭلانمايتتى، ئۇلار مەن ئۈچۈن قايغۇرۇۋاتقاندەك جىمىپ كەتكەن ئىدى. بۇرنۇمنى تارتىپ مىشىلدىغىنىمچە كېتىۋاتىمەن، ئالەمنى قاراڭغۇلۇق قاپلىماقتا ئىدى. تۇيۇقسىز يېقىنلا يەردىن بىر تونۇش ئاۋاز ئاڭلاندى:

— سابىر!

سىنچىلاپ قارىسام، سەل نېرىدا ئابدۇخېلىل مېنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ، ئۇنى كۆرۈپ يەنە كۆڭلۈم بۇزۇلدى.

— تېخىچە قايتمىدىڭما؟

— سېنى ساقلاپ... ھەممە گەپنى ئاڭلىدىم، ئەسلىدە سېنىڭ تاللىغىنىڭ توغرا ئىدى. ئۇلار چۈشەنمەيدۇ-دە، ساۋاقداشلىرىڭدىن سورىسام مۇئەللىم ئېيقالدى، دېدى. قارىغاندا ساڭا بولغان ئاچچىقىنى چىقىرىۋالغان ئوخشايدۇ. ئۇردىمۇ؟

— ياق.

بىز ياندىشىپ كېتىۋاتقاندا ئۇ قولىنى مۈرەمدىن ئارتىلدۇرۇۋالدى. مەن خۇددى ئاكامنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەندەك روھلىنىپ كەتتىم. بايا تارتقان ئەلەملىرىممۇ ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى.

ئەتىسى مومامنى ئالداپ مەكتەپكە بارمىدىم، مەكتەپتىن كۆڭلۈم سوۋۇپ كەتكەن ئىدى. بىر بولسا مۇشۇنىڭدىن باشلاپ مەكتەپكە بارمايلا قويىدىغان خىيالىممۇ بار ئىدى، بىراق يالغۇزلۇقتا بەكلا زېرىكتىم. نېمىشقا ئەتىگەندە ئابدۇخېلىلنى چاقىرىۋالمىغاندىمەن دەپ پۇشايمان قىلىپ كەتتىم. ئۇ بولغان بولسا

ئىككىمىز تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئوينىغان بولاتتۇق.

ئىككىنچى كۈنى يەنە مەكتەپكە بارغۇم كەلمىدى، مومام بىلەن چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، نېمە قىلىش توغرىسىدا خىيال سۈرۈۋاتسام، ئىككى ساۋاقدىشىم كىرىپ كەلدى.

— بۈگۈن ئىمتىھان بار ئىكەن، مۇئەللىم بىزنى سېنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى، — دېدى ئۇلار خۇددى خان يارلىقىنى يەتكۈزۈۋاتقان جاكارچىدەك كۆرەڭلىك بىلەن.

مومام ھېچ ئىشتىن خەۋەرسىز بولغاچقا، مېنى مەكتەپكە مېڭىشقا ئالدىراتتى. مەن ئىلاجسىز ئۇلارغا قوشۇلۇپ مەكتەپكە باردىم. سىنىپلاردا دەرس باشلانغان بولۇپ، بالىلارنىڭ كىتاب ئوقۇغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۈچىمىز ئىشىكنى چېكىپ سىنىپقا كىرگەندىن كېيىن، مۇئەللىم ماڭا يامان كۆزدە قاراپ ئالىيىپ قويدى-دە، ئىككى ساۋاقدىشىمنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى. مەن ئىشىك تۈۋىدە يېتىم بالىدەك شۈمشىيىپ تۇرۇپ قالدىم.

— سەن بىر سائەتلىك دەرسنى ئاشۇ يەردە ئۆرە تۇرۇپ ئاڭلايسەن، — دېدى مۇئەللىم كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ. قارىغاندا ئۇنىڭ ماڭا بولغان ئاچچىقى تېخىچە بېسىلمىغاندەك قىلاتتى.

دەرس باشلاندى، ھېلىقى ئۈچى پات-پاتلا ماڭا قاراپ كۆزلىرىنى قىسىشىپ، مەسخىرىلىك كۈلەتتى، ئاندىن مۇئەللىمگە ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن ئەستايىدىل دەرس ئاڭلاۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالاتتى. مۇئەللىممۇ ئارىدا ئىككى قېتىم ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، دەرسنى چۈشەنگەن، چۈشەنمىگەنلىكىنى سوراپ قويۇۋىدى، ئۇلار بار ئاۋازى بىلەن «چۈشەندۇق!» دەپ ۋارقىراشتى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار دەرسنى چۈشەنگەن، چۈشەنمىگەنلىكىنى ئۆزلىرىمۇ ھېس قىلىشالمايتتى. بۇ ئۈچى ئىككى كۈن ئىچىدىلا ئابدۇسالام مۇئەللىمگە يېقىپ قالغاندەك قىلاتتى. ئىلگىرى ئۇلار رەيھان مۇئەللىمنىڭ بېشىنى ئەڭ ئاغرىتىدىغان كەپسىز ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، دەرسكە كۆڭۈل قويمايتتى، نەتىجىسىمۇ سىنىپ بويىچە ئەڭ ئارقىدا ئىدى. ھازىر بولسا دەۋر ئالمىشىپ، ئۇلار بىردىنلا ياخشى ئوقۇغۇچىغا، مەن ئەڭ ناچار ئوقۇغۇچىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدىم.

شۇنداق قىلىپ بۇ بىر سائەتلىك دەرس ماڭا بىلىم ئۆگىتىش ئەمەس، جازا ئىجرا قىلىش بولۇپ ئاخىرلاشتى. تەنەپپۇستىمۇ بالىلارغا قېتىلغۇم كەلمەي مەكتەپنىڭ بېغى تەرەپتە يالغۇز ئولتۇردۇم. يېنىمدا موماي ئېلىپ بەرگەن تۇش ساپلىق چىرايلىق قەلەمتىراچىم بار ئىدى، ئۇنى ئېلىپ مەقسەتسىزلا بىر تال ياغاچنى ياساشقا باشلىدىم.

— ۋوي، سابىر بۇ يەردىكەنغۇ، — دېدى بىرسى، بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام يەنە ھېلىقى ئۈچى ئىكەن. ئۇلار يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى.

— مۇئەللىمدىن خاپا ئوخشىمامسەن؟ — دېدى ھاپىز، — يېڭى كەلگەن ھەرقانداق ئوقۇتقۇچى شۇنداق قىلىدۇ، ئۇ بىزنى قورقۇتۇپ قويماقچى، ھە دەپ ئۆتكۈزۈۋەتسەڭ، بىر مەزگىلدىن كېيىن ئوڭشىلىپ قالىدۇ، بولدى غەم قىلما.

ئۇلارنىڭ ماڭا تەسەللى بەرگىنى، ياكى باشقا مەقسەت بىلەن كەلگەنلىكىنى بىلەلمىدىم، پەقەت كۆڭلۈم سۇنۇق، ئىپادىسىز ھالدا ئۇلارغا قاراپ تۇردۇم.

— مۇئەللىم بىزنى ساڭا خىزمەت ئىشلەشكە ئەۋەتتى، — دېدى رەپقەت گەپكە قوشۇلۇپ، — ئەسلىدە سەن خاتا قىلدىڭ، رەيھان مۇئەللىمنى ئىزدەپ بارماسلىقىڭ كېرەك ئىدى. كىمدىلا ئوقۇساق ئوخشاش ئەمەسمۇ، بۇ مۇئەللىممۇ يامان ئەمەسكەن، رەيھان مۇئەللىم بەك ئۇششاق سۆز ئىدى، ھازىر قۇلىقىم ئارام تېپىپ قالدى. ئابدۇسالام مۇئەللىم تېخى مېنى سىنىپ باشلىقى قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، شۇنداق بولۇپ قالسا مېنى قوللاپ بېرەرسەن.

رەپقەتنىڭ رەيھان مۇئەللىمنىڭ يامان گېپىنى قىلغانلىقىغا سەل ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ، چىش يېرىپ بىر نەرسە دېمىدىم، گەپ قىلساممۇ ئۇنىڭ ئۇدۇللا ئابدۇسالام مۇئەللىمگە چېقىشتۇرۇپ بېرىشى ئېنىق ئىدى. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ دەرسنى ياخشى ئۆگىنىشكە تىرىشماي، سىنىپ باشلىقى بولۇش ئۈچۈن قۇتراپ يۈرۈشلىرى تېخىمۇ رايىمنى قايتۇرۇۋەتتى. گەرچە سىنىپ باشلىقى بولۇش يامان ئىش بولمىسىمۇ، رەپقەتتەك دەرس بىلمەيدىغان ئوقۇغۇچىنىڭ باشلىق بولۇشى بالىلارنى يېتەكلەش ئەمەس، ئارقىغا چېكىندۈرۈۋېتىشىمۇ، ھەتتا ئۇنىڭدىن دوراپ، سىنىپ ئىچىدە مۇشتۇمزورلۇق ئەۋج ئېلىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

ئۇلار مېنىڭ ئۈن-تىنسىز تۇرغىنىمنى كۆرۈپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

— قەلەمتىراچىڭ ئەجەب چىرايلىق ئىكەن-ھە؟ — دېدى قۇربان.

ئۇنىڭ گېپى بىلەن تەڭ رەپقەت قايتىدىن قولۇمدىكى قەلەمتىراچقا نەزەر سېلىشقا باشلىدى.

— راست، بەك چىرايلىق ئىكەن، ئەكېلە كۆرۈپ باقاي.

مەن ئۇنىڭ بالىلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئېلىۋېلىپلا

بەرمەيدىغان ئادىتىنى بىلگەچكە، قەلەمتىراچنى قاتلاپ يانچۇقۇمغا سالدىم. لېكىن رەپىقەت كۆزۈمگە كىرىپلىۋالدى.

— تىقىۋالما ئۇنداق، يەپ كەتمەيمەن، ئەكېلە بىر.

— بۇ... بۇ... موماملىڭ.

— كىمنىڭ بولسا بولمامدۇ، كۆرۈپ باقاي دېدىمغۇ شۇ، چوقۇم قايتۇرۇپ بېرىمەن.

— ياق، بولمايدۇ.

— ئەجەب پىخسىق بىرنېمىكەنسەن، مۇنداقلا كۆرۈپ باقمىنىغۇ.

— بايا كۆردۇڭ.

— تازا دىققەت قىلماپتىمەن.

— بولدى كۆرمەيلا قوي.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېتىشكە تەمشەلدىم، لېكىن ئۈچى مېنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى.

— بەرگىنە كۆرۈپ باقسۇن،— دېدى قۇربان ئالدىمنى توسۇپ.

— بەرمەيمەن!

— كۆرگەنگە ئۇپراپ قالامتى؟

— ئۇپرىمىسىمۇ بەرمەيمەن، سىلەر قەلەمتىراچ كۆرمىگەنمۇ؟

— كۆرمىگەن، شۇڭا كۆرۈپ باقاي دەۋاتىمىز.

— كۆرگۈدەك يېرى يوق.

ئۇلار مېنىڭ بۇنچىلىك جاھىللىق قىلىشىمنى ئويلىمىغان بولسا كېرەك، ئاخىرى پەيلىدىن يېنىپ سەل بوشاشتى. ھاپىز مېنى بىر چەتكە تارتىپ قولىنى مۈرەمگە قويدى.

— بوپتۇ، كۆرسەتمىسەڭ كۆرسەتمە، لېكىن رەگەتكە ياساش ئۈچۈن باغدىن بىر تال ئاچىماق شاخ كۆرۈپ قويغان، شۇنى كېسىپ بەرگىن بولامدۇ؟

بىردەم ئىككىلىنىپ قالدىم، ئۇلارنىڭ ھېچقانداق تەلپىگە قوشۇلماي تۇرۇۋېلىشىمۇ ياخشى ئەمەستەك قىلاتتى، نېمىلا بولسۇن بىز بىر سىنىپتىكى ساۋاقداش-تە. مەن ئاخىرى ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلدۇم.

— ماقۇل، باشلاپ بارغىن ئەمىسە.

بىز بىرلىكتە باغقا كىردۇق. ھاپىز مېنى بىر تۈپ ئالمىنىڭ يېنىغا باشلاپ كەلدى، ئالمىنىڭ خېلى ئېگىز يېرىدە بىر تال ئاچىماق شاخ بار ئىكەن، قارىسام مېنىڭ بويۇم يەتمىگۈدەك، لېكىن قەلەمتىراچنى ئۇلارغا بەرگىلى بولمايتتى. مەن يېنىمدىن قەلەمتىراچنى چىقىرىپ، بىر قولۇمدا يەنە بىر شاخقا ئېسىلىپ ئازراق كۆتۈرۈلدۈم-دە، باشمالتاقتىن يوغانراق ھېلىقى ئاچىمىقى بار شاخنى كېسىشكە باشلىدىم. قەلەمتىراچ كىچىك، شاخ سەل چوڭ بولغاچقا، ئۇنداق ئالدىراپ كېسىۋەتكىلى بولمايدىغاندەك قىلاتتى. مېنىڭ ئېسىيادىم بۇ شاخنى تېزرەك كېسىپ، ئۇلاردىن قۇتۇلۇش بولغاچقا، ھېچنېمىنى ئويلىماي شاخ كېسىشكىلا بېرىلىپ كېتىپتىمەن. بىر چاغدا ئابدۇسالام مۇئەللىمنىڭ دەھشەتلىك ئاۋازى بومبىدەك پارتلاپ، مېڭەمنى زىڭىلدىتىۋەتتى.

— نېمە قىلىۋاتىسەن، تارتە قولۇڭنى!

مەن بەكلا قورقۇپ كەتكەن ئىدىم، تۇتۇپ تۇرغان شاخنى قانداق قويۇۋەتكەنلىكىمنى بىلمەيمەن، يەرگە ئۇڭدىچە يىقىلدىم، قەلەمتىراچ قولۇمدىن چىقىپ نېرىغا ئۇچۇپ چۈشتى. ماڭا خۇددى ئاسمان چۆرگىلەۋاتقاندەك بىلىندى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىغىنىمدا مەندىن ئىككى قەدەملا نېرىدا ئابدۇسالام مۇئەللىم چىرايىدىن دەھشەت ياغدۇرۇپ ھومىيىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا رەپىقەت ئىككى چىشلىق كېۋەزدەك ھجىيىپ، خۇشاللىقىدىن قىن-قىنىغا پاتماي قاپتۇ. قارىغاندا ئابدۇسالام مۇئەللىمنى ئۇ چاقىرىپ كەلگەندەك قىلاتتى.

— ئەجەب ئىشلىڭ تولا نېمىكەنسەن،— دېدى مۇئەللىم چىشىنى غۇچۇرلىتىپ، ئۇنىڭ ماڭا بولغان ئاچچىقى چېكىگە يەتكەن ئىدى،— ئەمدى سەن ۋەيران قىلمىغان مەكتەپنىڭ بېغى قالدىمۇ؟ قارىغىنە، شۇنچە ئەركىن كۆكلىگەن كۆچەتنى نابۇت قىپسەن. ئۇنىڭ شېخىنى كەسكۈچە ئۆزۈڭنىڭ بارمىقىنى كەسسەڭچۇ؟!

ئۇ ئېگىشىپ يەردىكى قەلەمتىراچنى قولىغا ئالدى. ئەمدى قەلەمتىراچتىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولدۇم دەپ ئويلىدىم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ مۇئەللىمنىڭ ئالدىغا كەلدىم.

— بۇ... بۇ مېنىڭ... ئىشىم ئەمەس، مۇئەللىم. ئۇنى ھاپىز كېسىپ بەرگىن دېگەن.

— بىرسى ماۋۇ پوقنى يە دېسە يەمسەن، گالۋاڭ، ئەسلىدىلا كاللاڭ چاتاق سېنىڭ. يۈرە شوجاڭنىڭ يېنىغا.

— قەلەمتىراچىمنى بەرسىلە، مۇئەللىم.

گېپىم ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا تويۇقسىز تەگكەن شاپىلاقتىن بېشىم غوڭۇلداپ، كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كەتتى، تاش چايناپ سالغاندەك ئېڭەكلىرىم سىرقىراپ ئاغرىدى، بىر خىل خورلۇقتىن ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويدۇم، كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. مۇشۇ تاپتا دادامنىڭ مېھرى، ئاپامنىڭ كۆيۈمچان چىرايى، موماملىڭ ئىللىق باغرى نەدىدۇ؟ ماڭا ئۇلار كېرەك ئىدى، پەقەت ئۇلارلا ماڭا قۇياش نۇرىدەك ئىللىقلىق، مۇھەببەت، ئىلھام بېرەتتى، گۈل-چېچەكلەردەك چېھرىمگە جىلۋە ئاتا قىلاتتى.

مەن بايىقى دەھشەتلىك شاپىلاقنىڭ ئازابىدىن سەل

ئىسمىگە كەلگەندە، ئابدۇسالام مۇئەللىم مۇرەممەدىن قامالالاپ تۇتۇپ، خۇددى ئەسكى تاغارنى سۆرىگەندەك سۆرەپ كېتىۋېتىپتۇ. ئۆزۈمنى تولىمۇ بىچارە، گويا بوغۇزلاشقا ئېلىپ كېتىلىۋاتقان قوزىدەك خار ھېس قىلدىم. مەن پەقەت رەيھان مۇئەللىمنى تالىلىغانلىقىم ئۈچۈنلا ئۇ ماڭا شۇنداق ئۆچمەنلىك قىلىۋاتاتتى. ئەجەبا مېنىڭ تالىلىغىنىم راستلا خاتامدۇ؟ خانىمنىڭ ئۈچ يىللىق مېھرىنى ئۇن-تىنسىز ئۇنتۇپ كېتىش كېرەكمىدى؟ ئاھ، رەيھان مۇئەللىم، سىز نېمىشقا شۇنچە مېھرىبان، مېھرى ئىسسىق-ھە؟ مەن سىزگە خۇددى ئاپامغا كۆنگەندەك كۆنۈپ قالغان ئەمەسمىدىم. ئابدۇسالام مۇئەللىم ماڭا نېمىشقا ئۇنچىلىك ئۆچمەنلىك، رەھىمسىزلىك قىلىدۇ؟ ئۇمۇ ئابدۇخېلىلنىڭ ئۆگەي دادىسىغا ئوخشاش ئادەممۇ-يا؟...

مۇدىر ئىشخانىسىغا كىرگەندە بېشىم قېيىپ ئىشخانا ئىچى ماڭا تەۋرىنىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. كالالام گاراڭ ھالەتتە قاراپ تۇراتتىم، كۆز قارىچۇقلىرىم ئابدۇسالام مۇئەللىمنىڭ غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى، مۇدىرنىڭ توختىماي مىدىرلاۋاتقان ئېغىزى ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ گەپ-سۆزلىرى قۇلىقىمغا كىرمەيتتى. ئىلگىرى تالاي ماختاشلارنى ئاڭلىغان بۇ ئىشخانا، ھازىر ماڭا تولىمۇ سوغۇق، قورقۇنچلۇق بىر ماكان بولۇپ تۇيۇلماقتا ئىدى.

— ... بىر پارچە ۋەدىنامە يېزىپ تاپشۇرۇپ، سىنىپىڭغا قايت.

مۇدىرنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئېيتقان مۇشۇ سۆزلا قۇلىقىمدا قالدى. ئۇنىڭ گەپلىرىمۇ تۈگىگەندەك قىلاتتى. ئىشخانا تەۋرىنىشتىن توختىغان بولسىمۇ، يەنىلا شۇنچىلىك سوغۇق ۋە يېقىمسىز ئىدى.

— يازە قاراپ تۇرماي،— ئابدۇسالام مۇئەللىم ئالدىمدىكى ئۈستەلگە قەلەم، قەغەزلەرنى پاقىدە تاشلىدى. ئۇنىڭ قارامتۇل، بېزىرىپلا تۇرىدىغان چىرايىدىن ئازراقمۇ مېھرىنىڭ ئىزناسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۆچمەنلىكنىڭ شۇنچىلىك دەھشەتلىكىنى تۇنجى قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

قوللىرىم تىترەپ تۇراتتى، قەلەممۇ ماڭا بويسۇنماي قالايمىقان جىجىلىپ كېتەتتى. مىڭبىر مۇشەققەتتە ئىرماش-چىرماش قىلىپ يۇرۇپ بىر ۋاراق ۋەدىنامە يېزىپ، مۇئەللىمگە سۇندۇم. ئۇ قولۇمنى سىلكىپ تۇرۇپ قەغەزنى ئالدى. كەيپىم جايىدا بولمىغاچقا نېمىلەرنى يازغانلىقىممۇ ئېسىمدە يوق ئىدى.

— يازغان خېتىڭنى قارا،— دېدى مۇئەللىم چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ،— ئۆمۈچۈكنى رەڭگە چىلاپ قويۇۋەتسىمۇ بۇنىڭدىن چىرايلىقراق سىزىق سىزار بولغىيدى.

مەن ئۇندىمىدىم، گەپ قىلغۇدەكمۇ رەغدىم يوق ئىدى. يۈز بېرىۋاتقان ئىشلاردىن بېشىم قايمۇقۇپ قالغاچقا، قايسى تەرەپكە قاراپ مېڭىشنىمۇ بىلمەي قالدىم. تۇرۇپلا ئۆزۈمنى راستلا يارامسىز بىر ئوقۇغۇچىدەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم. ئۈمىدسىزلىك، روھسىزلىق مېنى ئېزىۋەتكەن ئىدى. مەن خۇددى ساراڭ بولۇپ قالغان ئادەمدەك ئىشخانا ئىچىنى بىر ئايلىنىۋېتىپ ئاندىن ئىشىكنى تېپىپ چىقىپ كەتتىم.

بۇ كۈنۈم تولىمۇ كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە ئۆتتى. سىنىپ ئىچىدە ئولتۇرغان بولساممۇ كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى، مۇئەللىم سۆزلەۋاتقان دەرسمۇ قۇلىقىمغا كىرمەيتتى، ئۆزۈمنى تەنھا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن مۇئەللىم مېنى يەنە ئېيىقالدى. جازايىم ئۈچۈن تازىلىق قىلىشىم كېرەك ئىدى. كەچلىك تازىلىق مەكتەپكە كېچىكىپ كەلگەن، ياكى سىنىپتىكى دەرستە ناچار ئوقۇغۇچىلار قىلىدىغان ئىش ئىدى. مەن ھازىر ئاشۇ ئەڭ ناچار ئوقۇغۇچىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدىم.

ئىشنى تۈگىتىپ تولىمۇ روھسىز ھالدا ئۆيگە قايتتىم. قۇياش ئاخىرقى نۇرلىرى بىلەن تېرەكلەرنىڭ ئۇچىنى، يوللارنى يورۇتماقتا ئىدى. قىزغۇچ نۇرلار ھۆل، پاتقاقلار بىلەن بۇلغانغان ئۈستىبېشىمغا چېچىلاتتى. ئاسماننىڭ بىر بۇرجىكىدە ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ تۇرغان كەچكى شەپەق قەلبىمگىمۇ بىر يورۇقلۇقنى ئاستا-ئاستا ئېقىتىپ كىرىشكە باشلىدى، تاتلىق تۇيغۇلار بىلەن ئۆزۈمنى بەزلىدىم، بۇلۇتتەك لەيلەپ ئالەمنىڭ ناتونۇش بىر بۇلۇڭىغا جىممىدە قونغۇم كەلدى. ياكى مەكتەپنى، مۇئەللىمنى، يۈز بەرگەن بارلىق پىشكەل ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ، قۇياش پېتىۋاتقان ئاشۇ ئۇپۇققا پېتىپ كېتىشنى ئويلىدۇم.

تۇرۇپلا ئېسىمگە ئابدۇخېلىل كەلدى، ئۇ يولدا مېنى ساقلاپ تۇرغان بولسا، بىز بىللە قايتساق، خىياللىرىمنى ئۇنىڭ بىلەن ئورتاقلاشسام، كۆڭلۈم تېخىمۇ ئېچىلىپ كېتەتتى-دە. بىراق يولدا ئىشتىن قايتقان ئاندا-ساندا ئادەملەردىن باشقا باللار كۆرۈنمەيتتى. بەلكىم ئابدۇخېلىل رەھىمسىز ئۆگەي دادىسىنىڭ ئاچچىقلىنىشىدىن قورقۇپ، ئالدىراپ ئۆيگە قايتقاندۇ؟ ئۇنىڭغىمۇ تەس، ئۆيگە بارسا ئۆگەي دادىسىنىڭ دەستىدىن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرگىدەك بىر مۇئامىلىگە ئېرىشەلمەيدۇ. دائىم چىرايى پەرىشان ھالەتتىلا يۈرۈيدۇ، ئۇنىڭمۇ باشقا باللاردەك خۇشال-خورام ئۆتكۈسى، ئاتا-ئانىسىنىڭ باغرىدا ئەركىلىگۈسى كېلىدىغاندۇ...

خىيال بىلەن بولۇپ، مەھەللىگە قايرىلىدىغان يولغا كېلىپ قالغىنىمنىمۇ تۇيماي قاپتىمەن. ئەمدىلا بۇرۇلۇشۇمغا ئېرىق بويىدىن بىرسى تۇرغاندەك قىلدى. ئابدۇخېلىل ئىكەن، ئۇنى كۆرۈپ شۇنچىلىك خۇشال بولۇپ كەتتىمكى، يۈگۈرۈپ بېرىپ قۇچاقلىغۇم، دەرد-ئەلەملىرىمنى كۆز-ياشلىرىم بىلەن قوشۇپ بىراقلا تۆكۈپ تاشلىغۇم كەلدى. بىراق ئۇ خېلىلا سالماق ئىدى، ماڭا قاراپ زىنىخدا كۈلۈمسىرەپ قويدى. مەڭزىدە كۆكىرىپ قالغان جاراھەت ئىزى تۇراتتى. «رەھىمسىز دادىسى ئۇنى يەنە ئۇرغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدىم شۇ چاغدا. مەن بارلىق ھاياجىنىمنى بېسىپ تۇرۇپ تىترەك ئاۋازدا سورىدىم:

— تېخىچە قايتمىدىڭما؟

— سېنى ساقلاپ،— دېدى ئۇ كەچكى قۇياشتەك سۇس كۈلۈمسىرەپ.

— يۈزۈڭگە نېمە بولدى؟

ئۇ يۈزىنى سىلاپ قويۇپ كۈلدى، تۇرقىدىن مەغرۇرلۇق، رازىمەنلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تاياق يەپمۇ يەنە خۇشال تۇرغىنىدىن ھەيران بولۇپ سورىدۇم:

— داداڭ يەنە ئۇردىما؟

— بولدى سورىما.

— بىرسى بىلەن ئۇرۇشتۇڭمۇ-يا؟

ئابدۇخېلىل بېشىنى چايقاپ كۈلدى.

— ياللا، سېنىڭ مۇشۇ مىجەزىڭزە، بىر ئىشنىڭ يىپىدىن يىڭنىسىغىچە سورىمىساڭ بولدى قىلمايسەن.

مەنمۇ كۈلدۈم، بېرىپ ئۇنىڭ مۈرىسىدىن قۇچاقلىدىم.

— شۇ، سورىمسام تۇرالمايمەن.

— چۈشتىن كېيىن تەنەپپۇستا قارىسام مەيداندا كۆرۈنمىدىڭ، سىنىپىڭنىڭ ئالدىغا بارغان ئىدىم، رەپقەت، ھاپىز، قۇربان ئۈچى باللارغا قىزىقارلىق بىر گەپنى دەپ بەرگىلى تۇرۇپتۇ. قۇلاق سالسام ئۇلار، سېنىڭ قەلەمتىراچىڭغا كۆزى چۈشكەنلىكى، سەن بەرگىلى ئۇنىمىغاچقا سېنى راسا بىر بابلاش ئۈچۈن باغقا باشلاپ كىرىپ، شاخ كەسكىلى قويغانلىقىنى دېدى. سېنىڭ شاخ كېسىۋاتقان ۋاقتىڭدىن پايدىلىنىپ، رەپقەت ئابدۇسالام مۇئەللىمنى چاقىرىپ كەپتۇ. ئابدۇسالام مۇئەللىمنىڭ سېنى قانداق ئۇرغانلىقى، قەلەمتىراچىڭنى تارتىۋالغانلىقى، يەنە مۇدىر ئىشخانىسىغىچە كىرگەنلىكىنى دېدى. ئاڭلاپ بەك ئاچچىقىم كەلدى. سېنى ئىزدىسەم تاپالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇپ...

— نېمە؟ ئۇ ئۈچى بىلەن ئۇرۇشتۇڭما؟

— ھەئە.

— ئۆزۈڭ يالغۇز ئۈچى بىلەن...

— قورقۇپ قالامتىم، ئۇ ھارام تاماقلار ياۋاشلارنى بوزەك قىلىشقىلا يارايدۇ. تازا ئۇرۇۋاتسام، يالۋۇرغىلى تۇرغان ئىدى، بىخەستەلىك قىلىپ قاپتىمەن، قۇربان دېگەن ھارامىلىق تۇيۇقسىز يۈزۈمگە بىرنى قويۇپلا قېچىپ كەتتى.

ئابدۇخېلىل يۈزىدىكى «غەلبە نىشانى»نى يەنە بىر قېتىم ھاياجان بىلەن سىلاپ قويدى. مۇشۇ تاپتا ئاكا يوللۇق بۇ ئاغىنەم ماڭا تېخىمۇ سۆيۈملۈك كۆرۈنۈپ كەتتى، شەپەق نۇرى ئاستىدا كۆزلىرى قىزىرىپ، باشقىچە نۇرلۇق بىلىندى. بىز كېتىۋاتقاندا مەن بەكلا ھاياجانلانغان ئىدىم، ئۇنىڭ پىداكارلىقى مېنى تەسىرلەندۈرگەن، مەكتەپتىكى خاپىلىقمۇ كۆڭلۈمدىن كۆتۈرۈلۈپ قالغان ئىدى. كىتابلاردىكى «دوستلۇق مېھرى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ» دېگەن گەپ راست بولسا كېرەك، مانا، ئۇنىڭ مېھرى سۇنغان قەلبىمنى ئىللىتتى، ماڭا تەسەللى، ئۈمىد، خۇشاللىق ئاتا قىلدى.

كەچتە پىلدىرلاپ كۆيۈۋاتقان جىنچىراغنىڭ يورۇقىدا چاپىنىمنى ياماۋاتقان مومامنىڭ تىزىغا باش قويدۇم. مۇئەللىم سۆرەپ يۈرگەندە چاپىنىمنىڭ مۈرىسى يىرتىلىپ كەتكەن ئىدى. قەلبىمدە ئاچچىق بىلەن تاتلىق ئارىلىشىپ كەتكەن مۇشۇ مىنۇتلاردا كاللامدا غەلىتە خىياللار ھۆكۈم سۈرەتتى. ئابدۇسالام مۇئەللىمنىڭ خىيالىمدىكى سىماسى بىر تۇرۇپ بەتبەشىرە غەلىتە مەخلۇققا ئايلىنىپ قالاتتى، چىشلىرى ئاسقاقتەك، بېشى قازاندەك، كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ تۇرىدىغان بۇ مەخلۇق ماڭا ھەملە قىلىپ كېلەتتى، مەن قورقۇپ قاچاتتىم، ئۇ يېتىۋالاي دېگەندە مومام پەيدا بولۇپ، يەردىن بىر تاشنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئاتاتتى، مەخلۇق قورقۇپ بەدەر قاچاتتى، مەن مومامنىڭ قۇچىقىغا يىقىلىپ قالاتتىم. بىر تۇرۇپ ئۇ يەنە مۇلايىم، كۆيۈمچان بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالاتتى، مەندىن كەچۈرۈم سورايتتى. بېشىمنى سىلايتتى. مېنى ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئالدىدا «ئەدەپ-ئەخلاقلىق، تىرىشچان، ئەلاچى» دەپ ماختايتتى، مەن ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلەتتىم. شۇ ھامان بۇ چىراي رەيھان مۇئەللىمنىڭ چىرايىغا ئۆزگىرىپ قالاتتى...

كۆزۈمنى ئاچتىم، موموم يىرىك ئەمما ئىسسىق قوللىرى بىلەن بېشىمنى سىلاۋېتىپتۇ. مەن ئۇخلىمىغان ئىدىم، پەقەت كاللامنى خىيال چىرمىۋالغان ئىدى. مەن ئاسلاندەك موماملنىڭ قۇچىقىغا سۈركەلدىم.

— كۈندۈزى نېمە ئىش بولدى، بالام؟

موموم تۇيۇقسىز سوراپ قالدى. مەن ئۇنى

ھېچنېمىنى سەزمىدى دەپ ئويلىغان ئىدىم. لېكىن ئۇ بەكلا سەزگۈر، بايا مېنى ئۆزىنى سەل بېسىۋالسۇن، دەپ گەپ قىلمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ چىرايىغا قارىمسامۇ ئاچچىقلىنىش ئالامەتلىرىنىڭ يوقلىقىنى ھېس قىلدىم. چۈنكى ئاۋازىدا كۆيۈنۈش، سىلىق، مۇلايىملىق بار ئىدى. مەن ھېچنېمە دېمەسلىكنى، مۇشۇ پېتى جىمجىت ئۆيىگە كېتىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. بىراق جاۋاب بەرمىسەم موماممنىڭ كۆڭلىمۇ ئارام تاپمايتتى.

— ھېچ... ھېچ ئىش يوق، موما.

— ئەمىسە چاپىنىڭ نېمە بولۇپ يىرتىلىپ كەتتى؟

— مەكتەپنىڭ بېغىدا ئەمگەك قىلغان ئىدۇق، شاخ ئىلىۋالدى.

— كۆزۈڭمۇ قىزىرىپ قاپتىكەن؟

— توپا كىرىپ كەتتىمىكىن، تۇيۇقسىزلا ئېچىشىپ ئاغرىپ كەتكەن.

موماممۇ ئىشەندىمۇ، ئىشەنمىدىمۇ بىلمەيمەن، تۇرۇپلا يۈرىكىم ئېچىشىپ كەتتى. يالغان گەپ قىلماسلىقىم كېرەك ئىدى. لېكىن راست گەپ قىلىشقىمۇ بولمايتتى، مەكتەپتىكى ئىشلارنى موماممغا چۈشەندۈرۈپ بولالمايتتىم. بەلكىم مەن راستلا خاتا قىلغاندىمەن، رەيھان مۇئەللىمنى ئىزدىمەسلىكىم كېرەك بولغىيتتى، ئابدۇسالام مۇئەللىممۇ يامان ئادەم ئەمەستۇ، ھېسسىياتىم مېنى ئازدۇرغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. نېمىشقا شۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. خۇددى كەرە يادلاۋاتقاندەك نۇرغۇن سانلار كۆز ئالدىمدىن تىزىلىپ ئۆتمەكتە، ئۇلارنى فورمۇلاشقا تىرىشىمەن، يېشىمىنى چىقارماقچى بولىمەن، ئاخىرىدا بىر دۆۋە سان-سېپىرلار ئارىسىدا قېلىپ ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويىمەن...

كاككۇكنىڭ ئاۋازى خىيالىمنى بۆلدى، ئىختىيارسىز كىچىك دېرىزىدىن سىرتقا قارىدىم، تالانى كۆرگىلى بولمايتتى. تامدا موماممنىڭ كۆلەڭگىسى توختىماي مىدىرلاپ تۇراتتى، جىنچىراغ يورۇقى ئۆي ئىچىنىمۇ تىترەۋاتقاندەك كۆرسەتتى. كاككۇك يەنە سايرىدى... يەنە سايرىدى... ئۇنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ئىچىمنى قۇرتتەك تاتىلاپ، كۆڭلۈمنى يېرىم قىلدى. بىردىنلا موماممنىڭ ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەنلىكى ئىسىمگە كەلدى:

بۇرۇنقى زاماندا كاككۇك بىلەن زەينەپ جانجىگەر دوستلاردىن ئىكەن. بىر زامانلار كېلىپ ئۇلار ئايرىلىپ كېتىپتۇ. ناھايىتى چوڭ بىر دەريا ئۇلارنى ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدىكەن. زەينەپ بۇياقتا تۇرۇپ «كاككۇك... كاككۇك...» دەپ سايرىسا، كاككۇك ئۇياقتا تۇرۇپ «زەينەپ... زەينەپ...» دەپ سايرايدىكەن. زەينەپ دوستىنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن بىر يىل تىرىشىپ، دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان بىر تال قۇرتنى تاپىدىكەن-دە، ئۇنى چىشلەپ كاككۇك تەرەپكە قاراپ ئۇچىدىكەن. ئوتتۇرىدىكى دەريا تولىمۇ چوڭ بولۇپ، بۇ قېشىدا تۇرغان ئادەم ئۇ قېشىنى كۆرەلمەيدىكەن. زەينەپ ئۇچىدىكەن... ئۇچىدىكەن... دەريانىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا كاككۇكنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ھەددىدىن زىيادە خۇشال بولۇپ كەتكەچكە، ئۆزىنى تۇتالماي قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىدىكەن. ئۇنىڭ ئاغزى ئېچىلغان شۇ دەقىقىدە ھېلىقى ئەتىۋارلىق قۇرت دەرياغا چۈشۈپ كېتىدىكەن. زەينەپ دوستىنىڭ يېنىغا قۇرۇق قول بېرىشتىن ئۇيىلىپ، ئارقىسىغا قايتىپ كېتىدىكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىر يەرگە كېلەلمەي، پەقەت بىر-بىرىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىشىپلا ئۆتۈپ كېتىدىكەن. ئەسلىدە بىز «كاككۇك» دەپ يۈرگەن قۇش كاككۇك ئەمەس، زەينەپ ئىكەن.

بۇ ھېكايە تولىمۇ ئازابلىق، ئادەمنى يەنە نۇرغۇن خىياللارغا غەرق قىلاتتى. تۈگىمەس سوئاللارنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالماي قىينىلاتتىم. زەينەپنىڭ قۇرت ئىزدەپ يۈرۈشلىرى ماڭا ئەخمەقلىقتەك تۇيۇلاتتى.

## 3

ئەتىسى ئويغانغان ۋاقتىمدا كۈن ئېگىزلا چىقىپ كېتىپتۇ. تۈنۈگۈنكى خاپىلىقنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، بېشىم ئاغرىپ، روھىم سولغۇن ئىدى. ئۆي ئىچى جىمجىت، موماممۇ كۆرۈنمەيدۇ. بەلكىم ئۇ سىرتتا قايسىبىر ئىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە يۈرسە كېرەك. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ بىر نەچچىنى كېرىلىۋەتكەندىن كېيىن، سىرتقا چىقتىم. كۈچلۈك ئاپتاپ كۆزلىرىمنى چاقتى، چىمچىقلاپ تۇرۇپ ئەتراپقا قارىدىم. ئالەم نۇر ئىچىدە جىلۋە قىلاتتى، بوستانلىقلار گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىدەك چىرايلىق كۆرۈنەتتى، قاپاق تېرەكتىكى قۇشلارنىڭ بەس-بەستە چاڭلداپ سايراشلىرى يىراق-يىراقلارغىچە ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

مەن گۈزەل تاڭنىڭ ھۇزۇرىدا قەلبىمنىڭ ئاستا-ئاستا ئىللىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. لېكىن يېڭى كۈن يېڭى بىر ئۈمىد ۋە يېڭى بىر غەمنى ماڭا يۈكلىمەكتە ئىدى. ئابدۇسالام مۇئەللىمنىڭ دەھشەتلىك چىرايىنى ئويلىساملا بەدەنلىرىم تىكەنلىشىپ كېتەتتى. شۇ چاغدا باغنىڭ شادا ئىشىكىدىن مومام چىقىپ كەلدى. ئۇ بىر قۇچاق ئوت-چۆپ بىلەن ئالما، نەشپۈتلەرنىڭ ياۋا شاخلىرىنى كۆتۈرۈۋالغان ئىدى.

— تۇردۇڭمۇ بالام؟— دېدى ئۇ مېنى كۆرۈپ.

— نەگە باردىڭىز، موما؟

— باغنى ئوتاپ چىقتىم.

— هۆل بولۇپ كېتىپسىز؟

— شەبنەم تېخى قۇرۇماپتىكەن.

ئۇ ئوت ۋە شاخلارنى قاپاق تېرەكنىڭ تۈۋىگە تاشلىدى. قوللىرى ئوتنىڭ دېغىدا كۆپكۆك بولۇپ كەتكەن ئىدى. مەن ئۇنىڭ تال-تال قورۇقلار بىلەن تولغان يۇملاق يۈزىگە، ئولتۇرۇشقان نۇرسىز كۆزلىرىگە سىنچىلاپ قارىدىم. ئۇنىڭ رومىلى بىر چەتكە سۈرۈلۈپ، ئاق چېچى كۆرۈنۈپ قالغان ئىدى. قامىتى پۈكۈلۈپ، دۈمچىيىپ ماڭىدىغان مومامنى كىتابلاردا تەسۋىرلەنگەن پەرىشتە مومايلارغا ئوخشاتقىلى بولمايتتى، لېكىن ئۇ مەن ئۈچۈن يەنىلا پەرىشتە، تەسۋىرسىز پەرىشتە ئىدى.

— نېمىگە هاڭۋېقىپ تۇرىسەن، بالام؟ ماڭ يۈزۈڭنى يۇيۇپ كەل، تاماق يەيلى.

مەن دەرهال ئېسىمنى يىغدىم، مومام بىلەن ئېرىق بويىغا باردۇق. ئۇ قولنى يۇيدى، مەن يۈزۈمنى يۇيدۇم. يۈزۈمگە سۇ تەگكەن هامان يېڭىچە بىر تۇيغۇ روهىمنى ئۇرغۇتتى، ئىچىمدىمۇ بىر ئېرىق سۇ شىرىلداپ ئېقىۋاتقاندەك شوخ هېسلارغا چۆمۈلدۈم.

پېشايۋاننىڭ بىر چېتىدە ئۈستى ئوچۇق ئاشخانا بار ئىدى. قازاننىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويۇلغان داستىخاندىن سۇس هور كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. مومام داستىخاننى ئېلىۋېتىپ تۇۋاقنى كۆتۈرۈشى بىلەن تەڭ، پولۇنىڭ مەزىلىك پۇرىقى تارقالدى. ئاشخانىچە مەن پېشايۋان ئاستىدىكى سۇپىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ بولغان ئىدىم. پولۇنىڭ هىدىنى ئېلىپلا نەپسىم تاقابىل تۇرالماي قېلىۋاتاتتىم. مومامۇ تېزلا ئاشنى لېگەنگە ئۇسۇپ، ئالدىمدىكى داستىخانغا قويدى. پولۇ بەكلا ئوخشىغان ئىدى، ئاشنىڭ قىزىلقىغا قارىماي تېز-تېز يېيىشكە باشلىدىم.

— ئاستىراق يېگىن، بالام. ئاغزىڭنى كۆيدۈرۈۋالىسەن،— دېدى مومام ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ.

مومامغا مۇنداقلا هىجىيىپ قويۇپ، يەنىلا ئىشتىها بىلەن يېيىشكە باشلىدىم. تۇرۇپلا ئابدۇخېلىل ئېسىمگە كېلىپ قالدى-دە، گېلىم غىققىدە بوغۇلدى. ئۇ هازىر نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ؟ ئاپىسى ئۇنىڭغىمۇ مۇشۇنداق ئوخشىتىپ پولۇ ئېتىپ بەرگەنمىدۇ؟ ياكى سەهەردىلا قوي باققىلى چىقىپ كېتىپ، هازىرغىچە ئاچ قورساق يۈرەمدىغاندۇ؟ ئۇ مېنىڭ هەقىقىي ياخشى دوستۇم ئىدى، مۇشۇنداق چاغدىمۇ بىرگە بولالىغان بولساق-هە؟

مومام مېنىڭ تۇيۇقسىز توختاپ قالغانلىقىمدىن باشقىچە ئويغا كېلىپ قالغان بولسا كېرەك، سەل ئوڭايسىزلانغاندەك لېگەننى مەن تەرەپكە سۈردى.

— ساڭا مەستلىكىم كېلىپ شۇنداق دەپ قويغان، بالام. بولدى يەۋەرگىنە.

— گېلىمدىن ئۆتمىدى، موما.

— نېمىشقا؟

— ئابدۇخېلىل... ئابدۇخېلىلنى ئويلاپ، بىز بەك يېقىن دوست ئىدۇق.

— ۋاي خۇدايىم، مەن تېخى... ئۇنى چاقىرغىن ئەمىسە.

— قوي باققىلى كەتتىمىكىن.

— كەلدىغۇ دەيمەن، بايا توقاي تەرەپتىن مال هەيدەپ ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلغان.

مومامنىڭ سۆزلىرىدىن خوشال بولۇپ، نېمە قىلارىمنى بىلەلمەيلا قالدىم.

— راست چاقىرامدىم موما؟

— چاقىر دېدىمغۇ، ماۋۇ بالىنى قاراڭ...

ئورنۇمدىن شۇنداق تېز تۇردۇم-دە، سىرتقا قاراپ يۈگۈردۈم. قەلبىمدە ئېيتقۇسىز بىر خۇشاللىق مەۋج ئۇراتتى. ئابدۇخېلىلنىڭ ئۆيىگىمۇ تېزلا يېتىپ كەلدىم. هويلا ئىچى جىمجىت ئىدى. ئارقىغا ئۆتۈۋىدىم، ئۇ قوي قوتىنىنىڭ شادىسىنى ئوڭشىغىلى تۇرۇپتۇ. مېنى كۆرۈپ ئۇمۇ خۇش بولۇپ كەتتى.

— هېلى ئىزدەي دەپ تۇرغان، ئۆزۈڭ كەپسەن. ياخشى تۇردۇڭمۇ؟

— هەئە، ئۆزۈڭچۇ؟ داداڭ، ئاپاڭلار يۈزۈڭنى كۆردىمۇ؟

— كۆردى، لېكىن يالغان سۆزلىدىم. مەكتەپتە ئىشلەۋېتىپ يىقىلىپ چۈشتۈم دېسەم ئۇلار ئىشەندى.

— موماممۇ سېزىپ قالغان ئىدى، مەنمۇ يالغان گەپ قىلدىم.

— ئىككىلىمىز يالغانچى بوپتىمىز-هە؟

— شۇنداق، ئۆيۈڭدىكىلەر يوقما؟

— بازارغا كەتتى.

— ياخشى بوپتۇ، ئەمىسە يۈرە بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى، مومام سېنى چاقىرتقان.

— ساڭا ئىشەنمەي مەندىن سورامدىكەن؟

— يافەي، تاماق يېسۇن دەپ. لېكىن مەكتەپتىكى ئىشنى دەپ سالما جۇمۇ.

— دېمەيمەن، خاتىرجەم بول.

ئابدۇخېلىل ئىشكلىرىنى تاقاپ، مەن بىلەن ماڭدى. مومام لېگەنگە يەنە جىقلاپ ئاش ئۇسۇپ ئەكەلدى، بىز خۇشال-خۇرام تاماق يېيىشكە باشلىدۇق. يېنىمدا ئابدۇخېلىل بولغاچقا، تاماق تېخىمۇ هوزۇرلۇق

ۋە تېتىملىق بىلىندى. تاماقتىن كېيىن موماممۇ بازارغا جابدۇندى. بۇگۈن ھەپتىدە بىر بولىدىغان يەكشەنبە بازار ئىدى. ھەممە ئادەم دېگۈدەك يېزا مەركىزىگە يىغىلاتتى. بۇ كۈنى بىزمۇ ئارام ئالاتتۇق.

— مەن ئابدۇخېلىل بىلەن ئۆيدە ئويناپ تۇراي، موما،— دېدىم ئەركىلەپ. مېنىڭ بازارغا بارسىمەن دەپ ئابدۇخېلىلدىن ئايرىلىپ قالغۇم يوق ئىدى.

— ماقۇل،— دېدى موماممۇ قوشۇلۇپ،— ئىشكنى ئوچۇق قويۇپ بىر يەرگە كەتمەڭلار ئەمىسە.

— كەتمەيمىز، ھويلىدا ئوينايمىز.

مومام بازارغا كەتتى. ئاپتاپ تېخىمۇ كۆچىيىۋاتاتتى. قاپاق تېرەكتىكى قۇشلارمۇ ئەمدى جىمىپ قالغان ئىدى. ئۆينىڭ نېرىسىدىكى بۇغداي ئېتىزلىرىدىن بۆدۈنىلەرنىڭ ۋىتۋالاقلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

— باغقا كىرەيلىمۇ؟— دېدىم ئابدۇخېلىلغا.

— كىرمەيلىچۇ،— دېدى ئابدۇخېلىل،— كىرسەك غورا يەپ سالىمىز، ھېلىقى كۈنى غورا يەپ چىشىم قاماپ قېلىپ، ساق ئۈچ كۈن بىر نەرسە چاينىيالمىدىم. غەلىتە مىجەزىم بار مېنىڭ.

— ئەمىسە نېمە ئىش قىلىمىز؟

— بالىخانىغا چىقايلى.

— ماقۇل.

بىز شۇتا بىلەن بالىخانىغا چىقتۇق. كۆز ئالدىمىزدا يېشىل بوستانلىق بىلەن كۆپكۆك ئاسمان گىرەلىشىپ كەتكەن ئاجايىپ بىر مەنزىرە نامايان بولدى. سەلكىن شامال يۈزىمىزنى سۆيۈپ ئۆتۈپ كەتتى. بالىخانىغا كىرىپ ھېلىقى كونا پاختىنىڭ ئۈستىدە ياتتۇق. پاختىدىن توزۇغان ئاچچىق توپا بۇرنىمىزنى ئېچىشتۇردى، لېكىن بىز پەرۋا قىلمىدۇق. خۇشاللىقىمىز ئالدىدا بۇنچىلىك ئىش ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى.

— ئادەم نېمىشقا دائىم خۇشال يۈرگىلى بولمايدىغاندۇ؟— دېدىم كۆپكۆك ئاسمانغا نەزەر سېلىۋېتىپ.

ئابدۇخېلىل ماڭا بۇرالدى.

— مەنمۇ بىلمەيمەن، تۈنۈگۈنكى ئىشلارنى ئويلاۋاتامسەن؟

— ئويلاپقۇ كەتمىدىم، لېكىن كاللامغا شۇنداق بىر خىيال كىرىۋالدى.

— بۇنى بىز بىلمەيمىز، موماڭ بىلەرمىكىن، ئۇنىڭدىن سوراپ باقمىدىڭمۇ؟

— ياق.

ئارىنى يەنە جىمجىتلىق باستى. تۈنۈگۈنكى ئىشلار يادىمغا يېتىۋىدى، كۆڭلۈمنى غەشلىك قاپلىدى. ئەسلىدە مەكتەپ مەن ئۈچۈن قىزغىنلىق ۋە خۇشاللىققا تولغان ماكان ئىدى. رەيھان مۇئەللىم سىنىپ ئالمىشىش بىلەن تەڭ ھەممە نەرسە ئۆزگەردى، پېشكەللىك ئارقا-ئارقىدىن يۈز بەردى، ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىدىم، تاياق يېدىم. باشقا ئىشلار ئۆزۈمنىڭ شورى دېسەممۇ، ھېلىقى ئۈچىنىڭ مەن بىلەن بىر سىنىپتىكى ساۋاقداش تۇرۇپ، ماڭا تۇزاق قۇرۇشى زادىلا كاللامدىن ئۆتمىدى، ھار كەلدى. ئۇلارغا ھېچ يامانلىق قىلمىغان تۇرسام. ئۇلار ئەمەس، پۈتۈن مەكتەپ ئىچىدىمۇ مەندىن يامانلىق كۆرگەن بىرسى يوق. مەن زادى نېمىنى خاتا قىلدىم؟! مەكتەپ... مەكتەپ... مەن مەكتەپكە ئامراق ئىدىم، لېكىن...

ئويلىغانسېرى ئىچىم ئاچچىققا تولدى. تۇرۇپلا رەيھان مۇئەللىم كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى. ئۇنىڭ دائىم كۈلۈپلا تۇرىدىغان ئىللىق چىرايى ئاپامغا بەكلا ئوخشايتتى. رەيھان مۇئەللىم ھەقىقەتەن ياخشى خانىم، بىراق... ئۇ سىنىپ ئالمىشىپلا نېمىشقا مەن بىلەن كارى بولمايدۇ؟!

كۆڭلۈمدە مەكتەپ بارا-بارا مەندىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقاندەك، ياكى مەن مەكتەپتىن يىراقلىشىپ قالغاندەك بىر خىل تۇيغۇ باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى.

— ئۇخلاپ قالدىڭما؟

كۆزۈمنى ئاچتىم. ئابدۇخېلىل ماڭا قاراپ تۇراتتى.

— ياق، خىيال سۈرۈۋاتىمەن.

— بولدى، ئۇنداق كۆپ خىيال قىلما، بىكار غەم يۇتۇۋالىسەن.

— جىمجىت ئولتۇرساق غەم باسىدىكەن شۇ.

— ئەمىسە پەسكە چۈشۈپ باشقا ئىش قىلايلى.

بىز ئورنىمىزدىن تۇردۇق، ئابدۇخېلىل مومامنىڭ يىپ ئېگىرىدىغان كونا چاقنى كۆرگۈسى كېلىپ ئۇنىڭ يېنىغا باردى. چاقنىڭ تاناپلىرى ئاللىقاچان ئۈزۈلۈپ، پالاقلىرى بوشاپ قالغان ئىدى. زاماندىن قالغان بۇ چاقنىڭ ئۈستىنى توپا بېسىپ، ھالى خاراب ئىدى. ئابدۇخېلىل چاقنى شۇنداقلا تارتىۋىدى، ئۇنىڭ ئاستىدىن بىر مېكىيان قاقاقلىغانچە ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى. بىز دىققەتسىز تۇرغاچقا بەكلا قورقۇپ كەتتۇق، يۈرىكىم تىقىلىپ، پۇت-قولۇمدا جان قالمىدى. ئۆزىنى خېلى سالماق تۇتىدىغان ئابدۇخېلىلنىڭمۇ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ئىدى. بىز بىر ھازادىن كېيىن ئاران ئېسىمىزگە كەلدۇق.

— بۇ يەردە ئۇنىڭ ئۇۋىسى بار ئىكەن،— دېدى ئابدۇخېلىل چاقنىڭ ئاستىدىكى كىچىككىنە كامارنى كۆرسىتىپ. قارىسام ئۇ يەردە ئوندىن ئارتۇق تۇخۇم بار ئىكەن. تۇخۇمنى كۆرۈپ بايىقى قورقۇنچلارنىمۇ

ئۇنتۇپ كەتتۇق. بىزگە ئەمدى تۇخۇمنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى ئىش چىققان ئىدى. مەن تۇخۇمنى بىر-بىرلەپ شەپكەمگە ئېلىۋىدىم، لىققىدە كەلدى. بىز تۇيۇقسىز ئولجىغا ئېرىشكەندەك خۇشاللىققا چۆمدۇق. قارىغاندا بۇ يەردە تۇخۇنىڭ ئۇۋىسى بارلىقنى موماموۇ بىلمەيدىغاندەك قىلاتتى. بولمىسا تۇخۇم بۇنچىلىك يىغىلىپ قالماستى.

— بۇنى پىشۇرۇپ يەمدۇق؟ — دېدىم ئابدۇخېلىلغا.

— يەپ بولالمايمىز، ياخشىسى ساتقىنىمىز تۈزۈك.

— بازارغا بارامدۇق؟

— ياق، كەنت قورۇسىنىڭ يېنىدىكى كۆكتاتچىغا ساتايلى.

— ئۇ ئالارمۇ؟

— ئالىدۇ.

ئىشكنى ئالمان-تالمان قۇلۇپلاپلا، كۆكتاتچىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدۇق. مەن يولدا بۇ تۇخۇملارنىڭ قانچە پۇلغا يارايدىغانلىقى توغرىسىدىمۇ ھېسابلاپ چىقتىم. بىز يېتىپ بارغاندا ئۇ ئىككى ئىشلەمچىسى بىلەن كۆكتاتلىقدا ئىشلەۋاتقان ئىكەن. ئابدۇخېلىل ئۇنى كۆرۈپ قىردا تۇرۇپلا ۋارقىرىدى:

— تۇخۇم ئالامدۇ، تۇخۇم؟!

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ بىزگە قارىدى، مەن قولۇمدىكى شەپكىنى ئېگىز كۆتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى ۋە كۆكتاتلىرىنى ئارىلاپ مېڭىپ ئالدىمىزغا كەلدى.

— نەچچە تۇخۇم، بالا؟

مەن شەپكىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدۇم. ئۇ بىر تال تۇخۇمنى ئېلىپ چايقاپ باقتى، ئىككى ئالقىنىنىڭ ئوتتۇرىغا ئېلىپ كۈنگە تۇتۇپ قارىدى.

— بۇ تۇخۇم چاتاق.

ئۇ ھەممە تۇخۇملارنى بايىقى ئۇسۇلدا سىناپ كۆرگەندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇردى:

— ھەممە تۇخۇم چاتاق، بولمايدۇ.

بىز ھاڭۋېقىپلا قالدۇق، ئۇ تۇخۇملارنىڭ ئىچىگە كىرىپ چىققاندەك ھەممىلا تۇخۇمنى چاتاق دېدىغۇ، بىزنى ئالدىماقچى بولۇۋاتامدۇ-يا؟

ئۇ خىيالىمنى بىلىپ قالغاندەك بىر تال تۇخۇمنى ئېلىپ يەرگە تاشلىدى. تۇخۇم چېقىلىپ ئەتراپنى سېسىق پۇراق قاپلىدى.

— مانا كۆردىڭمۇ؟

بىز كۆزلىرىمىزنى پارقىراتقىنىمىزچە قاراپ قېلىشتۇق، بايىقى خۇشاللىقىمىزمۇ يوقىلا چىققان ئىدى. سالپايغانچە سېسىق تۇخۇمنى كۆتۈرۈپ ئارقىمىزغا قايتتۇق.

— بولدى تاشلىۋەت، — دېدى ئابدۇخېلىل يولدا كېلىۋېتىپ، — كونىراپ قالغان تۇخۇم ئوخشايدۇ.

مەن كۆزۈم قىيمىغان ھالدا تۇخۇملارنى يول بويىدىكى ئورمانلىققا تاشلىۋەتتىم. بايىقى كۆكتاتچىنىڭ تۇخۇم تەكشۈرۈشى ماڭا تولىمۇ قىزىقارلىق ۋە ئۆزگىچە بىلىندى.

— مەنمۇ ئۆگىنىۋالدىم، — دېدىم ئۆز-ئۆزۈمگە سۆزلىگەندەك. ئابدۇخېلىل توختاپ ماڭا قارىدى.

— نېمىنى ئۆگىنىۋالدىڭ؟

— تۇخۇم ئايرىشنى. ئەمدى ساق تۇخۇم بىلەن سېسىق تۇخۇمنى بىلەلەيدىغان بولدۇم.

— قانداق بىلىسەن؟

— قولۇمغا ئېلىپ چايقايمەن، كۈنگە تۇتۇپ قارايمەن.

— ئىككىسىنىڭ پەرقى قانداق بولىدىكەن؟

مەن تۇرۇپ قالدىم. راست، چايقاپ، كۈنگە تۇتۇش بىلەنلا بولمايدىكەن. ياكى تۇخۇم «مەن ساق، مەن سېسىق» دەپ زۇۋان سۈرەلمىسە. ھەقىقى ھۈنەرنى يەنىلا ئۆگىنەلمەپتىمەن. ئابدۇخېلىل مېنىڭ ئەپتىمگە قاراپ كۈلۈپ كەتتى.

— قانداق، ھۈنىرىڭ چالىمىكەن؟

— چالىكەن.

— بولدى، ئەمدى ئۇ تۇخۇملىرىڭنى ئۇنتۇپ كەت.

— ھەممىسى سېنىڭ ئىشىڭ، — دېدىم ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ، — چاقنى كۆتۈرمىگەن بولساڭ تۇخۇمنىڭ بارلىقنى بىلمەيتتۇق، ساتايلى دېمىگەن بولساڭ بۇ يەرگىمۇ كەلمەيتتۇق.

— پۇشايمان قىلىۋاتامسەن ؟

— ياق، چاقچاق قىلىپ قويدۇم. سەن بىلەن ماڭغان يولۇمغا ھەرگىز پۇشايمان قىلمايمەن.

— ئەمسە ئارقامدىن مېڭىۋەر.

— نەگە بارىمىز؟

— توقايغا، قىرغاۋۇل تۇخۇمى ئىزدەيمىز.

— يەنە شۇ سېسىق تۇخۇم تاپارمىز؟

— چايقايمىز، كۈنگە تۇتۇپ قارايمىز.

ئۇ شۇنى دەپلا ھەييارلىق بىلەن كۆزنى قىسىپ قويدى. مەن كۈلۈۋەتتىم.

4

ئابدۇسالام مۇئەللىم سىنىپقا كىرىشى بىلەن تەڭ بەدەنلىرىم تىكەنلىشىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنىلا شۇنچىلىك سوغۇق ئىدى. ئۇ بىرىنچى بولۇپ

ماڭا دىققەت قىلدى، بەلكىم مەكتەپكە كەلدىمۇ، كەلمىدىمۇ دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك. ئۇ دوسكىغا خەت يېزىۋاتقاندا مىختەك قادىلىپ ئولتۇردۇم. بىراق پىكرىم چېچىلغان، كاللامغا ھېچنېمە چۈشمەيدۇ. تۇرۇپ ئۆزۈمدىن ئەنسىرەپ قالىمەن، ئەقلىمدىن ئادىشىپ، ساراڭ بولۇپ قېلىشتىن قورقىمەن. ھېچنېمىنى ئويلىماي دەرسكە كۆڭۈل قوياي دەيمەن، مۇمكىن بولمايدۇ. ئاجايىپ خىياللار تەرەپ-تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ، مېنى تىتما كاتاڭ قىلىۋېتىدۇ. ئويغاق ئولتۇرۇپ چۈش كۆرۈۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىمەن. مۇئەللىم تۇيۇقسىز دوسكىغا چىقىرىپ قالارمۇ دەپ يۈرىكىم سۇ.

يازلىق تەتىلگە يېقىنلاشقانسېرى دەرسمۇ جىددىيلىشىشكە باشلىدى، سەھەر كېلىپ كەچ قايتىمىز. تەنەپپۇسقىمۇ ناھايىتى ئاز چىقىمىز، سائەت-سائەتلەپ تەكرار قىلىش بىلەن ئالدىراش. چۈنكى بۇ بىر يىللىق ئوقۇشنىڭ نەتىجىسى چىقىدىغان چاغ، ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نەتىجىسىنى باھالايدىغان ھالقىلىق پەيت ئىدى. شۇڭىمۇ ئابدۇسالام مۇئەللىم بىزنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇشقا باشلىدى. گەپ-سۆزلىرىمۇ ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە قوپال، ھەتتا قىز ئوقۇغۇچىلارنىمۇ ئاياپ قويمايدۇ. مەن ئابدۇخېلىلنىڭ ياردىمى، ئىلھام بېرىشى بىلەن كاللامنى ئازراق سەگىتتىم، نېرۋىلىرىم تەرتىپكە چۈشتى. ئاخشىمى قارا چىراغ يورۇقىدا كاككۇكنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالغاچ، خېلى بىر كەمگىچە دەرس تەكرار قىلىمەن.

ئىمتىھانمۇ ئاخىرى باشلاندى. بىزنىڭ سىنىپقا ئابدۇسالام مۇئەللىم ئۆزى مەسئۇل بولدى. سوئال تارقىتىلغاندىن كېيىن، ھەممىمىز جىددىي ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتۇق. قارىسام سوئاللار ئانچە تەس ئەمەسكەن، ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ بىر باشتىن جاۋاب يېزىشقا باشلىدىم. بىر چاغدا تۇيۇقسىز بېشىم قايغاندەك بولدى، كۆزۈمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، سىنىپ ئىچى ئەلەڭ-سەلەڭ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئابدۇسالام مۇئەللىمنىڭ بويىمۇ سوزۇلۇپ، بارغانچە ئۇزىراپ قالغاندەك بىلىندى. كېيىن ئۆزۈمنى چوڭقۇر بىر يەرگە چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم.

كۆزۈمنى ئاچسام مۇدىر ئىشخانىسىدىكى كرېسلودا يېتىپتىمەن. بېشىمدا مۇدىر، ئابدۇسالام مۇئەللىم، رەيھان مۇئەللىم ۋە يەنە بىر نەچچە ئوقۇغۇچى قارىشىپ تۇرۇپتۇ. رەيھان مۇئەللىمنىڭ قولىدا بىر پىيالە چاي بار ئىدى.

— نېمە بولدۇڭ، سابىر؟— دېدى مۇدىر.

مەن پەقەت ئىمتىھان قەغىزىگە جاۋاب يېزىۋاتقان ھالىتىمنىلا ئەسلىيەلىدىم. بېشىم يەنىلا ئاغرىپ تۇراتتى، خۇددى يىراق بىر جايغا بېرىپ كەلگەندەك ھارغىن ئىدىم.

— بىلمەيمەن، بېشىم...

رەيھان مۇئەللىم بېشىمنى يۆلەپ، چايدىن بىر ئوتلام ئىچۈردى.

— بەك جىددىيلىشىپ كەتكەن ئوخشىمامسىز؟

— ياق،— دېدىم بېشىمنى چايقاپ، لېكىن كۆزۈمدىن غىللىدە ياش چىقىپ كەتتى. رەيھان مۇئەللىمنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بۇزۇلدىمۇ، ياكى ئۆزۈمچە يىغلىغۇم كېلىپ قالدىمۇ بىلمەيمەن، ئىسسىق ياش مەڭزىمنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى.

— يىغلىماڭ، ياخشى بوپ كېتىسىز.

رەيھان مۇئەللىم يۇمشاق قول ياغلىقى بىلەن يېشىمنى سۈرتتى. مەن ئورنۇمدىن تۇرماقچى بولدۇم، بىراق پۇتۇمدا ماغدۇر يوق، يەنە لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدىم.

— بولدى قوزغالماڭ،— دېدى رەيھان مۇئەللىم،— ئۆيىڭىزگە ئادەم ئەۋەتتۇق، دادىڭىز كېلىپ سىزنى دوختۇرغا كۆرسىتىپ باقسۇن. ئاڭغىچە مۇشۇ يەردە ئارام ئېلىپ تۇرۇڭ.

رەيھان مۇئەللىم سىرتقا ماڭدى، باشقا ئوقۇغۇچىلارمۇ چىقىپ كېتىشتى. ھازىر ھەممە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىراش ۋاقتى ئىدى. شۇ چاغدا ئابدۇسالام مۇئەللىمنىڭ يانداش كېتىۋاتقان مۇدىرغا دېگەن گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى:

— ئۇ ئىمتىھاندىن قورقۇپ، قەستەن شۇنداق بولۇۋالدىمىكىن دەيمەن.

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟

— ئىشى تولا يېتىم بۇ.

ئۇلار يىراقلاپ كېتىشتى، قالغان گەپلىرىنى ئاڭلىيالمىدىم. شۇ ھامان بېشىم يەنە قايغاندەك بولدى. ئابدۇسالام مۇئەللىمنى ماڭا ئۇ دەرىجىدە ئۆچ بولۇپ كەتكەندۇ دەپ ئويلىمىغان ئىدىم. مۇشۇ ھالەتتە ياتساممۇ ماڭا ئىچ ئاغرىتماقتا يوق، مۇدىرغا يامان كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن شۇنداق سەسكىنىپ كەتتىم. ئۇنىڭ قەلبى چىرايىدىنمۇ بەكرەك قارىداپ كەتكەن ئادەم ئىكەن ئەمەسمۇ.

دەرستىن چۈشۈشكە ئاز قالغاندا، دادام ئېشەك ھارۋىسى بىلەن مەكتەپ ئىچىگە كىرىپ كەلدى. ئۇ ئېتىزدىنلا ئالدىراپ كەلگەن بولسا كېرەك، ئۇستىبېشىدىكى لاي، توپا-چاڭلارنىمۇ قېقىشقا ئۈلگۈرمىگەن ئىدى. كۆرمىگىلى نەچچە ئاي بولغاچقىمۇ، ئۇ يېنىمغا كېلىشىگە بويىنىغا گىرە سېلىپ يىغلاپ كەتتىم. ئۇمۇ ئۆزىنى تۇتالماي قالدى. ئۇنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن

مەڭزىدىن ئۆتنىڭ تەپتى كېلەتتى، باغرىمنى شۇنچە ئىللىق ئىدى.

— يىغلىما ئوغلۇم، مەن كەلدىم.

ئەمەلىيەتتە دادامنىڭ كۆز- ياشلىرىنى توختىتالماي قىلىۋاتاتتى. ئۇ مېنى كۆتۈرۈپ ھارۋىغا سالدى. مېنىڭ ئەھۋالىمدىن كېچىككېرەك خەۋەر تاپقان ئابدۇخېلىل ھارۋا يېنىغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

— نېمە بولدۇڭ، ئاداش؟ — دېدى ئاغزىنى ئۇمچەيتىپ.

— بىلمەيمەن، تۇيۇقسىز بېشىم قېيىپ يىقىلىپ قالدىم.

ئۇنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلغان ئىدى، قولۇمنى چىڭ قىسىپ مەن بىلەن خوشلاشتى.

— ياخشى بوپ كېتىسەن، غەم قىلمىغىن، ئىمتىھان تۈگىسىلا سېنى يوقلاپ بارىمەن، خوش!

— خوش !

بىزنى پەقەت نېرىدا قاراپ تۇرغان بىر توپ ئوقۇغۇچىلار، رەيھان مۇئەللىم، ئابدۇخېلىللارلا ئۇزىتىپ قالدى. مۇدىرنىڭ ئىشى چىقىپ قالدىمۇ، ياكى ئابدۇسالام مۇئەللىمنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ پەرۋا قىلمىدىمۇ، بىز تا مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپ بولغىچە قارىسىنى كۆرسەتمىدى.

كەچتە بىر ئائىلە كىشىلىرى جەم بولدۇق، يازنىڭ تازا ئالدىراش مەزگىلى بولغاچقا، دادام- ئاپاملار ھارغىن كۆرۈنەتتى، لېكىن يەنىلا خۇشال ئىدى. ئىككى ئۇكامنىڭ كۈلكە- پاراڭلىرى ئۆي ئىچىنى چاڭ كەلتۈرەتتى، توك چىراغنىڭ يورۇقىدا ھەممە نەرسە كۈلۈۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئىختىيارسىز غۇۋا چىراغ يورۇقىدىكى جىمجىتلىق، تۈگىمەس خىيال، كاككۇكنىڭ ئاۋازىنى ئەسلەپ قالدىم. مۇشۇ تاپتا مومام نېمە ئىش قىلىۋاتىدىكىن، مېنى يەنە قېچىپ كېتىپتۇ دەپ ئويلاپ، قاراڭغۇ ئۆيدە غەمگە پېتىپ ئولتۇرامدىغاندۇ؟!

— بالام تاماق يېگىن.

ئاپام ئوخشىتىپ ئەتكەن بىر تەخسە لەڭمەننى ئالدىمغا قويدى. شۇندىلا قورسىقىمنىڭ بەكلا ئېچىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بەش جان ئادەم بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ خۇشال- خۇرام تاماق يېيىشتۇق. مەن تاماق يەۋېتىپ ئاپامغا سىنچىلاپ قارىدىم. ئۇنىڭ چېكىسىگە چۈشكەن تېڭىۋالغان قىزغۇچ ياغلىقى ئوتقاشتەك چاقناپ جۇلالىنىپ تۇراتتى، كۆزلىرى نۇرلۇق، يۇملاق كەلگەن گۆشلۈك مەڭزى ئالمىدەك سۇزۇك. ئۇ بەك چىرايلىق ئىدى، يەنە كېلىپ مومامغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى.

ئەتىسى دادام مېنى ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق مەندە ئېغىر دەرىجىدە قان ئازلىق كېسىلى بارلىقى ئېنىقلاندى. بىر ھەپتە ياتاقتا يېتىپ داۋالاندىم، مەن داۋالىنىۋاتقاندا مومام يوقلاپ كەلدى، ئۇ مېنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىمنى بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇقۇپتۇ، كىرىپلا يۈزلىرىمگە سۆيۈپ يىغلاپ كەتتى. گەپلىرىدىن قارىغاندا مېنىڭ مۇشۇنداق بولۇپ قېلىشىمدا، ئۇ ئۆزىنى ئەيىبلىك ھېسابلاپ قالغاندەك قىلاتتى.

بىر ھەپتە ئىچىدە دوختۇرخانىدىن بەكلا زېرىكتىم. ياتاق، كارىدورلارنىڭ ھەممىلا يېرىدىن دورىنىڭ ھىدى كېلىپ ئادەمنى بىئارام قىلاتتى. نەگىلا قارىسا كېسەل، خۇددى ئالەم كېسەللەر بىلەن تولۇپ كەتكەندەك. ئاخشاملىرى تىنچىقنىڭ دەستىدىن ئۇخلىغىلى بولمايدۇ.

ئاخىرى بىر ھەپتىدىن كېيىن دوختۇرخانىدىن چىقتىم. بۇنىڭدىن ئارتۇق داۋالىنىشقا دادامنىڭ ئىقتىساد ئەھۋالى يار بەرمەيتتى، يەنە كېلىپ مەنمۇ دوختۇرخانىدىن شۇنداق بىزار بولغان ئىدىم. دوختۇرخانىدىن چىقىپ ساپ ھاۋادىن راھەتلىنىپ نەپەس ئالدىم. يول بويى باغلاردىكى ئۆرۈكلەر سارغىيىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلارغا قاراپ ئاغزىمغا سېرىق سۇ كەلدى. مومامنىڭ بېغىنى شۇنداق سېغىندىم. بالىخانىغا چىقىپ ئابدۇخېلىل بىلەن ئۆرۈك يەپ ئولتۇرساق نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك- ھە؟ تۇرۇپلا ھېلىقى كۈندىكى تۇخۇم ساتقىلى بارغان ئىشلار يادىمغا يېتىپ، ئۆزۈمنى تۇتالماي كۈلۈۋەتتىم.

ئۆيدە نەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن، مومام كېلىپ مېنى ئېلىپ كەتتى. مەن بارغان كۈنىلا ئابدۇخېلىلنى ئىزدىدىم. ئۇ سەل مەيۈستەك كۆرۈنەتتى، بىر كۆزى كۆك.

— كۆزۈڭگە نېمە بولدى؟

— دادام ئۇردى، — دېدى ئۇ ئۇلۇغ- كىچىك تىنىپ قويۇپ.

مېنىڭ يەنە سورىغۇم كەلمىدى، بەربىر كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ئىش. بەلكىم ئۇ بىرەر ئىشنى خاتا قىلغاندۇ، ياكى دادىسىنىڭ شۇنداق بىر ئۇرغۇسى كېلىپ قالغاندۇ. مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇ رەھىمسىز ئۆگەي دادا ئابدۇخېلىلنى ئۇرۇشقا ئادەتلىنىپ قالغاندەكلا بىلىنەتتى.

بىز باغقا كىردۇق. ئۆرۈكلەر مەي باغلاپ پىشىپ كەتكەن ئىدى. مېۋىلەردىن تارالغان خۇش پۇراق دىماغلارغا ئۇرۇلاتتى. ئۆرۈكلەرگە قارىغان ئادەمنىڭ يېمەي تۇرۇپلا كۆزى تويۇپ قالاتتى. بىز باغ ئارىلاپ، ئۇنىڭدىن بىر تال، بۇنىڭدىن بىر تال يەپ يۈرۈپ بىردەمدە قورسىقىمىز تويۇپ كەتتى. باغ ئىچى ھاۋالىق، سالقىن ئىدى. بىز باغدىكى يۇمشاق چۆپ

ئۇستىدە ياتتۇق.

— سىنىڭدىن ئايرىلغۇم يوق ئىدى، — دېدى ئابدۇخېلىل تۈيۇقسىز باش ـ ئاخىرى يوق بىر گەپنى قىلىپ، مەن ھەيران بولۇپ سورىدىم:

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— مەن كېتىمەن.

— نەگە كېتىسەن؟

— ئىشقىلىپ يىراق يەرگە، ئۆيدە تۇرغۇچىلىكىم قالمىدى، دادامغا ئۆچ بولۇپ كەتتىم.

بۇنى ئاڭلاپ بەكلا كۆڭلۇم يېرىم بولدى. ئابدۇخېلىل بولمىسا بۇ يەردىكى بارچە خۇشاللىق توگەپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭغا نېمە دەپ تەسەللى بېرىشنىمۇ بىلمەيتتىم. ئاخىرى قىيالماسلىق ئىلكىدە ئېغىز ئاچتىم:

— قاچان ماڭىسەن؟

— مۇشۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە، لېكىن بىرەرسىگە دەپ سالما.

— كىمگە دەيتتىم، بۇ يەردە سىنىڭدىن بۆلەك يېقىنىمدىن كىمىم بار ئىدى مېنىڭ.

بىردەمدە ھەممە يەرنى كۆڭۈلسىزلىك قاپلىغاندەك تۇيۇلۇپ، ئىچىم سىقىلدى. قارىسام ئۇنىڭ كۆز جىيەكلىرىدە ياش تامچىلىرى پارقىراپ قاپتۇ.

— راست كېتەمسەن؟

— راست بولمىسا ساڭا دەپ نېمە قىلاتتىم.

— ئىككىمىز بىرگە كېتەيلى.

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ قالدى. مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ تۇيۇقسىز بۇنداق قارارغا كېلىپ قالغانلىقىمدىن ھەيران ئىدىم.

— ياق، ياق... سەن ماڭساڭ بولمايدۇ، — ئۇ بىردىنلا جىددىيلىشىپ بېشىنى چايقىدى، — داداڭ بىلەن ئاپاڭ سېنى بەك ياخشى كۆرىدۇ، موماڭمۇ شۇنداق، ئۇلارنىڭ قارغىشىغا قېلىشنى خالىمايمەن.

— ھېلىقى چاغدا دېگەن گېپىم ئېسىڭدىمۇ؟ ساڭا ئەگىشىپ ماڭغان يولۇمدىن پۇشايمان قىلمايمەن. بىز بىرگە ماڭايلى ئاداش، مېنىڭمۇ جاھان كۆرگۈم بار.

ئابدۇخېلىل ئۈندىمىدى، ئۇ دېلىغۇل بولۇۋاتاتتى. مېنى ئوتتەك ئېلىپ ماڭغۇسى بولسىمۇ، ئۆيدىكىلەرنى ئازابقا قويۇشنى خالىمايۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

— باشقا ئىشلارنى ئويلىما، — دېدىم يەنە ئۇنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، — يا بىز مەڭگۈلۈك كەتمىسەك، ئايلىنىپ كېلىدىغان ئىشقۇ شۇ.

ئابدۇخېلىلنىڭ چىرايى سەل ئېچىلدى.

— مەيلى، بىرگە ماڭساق ماڭايلى.

ئۇنىڭ قوشۇلغانلىقىنى كۆرۈپ مەنمۇ خۇشال بولدۇم، كۆڭلۈممۇ ئېچىلىپ قالدى.

— ھە راست، پۇلنىڭ ئىشىنى قانداق قىلىمىز؟ — دېدىم ئەندىكىپ، ئۆيدىن چىققانىكەنمىز پۇل بولمىسا بولمايتتى.

— مېنىڭ يىغىپ قويغان ئازراق پۇلۇم بار، شۇنى ئىشلىتەيلى.

— ساڭىلا تايىنىۋالسام بولماس.

— سېنىڭ ـ مېنىڭ دېيىشىدىغانلاردىن ئەمەسقۇ بىز.

— شۇنداق بولسىمۇ...

— بولدى، ئەمدى تالاشمايلى. بىر نەچچە كۈنگىچە موماڭغا چاندۇرماي يۈرۈپ تۇرغىن.

— ماقۇل.

مەسلىھەت پىشقاندىن كېيىن، باغدا يەنە بىر ھازا ئايلىنىۋېتىپ قايتىپ چىقتۇق. تۈرۈپلا يەتتە مېڭەمدە يوق بىر ئىشقا بەل باغلاپ قالغىنىمدىن ئۆزۈممۇ ھەيران. يېڭى بىر مۇھىتقا بولغان قىزىقىشىم دادام، ئاپام، موماملارنىڭ ئىللىق باغرىدىن ئايرىلىشقا دەۋەت قىلماقتا، ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس.

نەچچە كۈنگىچە تەشۋىش ئىچىدە يۈردۈم. مومامنىڭ يېنىدا تۇرساممۇ خۇددى يامان ئىش قىلماقچى بولۇۋاتقاندەك ھودۇقۇپ كېتەتتىم. دادام، ئاپام، موماملارنى دېسەم ھېچيەرگە بارغۇم يوق، لېكىن ئابدۇخېلىل بىلەن «جاھان ئايلىنىش»نى ئويلىسام ھەممىنى ئۇنتۇيمەن. ئىشلىرىمنى توغرىلىققا تارتىمەن، «ئايلىنىپلا كېلىمىزغۇ» دەپ ئۆزۈمنى بەزلەيمەن. ئەڭ ئاخىرقى كۈنى مومامنىڭ پۇل تىقىپ قويغان يېرىدىن يىگىرمە يۈەن پۇلنى ئېلىۋالدىم. بۇ تۇنجى قېتىم ئۇنىڭدىن سورىماي پۇل ئېلىۋېلىشىم ئىدى. بەلكىم مومام بۇنىڭغا ئانچە خاپىمۇ بولۇپ كەتمەس، ئۇ دائىم «بالام، قىلغانلىرىمنىڭ ھەممىسى سەن ئۈچۈن، كېيىنچە بۇ ئۆي ـ ماكانمۇ ساڭا قالىدۇ» دەيدىغان.

ئەتىسى ئابدۇخېلىل بىلەن ئۇچرىشىپ، ماشىنا توسۇش ئۈچۈن چوڭ قاتناش يولىغا قاراپ ماڭدۇق. تاشيول يەنە ئىككى كەنت نېرىدا ئىدى. يول ئۈستىدە كۆپ گەپ قىلىشمىدۇق، ئىككىلىمىز جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتۇق، مۇشۇكتىن قاچقان چاشقاندەك ئەتراپىمىزغا ئالاق ـ جالاق بولۇپ قارايتتۇق، چوڭلار قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك كۆزىمىز ئارقىمىزدا ئىدى.

تاشيولغا چىققاندا ھاسراپ ـ ھۆمىدەپ ھېچ ھالىمىز قالمىغان ئىدى. بىردەم ئولتۇرۇپ ئارامىمىزنى ئالدۇق. يولدىن يۈك ماشىنىلىرى ئاندا ـ ساندا ئۆتۈپ تۇراتتى. بىر ـ ئىككىسىنى توسۇۋىدۇق توختىمىدى،

ئۈچىنچى قېتىم كەلگەن چوڭراق بىر يۈك ماشىنىسى روبىرويىمىزدىن ئۆتۈپرەك توختىدى. بىز ھاياجان ئىچىدە ماشىنىنىڭ يېنىغا باردۇق.

— ھە باللا، نەگە بارىسىلە؟— قارامتۇل، سېمىز كەلگەن شوپۇر كابىنكىدىن بېشىنى چىقىرىپ ۋارقىرىدى.

— ئۈرۈمچىگە،— دېدى ئابدۇخېلىل سەل قىزىرىپىراق.

شوپۇر بېشىنى تېخىمۇ بەكرەك چىقىرىپ بىزگە نەزەر تاشلىدى.

— ئۆيدىن قېچىپ ماڭغان ئوخشىمامسىلە؟

— ياق،— دېدى ئابدۇخېلىل، مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ سالماقلىقى مۇھىم رول ئويناپ قالدى،— بىز يېتىم بالا، بۇ مېنىڭ ئىنىم، ئۈرۈمچىدىكى تۇغقانلارنى ئىزدەپ ماڭغان ئىدۇق.

— پۇلۇڭلار بارمۇ؟

— ئازراق بار.

— بىرىڭلار ئوتتۇز يۈەندىن تۆلەيسىلەر، قانداق؟

— ماڭا قاراڭ جېنىم ئاكا، دېدىمغۇ بىز يېتىم، رەھىم قىلىپ ئازراق ئالسىڭىز.

شوپۇر سەل ئويلىنىۋېلىپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— بوپتۇ، ئىككىڭلار ئەللىك يۈەن بېرىڭلار، ئۇنىڭدىن كەم بولسا سالمايمەن.

— بولىدۇ، بېرەيلى.

شوپۇر ئىشىكنى ئاچتى. ئالدىدا ئابدۇخېلىل چىقتى، ئارقىدىن مەن چىقتىم. ماشىنا قوزغالغاندىن كېيىن، بىز خۇشاللىقىمىزدا قىن-قىنىمىزغا پاتماي قېلىشتۇق. مەن ماشىنا دېرىزىسىدىن ئىككى ياندىكى غۇرقىراپ ئارقىمىزدا قېلىۋاتقان ئورمانلارغا، ئېتىزلارغا تويماي قارايتتىم.

شۇنداق قىلىپ بىز پەقەت ئىسمىنىلا ئاڭلىغان، رىۋايەتلەردىكى غايىۋى شەھەرلەرگە ئوخشايدىغان ئۇ ناتونۇش شەھەرگە بولغان تەۋەككۈل سەپىرىمىزنى باشلىۋەتتۇق.

## 5

ئىككى كۈنلۈك سەپەردە نۇرغۇن مەھەللە-بوستانلىق، تۈگىمەس دەشت-چۆللەرنى بېسىپ ئۆتتۇق. بارا-بارا كۆڭلۈم يېرىم بولۇشقا باشلىدى. مومام، دادام، ئاپاملارنى سېغىندىم، جىمجىت ئۆيىمىزنى سېغىندىم. چۈنكى ئالدىمىزدا ئۇچرىغان، بىز كۆرگەن يۇرت، ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بىز ئۈچۈن ناتونۇش ئىدى. ھەتتا كېچىدە كۆرۈنگەن يۇلتۇزلارمۇ يۇرتتىكىگە ئوخشىمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

ئابدۇخېلىل مېنىڭ ئۆيدىن چىققانغا پۇشايمان قىلغان-قىلمىغانلىقىمنى بىلمەكچى بولغاندەك پات-پات چىرايىمغا قاراپ قوياتتى. شۇڭا مەن بار كۈچۈم بىلەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشتىم.

ماشىنا ھارغىن ئۆكۈزدەك «پۇش-پۇش» قىلىپ توختىغاندا بىز ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەنلىكىمىزنى قىياس قىلىشتۇق. چۈنكى ئالدىمىزدا ئېگىز-ئېگىز بىنالار، يوللار، مىغ-مىغ ئادەملەر ۋە ماشىنىلار بىلەن تولغان گۈزەل بىر شەھەر يېيىلىپ ياتاتتى.

— كەلدۇق،— دېدى شوپۇر، ئاندىن بىزنىڭ شەھەرگە قاراپ ھاڭۋېقىپ قالغانلىقىمىزنى كۆرۈپ مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى،— قېنى باللار، بۇ شەھەر سىلەرنىڭ.

بىز ماشىنىدىن چۈشتۇق. ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتكەچكىمۇ، پۇتلىرىمىز ئۇيۇشۇپ، تۇزۇك يەر دەسسىگىلى قويمىدى. شۇنداقتىمۇ دىڭگۇسلاپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇق. كوچىلار شۇنچە ئۇزۇن ۋە ئىرماش-چىرماش ئىدى. نەگە بېرىشىمىزنى بىلمەيتتۇق. مېڭىۋاتىمىز، مېڭىۋاتىمىز... قانچىلىك ماڭغانلىقىمىزنى بىلمەيمىز. يولنىڭ ئىچىدە يول، ئۆينىڭ ئۈستىدە ئۆي، چۆچەكلەردىكى سېھىرلىك قۇتىنىڭ ئۆزى.

ئاخىرى مەن ھېرىپ قالدىم.

— بىز نەگە بارىمىز، ئاداش؟

ئابدۇخېلىل ئەتراپىغا تەشۋىش ئىچىدە قاراپ قويدى.

— مەنمۇ بىلمەيمەن.

— ئەمىسە مېڭىۋەرمەيلى بۇنداق، مەن... مەن ھېرىپ قالدىم.

— قانداق قىلساق بولار؟

— بىرەر پىلانىڭ يوقمۇ؟

— شۇنى ئويلاۋاتىمەن. تۇرۇپ تۇرە، ئاۋۇ ئاشخانا...

كوچىنىڭ ئىككى ياقىسى قاتار كەتكەن دۇكان، ئاشخانىلار بار ئىدى، ئابدۇخېلىلنىڭ قايسى ئاشخانىنى دەۋاتقانلىقىنى بىلمىدىم. ئۇ قولۇمنى تارتتى.

— يۈرە، بېرىپ باقايلى.

ئۇ مېنى چوڭ بىر ئاشخانىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى. ئاشخانىغا كىرىپ-چىقىۋاتقانلارمۇ كۆپ ئىدى. ئىچىگە كىرىپلا تۇرۇپ قالدۇق. ئاجايىپ كاتتا بېزەلگەن تاملار، تام ياقىلىتىپ قويۇلغان رەت-رەت ئۈستەللەر پارقىراپ تۇراتتى. چاچلىرىنى قويۇۋەتكەن يالاڭباش ئاياللار، پۇزۇر كىيىنگەن ئەرلەر ئاشۇ ئۈستەللەردە ئولتۇرۇپ، ھۇزۇرلىنىپ تاماق يېيىشىۋاتاتتى. تاماقنىڭ پۇرىقىنى ھىدلىشىم بىلەن تەڭ ئاچ-ئەرۋاھلىرىم ئويغىنىپ كەتتىمۇ، قورسىقىم كورۇكراپ ئېچىشقا

باشلىدى. لېكىن مەن بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كىرگەنلىكىمىزنىمۇ بىلمەيتتىم.

— ھە باللىرىم، تاماق يەمسىلە؟

بىز تەڭلا بۇرۇلۇپ ئارقىمىزغا قاراشتۇق. ئىشىك يېنىدىكى بۇلۇڭدا چار ساقال بىر كىشى يۇمشاق ئورۇندۇقتا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى.

— بىز... بىز... ئىشلەيلى دېگەن،— دېدى ئابدۇخېلىل.

— نەدىن كەلدىڭلار؟

— ئاقسۇدىن.

— ماۋۇ بالىچۇ؟

— مېنىڭ ئىنىم.

چار ساقال كىشى سىنچى كۆزلىرى بىلەن بىزنى بىر ھازا كۆزەتكەندىن كېيىن، ئورنىدىن سەل قىمىرلاپ قويدى.

— ئىلگىرى ئاشخانىدا ئىشلەپ باققانمۇ؟

— ياق.

— نېمە ئىش قىلالايسىلەر؟

— نېمە ئىشقا سالسىڭىز مەيلى.

ئۇ يەنە بىر ھازا ئويلىنىپ كېتىپ، بېشىنى قاشلىدى.

— ماقۇل، بىر نەچچە كۈن ئىشلەپ بېقىڭلار. ئۇستاملارغا ياراپ قالساڭلار شاگىرت قىلىۋالايلى،— ئۇ بىر نەچچە قەدەم مېڭىپ، تاماقخانىغا قاراپ ۋارقىرىدى،— ياسىنجان، ھوي ياسىنجان. ساڭا ئىككى شاگىرت بېرەي.

تاماقخانىدىن بېشىغا ئاق پوسما كىيىۋالغان، ئوتتۇرا بوي، ئاق پىشماق، سېمىز كەلگەن بىر ئۇستام چىقىپ ئالدىمىزغا كەلدى.

— ئال ماۋۇ باللارنى، قورسىقىنى تويغۇزۇپ ئىشقا سال.

ياسىنجان ئۇستام ئۇستىبېشىمىزغا بىر قۇر نەزەر سېلىپ چىققاندىن كېيىن، چار ساقالغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ بىزگە بۇرۇلدى.

— قېنى يۈرۈڭلار.

بىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تاماقخانىغا كىردۇق. ئىچىدە يەنە تۆت ئادەم ئىشلەۋاتاتتى.

## 6

ھەپتە-ئون كۈنگە بارمايلا يۇرتتىن كىيىپ كەلگەن ئايىغىم كاردىن چىقتى. ئاشخانا دېگەندە سۇ بىلەنلا ھەپىلىشىدىغان ئىشكەن، ئەتىدىن كەچكىچە ئايىغىم ھۆلدىن قۇرۇمايتتى، بىر جايىمدا تۇرالمايتتىم. بىردەم ئوت قالاۋاتقان، بىردەم كۈل ئېلىۋاتقان، بىردەم كۆپكە سۇ توشقۇزۇۋاتقان، بىردەم كۆكتات ئادالاۋاتقان... بىر كۈندە قىلىدىغان ئىشىم بەك تولا ئىدى. گاھىدا بۇ يەردە ھەپتە قىلغان ئىشىم، يۇرتتا بىر يىل قىلغان ئىشىمدىنمۇ كۆپتەك ھېس قىلىمەن. ئۆزۈمنىڭ شۇنچە جىق ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغانلىقىمدىن ھەيرانمۇ قالىمەن. ئاخشىمى ئىشتىن چۈشۈپ، ئاشخانىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى زەي، غەلىتە پۇراقلار بىلەن تولغان ياتاققا كىرگەندە ھارغىنلىق، ئۇيقۇسىزلىقتىن پۇتۇمنى يۆتكەشكىمۇ ماجالىم يەتمەي، بېغى بوشاپ كەتكەن قاپاقتەك كارىۋات ئۇستىگە تاشلىنىمەن. قاسماق بېسىپ، پاختىلىرى نەچچە يەردىن بۆلۈنۈپ كەتكەن ئەسكى يوتقان-كۆرپە مەن ئۈچۈن ئەڭ راھەت تۆشەككە ئايلىنىدۇ.

ئابدۇخېلىل ئۇستاملارغا ياردەملەشكەچ، مېھمانلارغا تاماق توشۇيدىغان ئىشنى قىلدى. ئۇنىڭ ماڭىدىغان يولى مەندىنمۇ كۆپ ئىدى. ئۇمۇ ھاراتتى، لېكىن مېنىڭ ئالدىمدا ھارغانلىقىنى چاندۇرمايتتى، روھلۇق تۇرۇشقا تىرىشاتتى، مېنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويغۇسى يوق ئىدى. ئۇ مېنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ، مۇشۇنداق مەينەت، جاپالىق ئىشقا قويغانلىقىغا ئازابلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەمدى مىڭ ئويلىغان بىلەن بولىدىغان ئىش بولدى، بۇ پۇشايمان قىلسا ئارقىسىغا يېنىپلا كېتىدىغان يەر ئەمەس. ھازىر يېنىمىز قۇرۇق، ئۆيدىن ئېلىۋالغان پۇلغا يولدا كەلگۈچە تاماق يېدۇق، ئاشقىنىغا ئابدۇخېلىل ئىككىمىز ئاياغ سېتىۋالدۇق. ئاشخانا غوجايىنى بىزنى شاگىرت دەپ قوبۇل قىلغاچقا، ئىش ھەققى بەرمەيدۇ، قورساق بېقىپ، كۈن ئۆتكۈزگىنىمىزنىڭ ئۆزى غەنىيمەت.

ھەش-پەش دېگۈچە ئۇرۇمچىگە كەلگىنىمىزگە بىر ئايدىن ئېشىپ قالدى. ئاشخانىغىمۇ ئاستا-ئاستا كۆنۈپ قالدۇق، شەھەرگىمۇ ئاز-تولا مېھرىمىز چۈشۈپ قالدى. تۈگىمەس ۋاراڭ-چۇرۇڭ، قاينام-تاشقىنلىققا تولغان شەھەر ھاياتى، روھىمىزدا يېڭى بىر ئۈمىد ۋە ئىشتىياقنى پەيدا قىلماقتا ئىدى.

— ئاۋۋال ھۈنەر ئۆگىنىۋالايلى،— دەيتتى ئابدۇخېلىل ئاخشىمى ياتاققا كىرگەندىن كېيىن،— ياسىنجان ئۇستامدەك بولۇۋالساق جېنىمىزنى گۈلدەك باقىمىز، پۇلمۇ تاپىمىز.

— پۇل تاپقاندا كەتمەمدۇق؟

— كېتىشنى كېتىمىز، لېكىن تۈزۈك بولۇپ كېتىمىز-دە، بولمىسا يۇرتقا بارغاندا يۈزىمىز بولامدۇ.

مەن يەنىلا ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايتتىم، ئۇنىڭغا ئەگىشەتتىم، ئۇنىڭ مېنى خاتا يولغا باشلىمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم.

10 ـ ئاي كىرىشكە ئۈرۈمچىدە قار يېغىۋەتتى. كىيىملىرىمىز يېنىك بولغاچقا، سىرتقا چىقساقلا تىترەپ كېتەتتۇق. ئۈرۈمچىگە نىسبەتەن ھاۋارايىنىڭ بۇنداق بولۇشى نورمال ئەھۋال بولسىمۇ، بىزگە غەلىتە تۇيۇلدى. يۇرتتا 10 ـ ئاي دېگەندە ھاۋا خېلىلا ئىسسىق بولاتتى. تۇرۇپلا، بۇ شەھەر بىزنى ياتلاۋاتقانمىدۇ؟ دەپ ئويلاپ قالاتتىم.

ئاشخانا غوجايىنى قادىر ھاجىم ھەرھالدا بىزگە ئىچ ئاغرىتتى. ئۇ بىزنىڭ تىترەپ يۈرگىنىمىزنى كۆرۈپ كونا بولسىمۇ بىر قۇر ئۈستىباش قىلىپ بەردى. ئۇنىڭ ئاندا ـ ساندا بېرىپ قويغان بازارلىق پۇلنى ھېسابقا ئالمىغاندا بىز يەنىلا بىكارغا ئىشلەۋاتىمىز. قاچان ياسىنجان ئۇستامدەك ئۇستا بولىمىز نامەلۇم. مەن يەنىلا كۆل ئېلىپ ئوت قالايدىغان، سۇ توشۇپ يۇندى تۆكىدىغان ئىش بىلەن، قازان بېشىغا ئۆتىدىغانغا نۆۋەت يوق. گاھىدا چوڭ زالغا تاماق يېيىلىپ بولغان قاچىلارنى يىغىش، ئۈستەل ـ ئورۇندۇقلارنى سۈرتۈش دېگەندەك ئىشلار ئۈچۈن چىقىپ قالىمەن. شۇنداق چاغلاردا مېھمانلارنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان گەپلەر قۇلىقىمغا كىرىپ قالىدۇ. بەزىلەر دۇنيانىڭ قايسى جايىدا نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقى، قايسى دۆلەتكە كىمنىڭ باش بولغانلىقى، قەيەردە ئۇرۇش پارتلىدى دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشىدۇ. يەنە بەزىلەر قايسى سودا قانچە پۇل پايدا قىلدى، ھازىر نېمە قىممەت، نېمە ئەرزان، كىم سودىدا ۋەيران بولدى دېگەندەك. گاھىلارنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان غايەت زور پۇل سانىنى ئاڭلاپ ئاغزىمنى ئېچىپلا قالىمەن. دۇنيادا ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلارنىڭ بارلىقىنى بىلىپ ھەيرانلىقىم، قىزىقىشىم ئاشىدۇ.

ئابدۇخېلىل ھەرھالدا قازان بېشىغا يېقىن باردى. گاھىدا قورۇما قورۇيدىغان ساپلۇقنى ئېلىپ ئۇنى ـ بۇنى قىلىپ باقىدۇ. ياسىنجانمۇ جەنۇبلۇق بولغاچقا، بىزگە ھېسداشلىق قىلىپ كەلدى. چوڭ ياردەم قىلالمىسىمۇ، قولىدىن كەلگىنىنى ئايىمىدى.

مىڭبىر جاپادا قارا قىشنى ئۆزىتىپ، باش باھارغا ئۇلاشتۇق. نەچچە كۈن ئاۋۋال ياسىنجان ئۇستام بۇ ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى. بىز يېقىن ئادىمىمىزدىن ئايرىلىپ قالغاندەك بىئارام بولدۇق. بولۇپمۇ ئابدۇخېلىل بىردىنلا جىمغۇرلىشىپ كەتتى. ياسىنجان ئۇستامنىڭ ئورنىغا كەلگەن باش ئاشپەز سەل قىتىغۇر، ئاچچىقى يامان ئادەم ئىدى. ئابدۇخېلىلنى قازان بېشىغا يېقىن يولاتمايتتى.

بىر كۈنى ئابدۇخېلىل مېنى چەتكە تارتتى.

— بۇ ئاشخانىدىن چىقىپ كېتەيلى.

— نەگە بارىمىز؟

— ياسىنجان ئۇستام دۆڭكۆۋرۈكتىكى بىر ئاشخانىدا ئىشلەۋېتىپتۇ، كېلىڭلار دەيدۇ.

— قانداق بولا؟ يېڭى كەلگەندە بۇ ھاجىم بېشىمىزنى سىيلىغان تۇرسا؟

— قويە بۇنداق نائىنساپ ھاجىمنى، نېكەمگىچە بىكارغا ئىشلەيمىز؟ ئۇ يەرگە بارساق ئايلىق ئىش ھەققى بېرىدىغان بولدى.

— راستما؟

— ئەلۋەتتە راست، ياسىنجان ئۇستام شۇنداق دېدى.

— سەن نېمە دېسەڭ شۇ، ساڭا ئەگىشىمەن.

— ئەمىسە كەچتىلا كېتەيلى.

— دەپ قويمايلا كېتەمدۇق؟

— ئاتا ـ ئانىمىزغىمۇ دەپ قويماي چىقىپ كەتكەن ئادەم، بۇ خەقتىن سوراپ يۈرەمدۇق. بولدى، كېتىۋېرىمىز.

— ماقۇل.

كەچتىلا ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتۇق. ياسىنجان ئۇستام دۆڭكۆۋرۈكتىكى ئۆزى تۇرغان ئاشخانىنى تەپسىلىي دەپ بەرگەن بولسا كېرەك، ئابدۇخېلىل ئانچە ئىزدىمەيلا تېپىپ باردى. غوجايىن ياشلا ئادەم ئىكەن. ئاشخانىسىمۇ قادىر ھاجىمنىڭكىدىن چوڭ ھەم پاكىز ئىدى. ئۇ بىزدىن كۆپ گەپ سورىمايلا قوبۇل قىلدى. ياتاقنىمۇ ياسىنجان ئۇستام بىلەن بىرگە ئورۇنلاشتۇردى. بۇ يەرگە كېلىپ كۆڭلۈممۇ بىر ئاز ئازادىلىشىپ قالغاندەك بولدى.

ئەتىسى ئىش باشلانغاندا ئابدۇخېلىل ياسىنجان ئۇستامغا ياردەمچى، مەن تاماق توشۇيدىغان مۇلازىم بولدۇم. ئەمدى كۆل تارتىپ، يۇندى تۆكىدىغان ئىشلاردىن قۇتۇلدۇم، كىيىملىرىممۇ خېلى پاكىز تۇرىدىغان بولدى. يەنە كېلىپ بۇ ئاشخانىنىڭ چىرايلىق خىزمەت فورمىسى بار ئىدى. مۇھىت يېڭىلانغاچقا روھىممۇ كۆتۈرەڭگۈ، ئايىغىم چاققان بولۇپ كەتكەن ئىدىم. مەن ئىشلەۋېتىپ بىر نەچچە قېتىم جاپپار غوجايىنىنىڭ ماڭا دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىم. ھەپتە ـ ئون كۈن بولغاندا ئۇ مېنى ئايرىم چاقىرتتى.

— ئاتا ـ ئاناڭ بارمۇ؟— دېدى ئۇ گېپىنىڭ بېشىدىلا كۆزۈمگە تىكىلىپ.

— بار،— دېدىم. شۇ ھامان يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرى ئېچىشتى، دادام، ئاپام، موماملا كۆز ئالدىمغا كېلىپ، كۆڭلۈم بۇزۇلدى. بەلكىم كۆزلىرىمدە ياشمۇ ئەگىپ قالغان بولسا كېرەك.

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما،— دېدى جاپپار

غوجايىن، — بىلدىم، سەن ئاتا تەربىيەسى كۆرگەن بالا ئىكەنسەن. قارىسام هوش ـ كاللاڭ جايىدا، ئايىغىڭ چاققان، كۆزۈڭ ئىتتىك ئىكەن. ياخشى ئىشلىگىن، مۇساپىر بولماق ئاسان، ئادەم بولماق تەس. مەنمۇ كىچىكىمدە مۇساپىر بولۇپ باشقىلارغا ئىشلىگەن، كۆرمىگەن كۈنۈم قالمىغان، چىشىمنى چىشلەپ ئىشلەپ ئاخىرى مۇشۇ كۈنگە ئېرىشتىم. ئەگەر ياخشى كۈن كۆرەي دېسەڭ، توغرا يول بىلەن ئۆزۈڭ مۇساپىنى كۆزلە. ئاتا ـ ئانىنىڭ بىرلا تىلىكى بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ پەرزەنتىگە بەخت تىلەش. بىرلا ئارزۇسى بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ پەرزەنتىنىڭ بەختىيار تۇرمۇشىنى كۆرۈش. شۇڭا سەن بەختىڭنى تېپىشقا تىرىشقىن، بەخت تىنىمسىز ئەجىردىن كېلىدۇ.

ئۇ، «سۆزلىرىمنى چۈشەندىڭمۇ؟» دېگەندەك كۆزلىرىمگە تىكىلدى. راستىمنى ئېيتسام ئۇنىڭ زادى نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ئانچە ئاڭقىرىپ كېتەلمىدىم. پەقەت كىتاب ئوقۇۋاتقاندەك بىر خىل تۇيغۇدا بولدۇم. ئۇنىڭ سۆزلىرى رەيھان مۇئەللىمنى ئەسلىتىپ قويىدى. ئۇ دائىم دەرس ئارىلىقىدا مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىپ تەربىيە بېرىدىغان...

مەن ئۇنىڭ سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ، بېشىمنى لىڭشىتتىم.

— ئابدۇخېلىل سېنىڭ بىر قورساق ئاكاڭ ئەمەسقۇ دەيمەن؟

ئەمدى يالغان ئېيتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلىقىنى هېس قىلىپ ئۇدۇللا جاۋاب بەردىم:

— هەئە، قوشنىمىزنىڭ بالىسى، بىز بەك يېقىن دوست.

— خېلى جىگىرى بار، تىرىشچان بالا ئىكەن. ئۇنىڭغىمۇ مېهرىم چۈشۈپ قالدى. مەڭگۈ ئىناق ئۆتۈڭلار.

— رەهمەت.

ئۇ ئەمدى قايتساڭ بولىدۇ، دېگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. مەن ئارقامغا بۇرۇلدۇم.

— توختىغىنە، ئۇكام.

ئۇنى يەنە نېمە دەركىن دەپ، بۇرۇلۇپ قارىغان ئىدىم، ئىشكاپتىن يالتىراق خالتىغا سېلىنغان بىر قۇر كىيىمنى ئېلىپ ماڭا ئۇزاتتى.

— يازمۇ كىرىپ قالغىلى تۇردى، كىيىمىڭنى يەڭگۈشلىۋال.

كىيىمنى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ «رەهمەت»لا دېدىم، تەسىرلىنىپ ئارتۇقچە هاياجانلىنىپمۇ يۈرمىدىم. تۇرۇپلا بۇنداق سوغۇققان بولۇپ قالغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ چۈشەنمەيمەن، كاللامدا يېڭى ـ يېڭى خىياللار پەيدا بولىدۇ، مۇشۇ شەهەردە، مىغ ـ مىغ يۈرگەن ئادەملەر ئارىسىدا مېنىڭمۇ بىر كىشىلىك ئورنۇم، رىزقىم بارلىقىنى ئويلىسام، ئۆزۈمنى بىردىنلا چوڭ بولۇپ قالغاندەك هېس قىلىمەن، پەخىرلىنىمەن.

## 7

ئاشخانىنىڭ تىجارىتى ياخشى بولغاچقا، بىزگىمۇ ئارام يوق. ئەتىدىن كەچكىچە ئالدىراشلا يۈرۈيمىز. بىراق ئادەم ئۆزى خالىغان ئىشنى قىلسا نېمىشقىكىن هاردۇق هېس قىلمايدىغان، ئازادىلىك، خۇش كۆڭۈللۈك تۇيۇلىدىكەن.

بىزگە ئىش ھەققى تارقىتىدىغان ۋاقىت، ماي ئېيىنىڭ تەبىئەت بوستانلىقىغا پۈركەلگەن، گۈل ـ چېچەكلەر كوچىلارنى بېزىگەن تولىمۇ چىرايلىق بىر كۈنگە توغرا كەلدى. جاپالىق ئەجرىمىز بەدىلىگە كەلگەن پۇل قولىمىزغا تەگكەندە بىزمۇ خۇددى گۈل ـ چېچەكلەردەك ئېچىلىپ كەتتۇق. كەچتە ئابدۇخېلىل ياسىنجان ئۇستامغا رەھمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بىر مۇنچە نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئېلىپ، ياتاقتا سورۇن راسلىدى. ياسىنجان ئۇستام ئادەتتە كۆپ گەپ قىلمايتتى، شۇڭىمۇ ئادەمگە بىر ئاز سۈرلۈك تۇيغۇ بېرەتتى. بىراق بىز ئۇنىڭ بىلەن خېلى ئۇزۇن بىرگە تۇرغاچقا، مىجەزىنى بىلىپ كەتكەن ئىدۇق، ئويلىغانلىرىمىزنى ئوچۇق ـ يورۇق دەۋېرەتتۇق.

يېمەكلىكلەر شىرەگە تىزىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئابدۇخېلىل گەپ باشلىدى:

— ئاددىي بولسىمۇ ئاخىرى بۈگۈن سىزگە شاگىرتلىق چېيى تۇتۇشقا نېسىپ بوپتۇ، لېكىن شۇ... بىر نەرسە كەم، ئالاي دېسەم رايىم بارمىدى، ئەدەپسىزلىك بولىدىكەن، ئۇستاز ـ شاگىرتلىق ئارىسىدىكى پەدىشەپ بۇزۇلمىسۇن دېدىم.

ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ياسىنجان ئۇستام كۈلۈۋەتتى.

— چىقىم جىق بولۇپ كەتمىسۇن، دېگەنسەن ھەقىچان؟

— ياق، ياق، شۇ...

— ھاراق قۇيمىساڭ شاگىرتلىق راۋا بولمايدۇ جۇمۇ.

— ئۇستام، بۇ...

ياسىنجان ئۇستام تېخىمۇ قاتتىق كۈلدى.

— نېمە دەيدىكىن دېسەم... ۋاي ئەخمەق، سەن مېنىڭ قاچان ھاراق ئىچكەنلىكىمنى كۆرگەن ئىدىڭ؟ ئەگەر ئالغان بولساڭ بېشىڭغا ئاتاتتىم. ھېلىمۇ شۇنچىلىك ئەقلىڭگە بارىكاللا، ئۇكام. پاكىز ئادەم بول،

مۇساپىرچىلىقتا ياشىماق تەس، مۇدۇرۇپ كەتسەڭ يۆلەيدىغان ئادەم يوق. سەللا دىققەت قىلمىساڭ ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ خار قىلىسەن.

ئابدۇخېلىل ياسىنجان ئۇستامنىڭ بايا چاقچاق قىلغانلىقىنى چۈشىنىپ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— ماقۇل ئۇستام، گېپىڭىزنى ئېسىمدە تۇتىمەن.

— قويە ئىسسىق چېيىڭنى.

ئابدۇخېلىل پىيالىگە قېنىق دەملەنگەن ناۋات چايدىن لىقلاپ قويۇپ، ئۇنىڭغا ئىككى قوللاپ سۇندى. بىز چاي ئىچكەچ شىرەدىكى يېمەكلىكلەرگە ئېغىز تەگدۇق. چايدىن كېيىن ياسىنجان ئۇستام تامدىكى گىتارنى ئېلىپ تەڭشەشكە باشلىدى.

— ئادەم مۇڭلىسىرىغاندا كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان بۇنىڭدىن ياخشى نەرسە يوق جۇمۇ ئۇكام، بولسا گىتار چېلىشنىمۇ ئۆگىنىپ قوي.

— سىزلا ئۆگەتسىڭىز چوقۇم ئۆگىنىمەن،— دېدى ئابدۇخېلىل خۇش بولۇپ.

گىتارنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ياڭراشقا باشلىدى، بىز ئېڭىكىمىزنى تىرەپ، ئۇنىڭ گىتار چېلىشىغا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتۇق. ئۇ دەسلەپتە بىر-ئىككى مۇزىكىغا چالدى، ئاندىن ناخشا ئېيتىشقا چۈشتى:

ئالما ئاتتىم شاتۇتقا،
بىز مۇساپىر بۇ يۇرتقا.
مۇساپىر دەپ خار كۆرمەڭ،
بىزمۇ كېتەرمىز ئۆز يۇرتقا.

گىتارىمنى چالاي دېسەم،
گىتارىمنىڭ تارى يوق.
دەردى بارلار يىغلايدىكەن،
دەردى يوقنىڭ كارى يوق...

ناخشىنىڭ مۇڭى يۈرەكنى ئېزىپ، خىيال قۇشلىرىمنى ئويغاتتى. جىنچىراغ غۇۋا يورۇتۇپ تۇرغان ئۆيدە مومامنىڭ تىزىغا باش قويۇپ ياتىمەن، سىرتتا كاككۇكنىڭ ئاۋازىغا جور بولۇپ، قاپاق تېرەكنىڭ غازاڭلىرى توختىماي شاراقلايدۇ، مومامنىڭ چۆچەكلىرى تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ ئۇزارغان، «ھۆرلىقا-ھەمراجان»لارنىڭ كېيىكلىرى تاغدىن چۈشمەكتە، ئاق ئاتلىق شاھزادە ئالۋاستىنى يوقىتىش ئۈچۈن غارغا كىرمەكتە، كېپىنەك قىز پىرقىراپ ئۇسسۇل ئوينىماقتا... ئوتقاشتەك قىزىل ياغلىقنى چېكىسىگە چېگىۋالغان ئاپام، كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىككىنىچە ئىشىك ئالدىدا مۇڭلىنىپ ئولتۇرىدۇ. ساقال-بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن، چىرايى ئاپتاپتا كۆيگەن دادام، ئېشەك ھارۋىسىنى ھەيدەپ، مېنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن مەكتەپكە كېتىۋاتىدۇ. ئۇكىلىرىم «ئاكا... ئاكا...» دېيىشىپ چۇرقىراشماقتا...

كۆزلىرىمدىن ئاققان ئىسسىق ياش كۆڭلىكىمنىڭ ئالدىنى ھۆل قىلىۋەتتى. چىدىغۇسىز بىر خىل سېغىنىش يۈرىكىمنى قىسىۋالغان ئىدى. نەپەس ئالالماي قىينىلاتتىم. جانلىرىم تېپىرلايتتى، روھىم بوغۇلاتتى، جاھاننىڭ ئۇ تەرىپىگە قېيسىياتتىم، تارتىنىشاتتىم.

— يىغلىمىغىن ئاداش، يىغلىمىغىن...

ئابدۇخېلىل مۈرەمدىن قۇچاقلىدى. ئۇنىڭمۇ كۆزلىرى ياشقا تولغان ئىدى. مەن ئۇنىڭغا يۆلەندىم، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمايتتىم. ھازىرلا ئۆيگە كەتكۈم كېلەتتى.

— كۆڭلۈڭنى بۇزمىغىنا، ئۇكا،— دېدى ياسىنجان ئۇستاممۇ ماڭا تەسەللى بېرىپ،— ئۆينى سېغىنمايدىغان كىم بار؟ بىر كۈنى قايتىمىزغۇ ئاخىر.

— سېنى بۇ كۈنگە مەن قويدۇم ئاداش، خاپا بولمىغىن، كەلمىسەڭ بوپتىكەن.

مەن ئېسەدەپ تۇرۇپ كۆز-ياشلىرىمنى سۈرتتۈم.

— پۇشايمان قىلغىنىم ئەمەس ئاداش، پەقەت ئۆينى سېغىنىپ قالدىم شۇ.

— مەنمۇ سېغىندىم، لېكىن بىرەر نەتىجىگە ئېرىشمەي كېتىشكە غۇرۇرۇم يول قويمايۋاتىدۇ.

— ساڭا ئەگىشىمەن، گېپىم گەپ.

ئابدۇخېلىل قولۇمنى چىڭ سىقتى. كۆزلىرىمنىڭ يېشى قۇرۇمىغان بولسىمۇ، قەلبىم مىسكىن تۇيغۇلاردىن بوشىغان، يېڭى بىر ئىرادە ۋە ئۈمىد روھىمنى پەرلەشكە باشلىغان ئىدى. سىرتتىن شەھەرنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تۇرمۇشنىڭ ئەتىسى ئۈچۈن ئىزگىشىۋاتقان ئادەملەرنىڭ شەپىسى ئېگىز بىنا، كوچا چىراغلىرىغىچە چاچراپ، شەھەرنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزاتتى. شەھەر ئاستا-ئاستا قوزغىلىۋاتقان پاراخوتقا ئوخشاش تېتىك، بېجىرىم، چۈجىلىرىگە دانلاق ئېچىپ بېرىۋاتقان ئانا مېكىيانغا ئوخشاش بەرىكەتلىك ۋە ھىممەتلىك ئىدى.

ئاشۇ شاۋقۇنلارنىڭ ئىچىدە مېنىڭمۇ ئاۋازىم بار ئىدى.

— ئۇستام، يەنە بىر-ئىككى پەدە چېلىپ بەرسىلە،— دېدى ئابدۇخېلىل مېنى خىيال ئىلكىدىن ئويغىتىپ.

ياسىنجان ئۇستام گىتارنى سازلاپ شوخ پەدىگە چېلىشقا باشلىدى:

ياش باللا يامان باللا،
كىيىك ئاتىدۇ تاغدا.
گۈللەر گۈل بولاي دەپتۇ،
قىزلار ئۆيىنسا باغدا.

ئاھ، دوپپام چۈشۈپ كەتتى،
قايرىلىپ باقار چاغدا.
دۇڭكۇرۇكتە سۆيگەن يار،
مېنى كۈتىدۇ تاغدا...

## 8

ئۈرۈمچىدە تۇرغان ۋاقتىمىزنىڭ ئۇزىرىشىغا ئەگىشىپ، بىلىدىغان، ھېس قىلىدىغان نەرسىلىرىم كۆپىيىشكە باشلىدى. شەھەر خۇددى قايىنامغا ئوخشاش مېنى قوينىغا تارتىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ يەردە پەقەت تىركىشىش، تىرىشىشنىڭلا بارلىقىنى، بىخۇدلۇق، بوشاڭلىققا ئەسلا ئورۇن يوقلىقىنى تونۇپ يەتتىم. ھەممە ئىشلار جىددىيچىلىك ئىچىدە ئېلىپ بېرىلاتتى. ئادەم كۆپ بولغاچقا ۋاقىت يېتىشمەيۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. شۇنداق چاغلاردا موماملىنىڭ بالىخانىسىدا كۆك ئاسمانغا قاراپ خىيال سۈرۈپ ياتقان مىنۇتلارنى ئەسلەپ قالىمەن، كۈن شۇنچە ئۇزۇن، ۋاقىت كالا ھارۋىسىدا ماڭغاندەك تولىمۇ ئاستا ئۆتەتتى. كۈننى كەچ قىلالماي ئىچىمىز پۇشۇپ كېتەتتى. كېچىنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن قارا بېسىپ، چۈشىمىز بۇزۇلۇپ ياخشى ئۇخلىيالمايتتۇق. كۈن پارقىراپ چىقمىغۇچە ئورنىمىزدىن تۇرمايتتۇق. تۇنجى تاڭنىڭ دەرۋازىسىنى چېكىشكە، تاڭ ساباسىنى سۆيۈشكە مۇيەسسەر بولالمايتتۇق...

ھازىر ۋاقىت سايىگە ئوخشاش غىل-پال تامنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتكەندە، ھايات مۇساپەمنىڭ بىر قەدەم قىسقارغانلىقىنى، ئۆزۈمنىڭ بىر بالداق ئۆرلىگەنلىكىمنى ھېس قىلىمەن. چۈنكى تۈنۈگۈنكى مەن، بۈگۈنكى مەن ئەمەس.

ئۈرۈمچى قازاندەك قاينىماقتا. بىنالار تېخىمۇ كۆپىيىپ، يوللار ئۇزارماقتا، ئادەملەرنىڭ سانى ئاشماقتا، ۋاڭ-چۇڭلار پەلەككە يەتمەكتە، شاۋقۇن-سۈرەنلەر ھەسلەپ كۈچەيمەكتە. ۋاقىت تېزلىكى كوچىلاردا قىستاشماقتا. ئەگەر تالاي كەچمىشلىرىم خاتىرەمنى جانلاندۇرمىغان بولسا، ئۆزۈمنىڭ ئىككى يېرىم يىلدىن كېيىنكى پەللىدە تۇرغانلىقىمغا ئىشەنگۈم كەلمىگەن بولاتتى. شۇنداق، ئىككى يېرىم يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئابدۇخېلىلمۇ ئۇستام بولۇپ قالدى. تۆت ئاينىڭ ئالدىدا ياسىنجان ئۇستام قاتناش ھادىسىسىدە تۈگەپ كەتتى. ئۇ شۇ ئاخشىمى دۇڭكۇرۇكتىكى سۆيگەن يارى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ماڭغان ئىدى. قىزنىڭ جامالىنى كۆرۈشكىمۇ ئۈلگۈرمەيلا، كوچىلاردا چېپىپ يۈرگەن «ئەجەل بۇقىسى»دىن بىرى ئۇنى ئۇسۇپ يانچىۋەتتى. ئەجەلنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولسىمۇ، ئۆلۈمنىڭ ئېچىنىشلىقراقى قاتناش ۋەقەسىدىكى ئۆلۈمكەن، دەپ ئويلاپ قالدىم. شۇندىن بېرى يېنىمدىن بىرەر ماشىنا ئۆتۈپ كەتسىمۇ ۋۇجۇدۇمنى تىترەك بېسىپ، ۋەھىمە ئىچىدە قالىدىغان بولدۇم. بىراق بۇ شەھەردە ماشىنىسىز ياشىغىلى بولمايتتى. بىز خۇددى ئاپتاپ بىلەن شامالدەك كىرىشىپ كەتكەن ئىدۇق. ئۇ بىزنىڭ روھىمىزدىن، ۋەھىمىمىزدىن، راھىتىمىزدىن، ھەۋەسىمىزدىن، شۆھرىتىمىزدىن ئېشىپ ئۆتەتتى.

جاپپار غوجايىننىڭ بۇ ئاشخانىسى ھازىر دۇڭكۇرۇكتىكى داڭلىق تېز تاماقخانىلارنىڭ بىرىگە ئايلانغان ئىدى. مەنمۇ تاماق توشۇيدىغان ئىشنى تاشلاپ، تاماق تىزىملاپ تالون كېسىپ، پۇل يىغىدىغان ئىشنى قىلىۋاتىمەن. گاھىدا ئۆزۈمنى بۇ ئاشخانىنىڭ غوجايىنىدەك ھېس قىلىپ قالىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە ئىشنى ئۆز ئىشىمدەك ئەستايىدىل قىلىمەن، بىر موچەن چاغلىق نەرسىگە خىيانەت قىلمايمەن. مانا مۇشۇنداق يېقىنچىلىق تۇيغۇسى ئاتا قىلغىنى دەل غوجايىننىڭ تاغدەك ئىشەنچىسى ئىدى.

ئۈرۈمچىنىڭ تومۇز كۈنلىرى كىرىۋىدى، ئىسسىقنىڭ دەستىگە تۇرغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە قىزىپ كەتتى. ئاشخانا ئىچىگە چوڭ شامالدۇرغۇچ قويۇلغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ خېرىدارلار تاماق يەپ بولغىچە چىلىق-چىلىق تەرلەپ كېتەتتى. تاماقخانا ئىچى تېخىمۇ دىمىق ئىدى. ئوتنىڭ تەپتى، ھورنىڭ دىمىقلىرى ئىشلەۋاتقان ئۇستاملارنى قاسقانغا دۈملىگەن مانتىدەك ئېرىتىۋېتەتتى. تاماق سۇنىدىغان كىچىك دېرىزىدىن قارىسام ئابدۇخېلىل پۈچۈقىنى تېزىغىچە تۇرۇۋاپتۇ. بوينىغا ئارتىۋالغان لۆڭگە بىلەن پات-پات يۈزلىرىنى ئېرتىپ تۇرىدۇ، لېكىن لۆڭگىمۇ ئاللىقاچان چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن بولۇپ، كىردىن رەڭگىنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. مۇشۇ تاپتا ئۇلارغا بىردەم سالقىنلىغۇدەك ۋاقىتمۇ يوق ئىدى. مېھمانلار ئۇلارنىڭ قانچىلىك ئېغىر جاپا، ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئىشلەۋاتقىنى بىلەن كارى يوق، تامىقى سەللا كېچىكىپ قالسا ئاچچىقلاپ ۋارقىرايتتى. غوجايىنمۇ مېھمانلارنىڭ كۆڭلىنى دەپ باللارغا ۋارقىرايتتى، ئالدىرىتاتتى. ئەمما باللارمۇ بۇنداق ئىشلارغا كۆنۈك ئىدى. قۇلاقنى يوپۇرۇپ ئىشنى قىلىۋېرەتتى.

لىللا گەپنى قىلغاندا غوجايىننى غوجايىن قىلغان،

ئۇنىڭ يانچۇقلىرىنى پۇلغا توشقۇزغىنى ئاشۇ تەرلەپ قارا پاتقاق بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئۇستاملار ئىدى. ئەمەلىيەتتە غوجايىنمۇ، ماۋۇ كىرىلىپ ئولتۇرۇشۇپ تاماق يەۋاتقان مېھمانلارمۇ ئۇلارنى كۆزگە ئىلمايتتى، پەس كۆرەتتى. ئۆزلىرى ھۇزۇرلىنىپ، مەززە قىلىپ يەۋاتقان ئېسىل تاماقلارنىڭ ئاشۇ ئاددىي «ئاشپەز قاسماق»لارنىڭ قولىدىن چىقىدىغانلىقىنى ئويلىمايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ كۆرىدىغىنى كاتتا بېزەلگەن ئاشخانا زالى، پار-پۇر چىنە-تەخسە، پىيالە-چەينەكلەر ئىدى. ھاياتنىڭ تەڭسىزلىكى تولا، گاھىدا قولى كۆيگەنلەر كۆمەچ يەپ، چەتتە تۇرغانلار قاتلىما يەيدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك، مەيلى خالىغىن، خالىمىغىن بەزى ئىشلار خۇددى شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ كەتكەندەك تەبىئىي داۋاملىشىۋېرىدۇ. سەنمۇ كۆنۈپ قالىسەن.

كەچتە ئىشتىن چۈشكەندە يېڭىلا مۇنچىدىن چىققان ئابدۇخېلىل چاچلىرى ھۆل ھالدا ياتاققا كىرىپ كەلدى.

— ئەجەب راھەت، — دېدى ئۇ چاچلىرىنى سىلىكىپ قويۇپ، — مۇنچىغا چۈشۈپلا ھاردۇقۇم چىقىپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم.

مەن سىرتتىن ئالغاچ كىرگەن مۇزدەك سوغۇق كاۋاسنى ئۇنىڭغا سۇندۇم.

— ئەمىسە بۇنى ئىچىپ تېخىمۇ راھەتلەنگىن.

ئۇ كۈلۈپ قويۇپ قولۇمدىكى قۇتىنى ئالدى. ھازىر ئابدۇخېلىل ئەت قويۇپ سەمرىشكە باشلىغان، ئۇستىخانلىرىمۇ چوڭ ئىدى. ئۇنىڭ چېھرىگە ھەر باققىنىمدا خۇددى بىر قورساق ئاكامدەك ئامراقلىقىم كېلەتتى. ئۇمۇ بۇرۇنقىدەكلا مېنى ئاسرايتتى، ئايايتتى، كۆيۈنەتتى.

ئابدۇخېلىل ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. شۇ ئارىدا بېشى تامغا ئېسىقلىق گىتارغا تېگىپ كېتىپ، گىتار تام سائىتىنىڭ ئاسما تىلىدەك ئىككى تەرەپكە چايقىلىشقا باشلىدى. ئۇ گىتارنى ئېلىپ ئۇزاقتىن ئۇزاق تىكىلىپ قارىدى، مېھرى بىلەن سىلىدى، تارلىرىنى سۇرتۇۋاتقاندا چىققان بوغۇق ئاۋاز كىملەرنىڭدۇر مۇڭلۇق نالىسىدەك ئاڭلىنىپ كەتتى.

— چالامسەن، — دېدىم كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ. ئۇ گىتارنى يەنە بىردەم مۇشۇنداق تۇتۇپ تۇرسا كۆزۈمنى باشقۇرالماي قالىدىغاندەك قىلاتتىم.

ئۇ گەپ-سۆز قىلماي گىتارنى جايىغا ئېسىپ قويدى. ئاندىن قۇتىدا قېپقالغان كاۋاسنى بىراقلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى. گىتار ياسىنجان ئۇستامدىن بىزگە قالغان بىردىنبىر خاتىرە بۇيۇم ئىدى. ئۇستام تۇگەپ كەتكەندىن بېرى ئابدۇخېلىلنىڭ ئۇنى بىرەر قېتىم چالغىنىنى كۆرمىدىم. بەلكىم ئۇ ئۇستىسىغا قارىلىق تۇتۇۋاتقاندۇ، گىتار چېلىپ ناخشا ئېيتسام ئۇستامغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولۇپ قالىمەن دەپ ئويلايدىغاندۇ. شۇڭا مەنمۇ كۆپ زورلىمايمەن.

— كەچلىك بازارغا بېرىپ كېلەيلىچۇ، — دېدى ئابدۇخېلىل، — ئىچىم پۇشۇپ كەتتى.

ئىشتىن ھېرىپ كەلگەندە ئۇنىڭغا ئەڭ خۇشياقىدىغىنى ئارام ئېلىپ ئۇخلاش ئىدى. ئۇنىڭ سىرتقا چىقىپ كىرەيلى، دېگىنى ياتاقتىكى كۆڭۈلسىز ئەسلىمىلەرنى بىردەم بولسىمۇ ئۇنتۇپ، كەيپىياتىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. شۇڭا مەنمۇ قوشۇلدۇم.

— چىقساق چىقايلى.

ئۇ قايتىدىن كىيىملىرىنى كىيىپ تەييار بولدى. بىز چىراغنى ئۆچۈرۈپ سىرتقا ماڭدۇق.

دۆڭكۆۋرۈكنىڭ كەچلىك بازىرى ئاجايىپ قىزىپ كەتكەن ئىدى. ئادەملەر سانجاق-سانجاق، شاۋقۇن-سۈرەنلەرنىڭ يۇقىرىلىقىدىن قۇلاقلار زىڭىلداپ كېتەتتى. ۋاقتنىڭ زىچلىقىدىن كىشىلەر پۇل تېپىش ئۈچۈن ھەتتا كېچىنىمۇ قولىدىن بەرمىگەن ئىدى. قارىسا ئورۇمچىدە ھەممىلا ئادەم پۇل ئۈچۈنلا كۆرەش قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

ھەر ئىككىمىزنىڭ قورسىقىمىز توق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ ئاۋات بازاردىن قۇرۇق كەتكۈمىز كەلمەي بىر نەچچە زىخنىن كاۋاپ يېيىشتۇق. بىز ھاراق ئىچمىگەچكە باشقىلاردەك ئولتۇرغىمىز كەلمىدى.

بىردەم ئايلىنىپ، ئەمدى كىرىپ كېتىش ئۈچۈن ماڭغان ئىدۇق، بىرسى چاقىرغاندەك قىلدى. شاۋقۇن-سۈرەننىڭ ئارىسىدا تازا ئېنىق پەرق ئېتەلمىدۇق. شۇڭا ئالدىمىزغا قاراپ مېڭىۋەردۇق. تۇيۇقسىز بىرسى كېلىپ ئابدۇخېلىلنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ تارتتى.

— ھوي، خېلىلمۇ سەن؟ مازارباغلىق خېلىل؟

ئابدۇخېلىل ئۇنىڭغا راسا بىر سىنچىلاپ قارىۋېتىپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— ئەمەت مەن دېگىنە، تۇيۇقسىز مۈرەمدىن تۇتۇپ تارتساڭ تاستىن ئۆرۈپ سالىدىكەنمەن.

— رەھىم قىل ئاكا.

ئىككىسى كۈلۈشتى. مەن ئەمەت دېگەننى تونۇپ كەتمەيتتىم. پاكار، دوغلاققىنە كەلگەن بۇ قارىۋاينى ئىلگىرىمۇ كۆرمىگەن ئىدىم.

— ھە، نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن بۇ يەردە؟ قاچان كەلگەن؟ — ئەمەت گەپ سورىغاچ يېنىدىن تاماكا چىقىرىپ، بىزگە تۇتتى. ئىككىلىمىز رەت قىلدۇق.

— ئۈچ يىل بولاي دېدى.

— خېلى بوپتۇ، نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟

— ئاشخانىدا ئىشلەۋاتىمەن.

— ئاشپەز بولدۇم دېگىنە، بۇياقچۇ؟

— مېنىڭ ئىنىم، ئىسمى سابىر.

— يۇرۇڭلار ئاۋۇ شىرەگە بارايلى، ئاغىنىلەر ئولتۇرۇۋاتقان ئىدۇق.

بىز ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراشتۇق، 7 ـ 8 ئادەم بىر شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقان ئىدى. شىرە نازۇ نېمەت بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ، پىۋا بوتۇلكىلىرىمۇ قاتار تىزىلىپتۇ.

— بولدى، بىز بارمايلى،— دېدى ئابدۇخېلىل.

— تارتىنمىغىنە، ئاداش،— دېدى ئەمەتمۇ قويۇۋەتمەي،— ھەممىسى يۇرتلۇق بالىلار، ئاۋۇ تاقىرباش كۆرۈنگىنى يۇرتىمىزدىن چىققان نىياز شەيخ دېگەن كىشى شۇ، ھازىر كاتتا غوجايىن، «نىياز تيەنجىن» دېسە تونۇمايدىغان ئادەم يوق. سېنى يۇرتلۇق بالىكەن دېسەم، نىياز ئاكام ئۆزى چاقىر دېگەن.

ئەمەت چىڭ تۇرۇۋالغاچقا، ئىلاجسىز ئۇ يەرگە باردۇق. ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ بىز بىلەن كۆرۈشتى. پەقەت ھېلىقى نىياز تيەنجىن دېگەن كىشىلا جايىدىن مىدىرلىمىدى. ئىككىمىز خىجىلچىلىق ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىسىلدۇق. بىز ئەمدى ئولتۇرۇپ تۇرۇشىمىزغا ساقىي يوغان ئىستاكانغا لىققىدە پىۋا قۇيۇپ ئالدىمىزغا قويدى.

— بىز... بىز... ئىچەلمەيمىز،— دېدى ئابدۇخېلىل.

— بۇ دېگەن ھاراق ئەمەس، ئىچىۋېرىڭلار.

— بولدى، بىزگە زورلىماڭ، بۇنداق ئىشنى قىلماپتىكەنمىز.

ئۇلار بىردەم تالاشقاندىن كېيىن نىياز تيەنجىن ئارىغا چۈشتى.

— ئىچمىسە بولدى زورلىما، ئىچمىلىك دېگەن زورلايدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇنداق بولسا ماۋۇ يېمەكلىكلەردىن ئالغاچ ئولتۇرۇڭلار ئۇكىلىرىم.

نىياز تيەنجىن قىرىقلاردىن ئاشقان، ئېگىز بويى، ئۇستىخانلىق، چاچسىز بېشى مىس چۆگۈندەك پارقىراپ تۇرىدىغان ئادەم ئىدى. گۆشلۈك يۈزى قانسىراتمىغان ئۆپكىدەك بىقسىرىپ تۇراتتى. كۆزلىرى تولىمۇ سوغۇق بولۇپ، قاراشلىرى ئادەمگە خۇددى ھەممە نەرسىدىن نەپرەتلىنىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئەمەت ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ بىر نەچچە ئېغىز كۇسۇرلىغاندىن كېيىن، نىياز تيەنجىن بىزگە ھېلىقىدەك سوغۇق نەزىرى بىلەن قايتىدىن سەپسېلىپ چىقتى.

— ھە، ئاشپەزمۇ سىلەر ئۇكىلىرىم؟

— شۇنداق،— دېدى ئابدۇخېلىل ئۇنىڭدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ.

— مەن بىلەن تيەنجىنگە چىقامسىلەر ـ يا؟

بىز بىر ـ بىرىمىزگە قاراپ قويۇپ جىم تۇرۇپ قېلىشتۇق، ئۇنىڭ تەكلىپىگە قارىتا تېخى كۆڭلىمىزدە سان يوق ئىدى.

— بىز بىر يېزىدىن ئىكەنمىز، سىرتتا بىر يېزا ئەمەس، بىر ۋىلايەتتىن بولسىمۇ تۇغقاندەك تۇيۇلۇپ كېتىدىغان گەپ. سىلەرنى زىيان تارتقۇزمايمەن، بۇ يەردىكىدىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق ئىش ھەققى بېرىمەن.

بىز بىر نەرسە دەپ بولغىچە ئەمەت قارىۋاي گەپكە ئارىلاشتى:

— ماقۇل دېگىن، ئاداش. بىرگە ئىشلەيمىز، شۇ باھانىدا ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىمۇ كۆرۈۋالسەن.

— بىز... ئويلىنىپ كۆرەيلى،— دېدى ئابدۇخېلىل.

— ئۈرۈمچىدە يەنە بىر كۈنلا تۇرىمىز، شۇڭا ئەتە جاۋابىنى بېرىڭلار. ئەمەت سىلەرنى ئىزدەيدۇ.

بىز يەنە بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن خوشلاشتۇق. ئايرىلىش ئالدىدا ئەمەت قارىۋاي ئاشخانىنىڭ ئورنىنى سورىۋالدى. ياتاققا قايتىپ كېلىپ خېلىغىچە ئۇيقۇمىز كەلمىدى. ئۇلار بىلەن ئۇچراشقاندىن باشلاپ بىزنىڭ روھىي دۇنيايىمىزمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتكەن ئىدى.

— سېنىڭچە قانداق قىلساق بولار، ئاداش؟— دېدى ئابدۇخېلىل تازا كۆڭۈل توختىتالمايۋاتقاندەك.

مېنىڭ بۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا يۇرتقا قايتىش خىيالىم بار ئىدى. لېكىن ھازىر تۇرۇپلا بۇ گەپ چىققاندىن كېيىن، مەنمۇ دەماللىققا بىرنەرسە دېيەلمىدىم.

— ئۆزۈڭ قارار قىلغىن،— دېدىم ئاخىر.

— مەنچىغۇ، ئەگەر راستلا شۇنداق يۇقىرى ئىش ھەققى بەرسە، بىرەر يىل ئىشلەپ كۆپرەك پۇل تېپىپ ئاندىن بىراقلا يۇرتقا كەتسەكمۇ بولاتتىكەن.

ئىككىلىمىزنىڭ بۇ ئىشقا سەل مەيلى بولسىمۇ، لېكىن كەسكىن بىر قارارغا كېلەلمىدۇق. ئۆيدىن چىققان چاغدىكى قىزىق قانلىقىمىز بولسىغۇ ئەتىلا يولغا چىقىپ كەتكەن بولاتتۇق، بىراق بىز ھازىر خېلى ئىش كۆرۈپ، ئۆزىمىزنى بېسىۋالغان ئىدۇق. خىيالىمىزغا كەلگەننى قىلىۋېرىشكە بولمايتتى.

ئەتىسى سەھەردە يەنە ئادەتتىكىدەكلا ئىشقا چىقىۋەردۇق. لېكىن كاللىمىز زىددىيەتلىك خىياللار بىلەن تولغان ئىدى. چۈشكە يېقىن ئابدۇخېلىل مېنى بىر چەتكە تارتتى.

— قانداق قىلىمىز، ئاداش؟ ئەمەت كېلىپ سۆيلەۋاتىدۇ؟

— بارساق بارايلى.

ئەمەلىيەتتە ئابدۇخېلىلمۇ بىر قارارغا كېلىپ بولغان، پەقەت ماڭا بىسىم قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈنلا مېنىڭ رايىمغا بېقىۋاتاتتى. جاۋابىمنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

— ئەمىسە جاۋابىنى بېرىۋېتەي.

— شۇنداق قىلغىن. سېنىڭچە ئۇلار ئىشەنچلىكمۇ؟

— ھازىر بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ، ۋاقتى كەلگەندە كۆرىمىز.

بىز چاندۇرماي ئىشقا كىرىشىپ كەتتۇق. ئىسسىم جايىدا بولمىغاچقا، تاماق ھېسابىدا بىر نەچچە قېتىم ئېزىپ كەتتىم. ھېلىمۇ جاپپار غوجايىن سىرتقا چىقىپ كەتكەچكە، بۇ ئىشقا دىققەت قىلىدىغان ئادەم يوق ئىدى.

كەچكە يېقىن قىرىشقاندەكلا ئاشخانىدا مېھمانلار كۆپىيىپ كەتتى. ئاشپەز باللار قول - قولىغا تەگمەي ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدىكى تەرلىرىنى ئېرتقىلىمۇ چولىسى تەگمەيتتى. ئەمەت يەنە كەلدى. ئۇ ئابدۇخېلىلنىڭ ئالدىراشلىقىنى كۆرۈپ مېنىڭ پېشىمنى تارتتى.

— ئاكاڭغا دەپ قوي، ئىشتىن چۈشۈپلا تەييارلىق قىلىڭلار، كېچە سائەت 00 :1نىڭ پويىزىدا ماڭىمىز.

مەن گەپ قىلمايلا بېشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم. ئۇ مېنى راستلا ئابدۇخېلىلنىڭ ئىنىسى دەپ ئويلاپ قالغان ئىدى.

ئاخىرى ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىتمۇ بولدى. ئاۋۋال ئاشپەز باللار ئىشنى توختاتتى. ئۇلار قازاننى يۇيۇپ، ئوچاقنىڭ ئوتىنى تارتىۋېتىپ ئاندىن قايتاتتى. بىزمۇ ئورۇندۇق - ئۈستەللەرنى سۈرتۈپ تازىلاپ، يەرنى سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن ئىشتىن چۈشەتتۇق.

— مۇشۇنداقلا كېتىمىزمۇ؟ — دېدىم كىيىم ئالماشتۇرىۋاتقان ئابدۇخېلىلنىڭ يېنىغا بېرىپ.

— ياق، — ئابدۇخېلىل ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ ئاۋازىنى پەسەيتتى، — بىرىنچىدىن ئۇ ياخشى ئادەم، بىزگىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلدى، تۇز كۇرلۇق قىلساق بولمايدۇ. ئىككىنچىدىن ئۇنىڭدىن ئالىدىغان ئىش ھەققىمىز بار.

— ئەمىسە ھازىرلا كۆرۈشىمىزمۇ؟

— كۆرۈشەيلى، ئاچچىقلاپمۇ كەتمەس.

ئابدۇخېلىل كىيىم ئالماشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، زالغا كىردۇق. جاپپار غوجايىن ئاشخانىنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ، پۇللارنى يىغىپ ئاندىن ھەممىنىڭ ئارقىسىدا قايتاتتى. بىز كىرگەندە ئۇ غەلىدىكى پۇللارنى رەتلەۋاتقان ئىكەن، بىزنى كۆرۈپ سىمىز يۈزلىرىدىكى تەرلىرىنى سۈرتكەچ كۈلۈپ قويدى.

— ھە، ئارام ئالماپسىلەرغۇ؟ پۇل لازىممىدى؟

بىز بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ قويدۇق. ئۇنى كۆرۈپلا تىلىمىز تۇتۇلۇپ، گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي قالغان ئىدۇق. ئىلگىرى ئادەتتىكىچىلا كۆرۈنگەن بۇ ئادەم، بۈگۈن نېمىشقىكىن شۇنچە سۈرلۈك ۋە بەھەيۋەت كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. ئاخىرى يەنىلا ئابدۇخېلىل جۈرئەتلىكرەك كەلدى.

— بىز... بىز... قايتايلى، دېگەن.

جاپپار غوجايىن گەپنى ئاڭقىرالمىغاندەك، بېشىنى كۆتۈرۈپ تەئەججۈپ ئىلكىدە ئابدۇخېلىلغا قارىدى.

— نەگە قايتماقچى ئىدىڭلار؟

— يۇرتقا... بېرىپ كېلەيلى دەپ...

— تويۇقسىزلىما؟ مۇشۇ كېچىدە؟

— ھەئە، شۇ... جىددىي خەۋەر كېلىپ...

ئابدۇخېلىل سەنمۇ بىر نەرسە دېمەمسەن، دېگەندەك قىلىپ ماڭا قاراپ قويدى. ئەمما مېنىڭ كاللام قۇرۇقدىلىپ، ھېچبىر گەپ يادىمغا يەتمەيتتى. بۇ يەردىن «پارت»لا قىلىپ قېچىشقا ئاران تۇراتتىم.

جاپپار غوجايىن بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، بىزگە قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— بوپتۇ، يۇرتقا بارىدىغان ئىشىڭلار بولسا بېرىپ كېلىڭلار. ئاتا - ئاناڭلارنىمۇ سېغىنغانسىلەر. لېكىن مېنى ئالداپ باشقا يەردە ئىشلىگۈچى بولماڭلار.

— ياق، ياق، ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمىز.

جاپپار غوجايىن ئىش ھەققىمىزنى ھېسابلاپ تولۇق بەردى. ئاندىن يەنە ھەر بىرىمىزگە 200 يۈەندىن يوللۇق تۇتتى.

— ئاز بولسىمۇ يولدا تاماق يەرسىلە.

— رەھمەت، رەھمەت.

بىز پەقەت شۇنىلا دېيەلىدۇق. گەرچە نېمە قىلىش ئۆزىمىزنىڭ ئەركىنلىكى بولسىمۇ، لېكىن ھازىر خۇددى بىز ئۇنىڭغا قەرزداردەك، بىر خىل خىجىللىق، قىيالماسلىق يۈرىكىمىزنى ئۆرتىمەكتە ئىدى.

ياتاققا كىرىپلا تەييارلىققا كىرىشىپ كەتتۇق. ئابدۇخېلىل بىرىنچى بولۇپ ياسىنجان ئۇستامدىن قالغان گىتارنى ئاۋايلاپ قېپىغا سالدى. كىيىملەرنى چامادانغا قاچىلاپ ئەمدى تەخ بولۇپ تۇرۇشىمىزغا ئىشىك چېكىلدى. مەن جاپپار غوجايىن بىزنى ئۇزاتقىلى كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىم. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا ئۇ بىزنى تېخىمۇ ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالدۇراتتى. ئاستا

بېرىپ ئىشىكنى ئاچتىم. ئىشىك تۈۋىدە ئەممەت قارىۋاي ھەجىيىپ تۇراتتى.

— تەييار بولدۇڭلارمۇ؟

— شۇنداق.

ئۇنىڭ جاپپار غوجايىن ئەمەسلىكىنى بىلىپ، بىردىنلا كۆڭلۈم يېرىم بولۇشقا باشلىدى. ئۇنى كىرىپ قالسىكەن دېگەن ئۈمىدتە سىرتقا بويۇنداپ قارىدىم. لېكىن ئۇنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. مۇشۇ تۇراقسىز كەيپىياتىمدا كاللامدىكى ۋاقىت تەرتىپىمۇ قالايمىقانلىشىپ، ئۆزۈمنى خۇددى چۈش ئىچىدە ياشاۋاتقاندەك خامۇش ھېس قىلدىم. ئەمەلىيەتتىمۇ بىز راستىلا بىر چۈش ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتاتتۇق.

ئەممەت قارىۋاي ياتاققا كىرىپلا ئابدۇخېلىلنى ئالدىرىتىشقا باشلىدى:

— ماڭايلى، ئاداش. نىياز ئاكام ساقلاپ كەتتى.

— كېچە سائەت 1:00دە دېگەنغۇ؟

— ۋاي، بالدۇرراق جەم بولغاننىڭ نېمە يامىنى بار؟ نىياز ئاكام مىس-مىس ئىشقا بەك ئۆچ.

بىز نەرسە-كېرەكلەرنى كۆتۈرۈشۈپ سىرتقا چىقتۇق. بۇ ئۆيدە ئىككى يىلدىن ئارتۇق تۇرغاچقا مېھرىمىز چۈشۈپ قالغان ئىدى. يەنە كېلىپ ياسىنجان ئۇستامنىڭ روھىمۇ بۇ ئۆيگە سىڭىپ كەتكەندەك بىلىنەتتى. شۇڭا ئۇۋۇسنى تاشلاپ ماڭغان قۇشتەك، ئارقىمىزغا يېنىش-يېنىشلاپ قاراپ كەتتۇق.

9

بىز ئۈرۈمچىگە كېلىشتە يۈك ماشىنىسى بىلەن كەلگەن ئىدۇق. ئۇ چاغدا تۇنجى قېتىم يىراق سەپەرگە چىقىشىمىز بولغاچقا، نېمىلا بولسا نىشانغا يېتىۋالساقلا بولدى دەپلا ئويلايتتۇق. ماشىنا تاللىغۇدەك جۈرئەت ۋە قۇدرىتىمىزمۇ يوق ئىدى. بۇ قېتىم تېنەنجىنگە پويىز بىلەن يولغا چىقتۇق. ئەلۋەتتە بۇنىڭ كىراسىنى نىياز ئاكا بەرگەن ئىدى. بىزنىڭ ئولتۇرغىنىمىز كارىۋاتلىق ۋاگون بولۇپ، خۇددى ئۆيدە ياتقاندەك پۇت-قولنى ئۇزۇن سۇنۇپ قويۇپ ئۇخلاپ ماڭىمىز، ئىچىمىز پۇشسا ۋاگونمۇ ۋاگون ئارىلاپ ماڭىمىز. ئەتراپىمىز پۈتۈنلەي ناتونۇش ئادەملەر، بىز چۈشەنمەيدىغان تىللار...

شۇنداق قىلىپ ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ بېيجىڭغا كەلدۇق. مەن شۇندىلا ئۈرۈمچىدىنمۇ چوڭ شەھەرنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قالدىم. بېيجىڭ ھەقىقەتەن چوڭ ئىدى. ئادەمگە بۇ زېمىننىڭ ھەممە يېرىنى شەھەر قاپلاپ تۇرغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئەپسۇس، بىزگە بۇ پايانسىز گۈزەل شەھەرنى كېزىپ، ھۇزۇر بىلەن تاماشا قىلغۇدەك پۇرسەت يوق ئىدى. ئەمەتنىڭ ئېيتىشىچە بىز ئەمدى ئاپتوبۇس بىلەن يەنە بىر نەچچە سائەت يول يۈرسەك ئاندىن تېنەنجىنگە بارىدىكەنمىز. تېنەنجىنمۇ بېيجىڭدىن قېلىشمىغۇدەك چوڭ ۋە گۈزەلمىش.

ئاپتوبۇس بېكەتكە كىرگەندە كۈن ئولتۇراي دەپ قالغان ئىدى. نىياز ئاكا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان بولسا كېرەك، بىز ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ تۇرۇشىمىزغا، ئىككى كىچىك ماشىنا ئالدىمىزغا كېلىپ توختىدى. بۇ بىر-بىرىدىن ئېسىل ماشىنىلار بولۇپ، كۆكۈچ سىرلىرى كەچكى قۇياش نۇرىدا ۋالىلداپ چاقناپ تۇراتتى. ئادەم بۇ ماشىنىغا چىقىش تۈگۈل تۇتۇپ بېقىشتىنمۇ ئەيمىنەتتى. شۇ ئارىدا ئەممەت قارىۋاي باشلىق بىر نەچچەيلەن كېلىپ، نىياز ئاكىنىڭ قولتۇقلىرىدىن يۆلەشتۈرۈپ ماشىنىغا چىقاردى. ئەگەر بۇ ئىشلار يۇرتتا بولۇپ قالغان بولسا كىشىلەر ئاغزىنى ئېچىپ ھاڭ-تاڭ قالغان بولاتتى.

بىز نىياز ئاكا چىققان ماشىنا قوزغىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىككىنچى ماشىنىغا چىقتۇق. ئەممەت قارىۋايمۇ بىز بىلەن بىللە ئىدى. ئۇ «كۆردۈڭلارمۇ، ئاكامنىڭ قالتىسلىقى بارمىكەن؟» دېگەندەك پات-پات بىزگە كۆرەڭلىك بىلەن قاراپ قوياتتى. بىز كېتىۋاتىمىز، كوچا چىراغلىرى ئاللىقاچان يورۇپ كەتكەن بولۇپ، رەڭدار نۇر ئارىسىدا شەھەر تېخىمۇ گۈزەل، جىلۋىدار كۆرۈنەتتى. لېكىن بۇ گۈزەل شەھەر نېمىشقىكىن ماڭا دۆڭكۆۋرۈكتەك ئىللىق تۇيۇلمىدى.

ماشىنا نۇرغۇن كوچىلاردىن ئۆتۈپ، ئاخىرى بىر بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— ماڭا ئەگىشىپ مېڭىڭلار، — دېدى ئەممەت قارىۋاي بىزگە قاراپ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا.

ماڭا ئۇنىڭ ئۈرۈمچىدىكى يېقىنچىلىق تۇيغۇسى سەل سۇسلاشقاندەك بىلىندى. ئەمما، سەپەردە چارچىغاندۇ، دېگەن قىياس بىلەن ئانچە پەرۋا قىلماي كەتمىدىم. بىز چامادانلىرىمىزنى كۆتۈرۈشۈپ ئۇنىڭغا ئەگەشتۇق. ئۇ بىزنى بىنانىڭ ئۈستىگە ئەمەس، ئاستىغا باشلاپ ماڭدى. تار، قاراڭغۇ يەر ئاستى يولى بىلەن بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، چوڭ بىر ئۆيگە كىردۇق. توك چىراغنىڭ يورۇقىدا ئۆي ئىچى سەل قالايمىقان كۆرۈنەتتى. كارىۋاتنىڭ ئورنىدا قويۇلغان تاختاي، كارتون قەغەزلەرنىڭ ئۈستىدە كىر باسقان كۆرپە، ئەديياللار قالايمىقان تاشلانغان بولۇپ، ئۆي ئىچىدىن زەي ۋە يەنە ئاللىقانداق غەيرىي پۇراقلار دىماققا ئۇرۇلاتتى. بۇلۇڭدىكى كارىۋاتتا 13-15 ياشلاردىكى تۆت بالا قارتا ئويناپ ئولتۇراتتى.

— قوپۇشە! — دېدى ئەممەت قارىۋاي قەھرى بىلەن، — بۇ يەرنى رەتلەپ ماۋۇ ئىككى ئاكاڭغا جاي

راسلاش.

مەن شۇ چاغدا قارىۋاينىڭ كۆزلىرىدىن «يالت» قىلىپ چاقنىغان ئاجايىپ بىر رەھىمسىزلىكنىڭ ئۇچقۇنىنى غىل-پال كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭ ئاشۇ قارامتۇل چىرايىنىڭ ئاستىدا يەنە نۇرغۇن سىرلار يوشۇرۇنۇپ ياتقاندەك بىلىندى. ئانچە بالىلارمۇ چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر چەتتىكى كارتون قەغەزلەرنى يىغىپ جاي راسلىدى. ئىش پۈتكەندىن كېيىن ئەمەت بىزگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى، بىراق كېچىنىڭ يۈزى يەنىلا زۇلمەتلىك ئىدى.

— بۈگۈنچە مۇشۇ يەردە يېتىپ تۇرۇڭلار، ئاداش. ئەتە ئاكام ئايرىم ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

بىز بېشىمىزنى لىڭشىتىپلا قويدۇق. ھەر ئىككىلىمىزنىڭ گەپ قىلىشقا رايىمىز قالمىغان ئىدى. بىز خۇددى بىرەرسىنىڭ «ئولتۇرۇڭلار!» دېيىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك ئۆرە تۇرۇپ كەتتۇق. مېنىڭ كاللامدا ئۈرۈمچىدىكى رەتلىك، ئۆز ئۆيىمىزدەك ئىللىق ياتىقىمىز، جاپپار غوجايىننىڭ خۇشخۇي چىرايى، يولدا كەلگۈچە غىل-پال كۆرگەن تاغ-دالا، يېزا-قىشلاقلار، ئۇپۇق قويىنىغىچە سوزۇلغان بىپايان بېيجىڭ شەھىرى، تيەنجىننىڭ كەچلىك مەنزىرىلىرى ئەكس ئېتىپ، مۇرەككەپ بىر تۇيغۇغا ئەسىر بولغان ئىدىم.

— ئولتۇرايلى،— دېدى ئابدۇخېلىل پېشمىنى تارتىپ.

مەن شۇندىلا سەپەر جەريانىدىكى ھاردۇقلىرىمىزنى ئېسىمگە ئېلىپ، ۋۇجۇدۇمنىڭ لايدەك بوشاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.

بايىقى تۆت بالا ئەمدى ھېچ ئىش قىلماستىن بىزدىن كۆزىنى ئۈزمەي ئولتۇراتتى. گەپ سورىغۇسى باردەك قىلاتتى-يۇ، بىرسىدىن قورقۇۋاتقاندەك خۇدۇكسىرەيتتى. ئابدۇخېلىل بىر تال يۇڭ ئەديالنى ئېلىپ قاتلاپ بېشىغا قويۇپ ياتقاندىن كېيىن، بالىلاردىن گەپ سوراشقا باشلىدى:

— نىمانچە ئۈركۈيسىلەر، بىز باشقىچە كۆرۈنىۋاتىمىزمۇ-يا؟

بالىلار بىر-بىرىگە قاراشتى.

— كېلىڭلار كۆرۈشۈپ قويايلى،— دېدىم مەن ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ.

ئۇلار بىردىن، ئىككىدىن ئالدىمىزغا كېلىپ، بىز بىلەن قول ئېلىشتى.

— س... سىلەر، بىزگە ئاكا بولغىلى كەلگەنلەرما؟

بويىنىڭ كىچىكلىكىگە باقماي، پارقىراپ تۇرىدىغان تەبىئىي بۇدۇر چاچلىرى ئۆزىگە تولىمۇ ياراشقان 15 ياشلار چامىسىدىكى بۇلاقكۆز كەلگەن بالا تويۇقسىز سوراپ قالدى.

— نېمە؟ ئاكا بولغىلى؟— ئابدۇخېلىل ئۇنىڭ گېپىدىن سەل ھەيرانلىق ھېس قىلدى.

— ھەئە، ئەگەر ئاكا بولساڭلار رەھىم قىلىپ قويارسىلەر، بىز تېخى يېڭى، قولىمىز گال.

— سىلەر ئاشخانىدا ئىشلەمسىلەر؟

— ياق، بازار ئايلىنىمىز.

— مەن گېپىڭلارنى ھېچ چۈشەنمىدىم.

— سىلەر بازار ئايلانامسىلەر؟

— ياق، مەن دېگەن ئاشپەز.

— ئۇنداقتا ئىشىمىز باشقا ئىكەن-دە.

— سىلەرنى بۇ يەرگە كىم ئەكەلدى؟

— بايىقى ئەمەتجان ئاكاش.

— نېمە قىلغىلى ئەكەلدى؟

بالىلار بىر-بىرىگە قارىشىپ جىم تۇرۇۋېلىشتى. ئۆزىنىڭ ئارتۇق گەپلەرنى قىلىپ قويغانلىقىنى سەزگەن بۇدۇر چاچ ئاستا ئارقىغا ئۆتۈۋالدى. ئۇنىڭدىن ئەمدى گەپ چىقمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئابدۇخېلىلمۇ گەپ سوراشتىن زېرىكتى بولغاي، يېنىچە بولۇپ ياتتى. دېمىسىمۇ سوئال كۆپەيگەنسېرى ئىشلار چۈشىنىكسىز بولۇپ كېتىۋاتاتتى. بىردەمدە ئۇنىڭ يېنىك خورەك ئاۋازى ئاڭلاندى. بىئاراملىق تۇيغۇلار كۆڭلۈمنى پاراكەندە قىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇيقۇنىڭ ۋۇجۇدى روھىمغا يامىشىپ، مېنى ئاستا-ئاستا بىخۇدلۇق ئالىمىگە باشلاپ ماڭدى. مەن ھەممىنى ئۇنتۇدۇم.

## 10

ئەتىسى ئورنۇمدىن تۇرغاندا چىراغ يەنىلا يېنىقلىق ئىدى. يەر ئاستى ئۆيىنىڭ دېرىزىسى بولمىغاچقا، سىرتتا قايسى ۋاق بولغانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. بۇلۇڭدىكى كارىۋاتتا قارىسام ھېلىقى تۆت بالا كۆرۈنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئۆيدىن قاچان چىقىپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمىدىم. سەپەر ھاردۇقى راسا يەتكەن بولسا كېرەك، ئابدۇخېلىل ھېچنېمىنى تۇيماي ئۇخلاۋاتاتتى. ئۆي سەل دىمىق بولغاچقا، ئۇنىڭ يۈزلىرىدە تەر تامچىلىرى پارقىراپ تۇراتتى. ئۇنى ئويغاتماقچى بولۇپ، دەرھال بۇ خىيالىمدىن يالتىيىپ قالدىم. ئۇ بەكلا تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى، چارچىغان ئادەم ئۈچۈن شېرىن ئۇيقۇنىڭ ئۆزى بىر دۆلەت، ئۇنىڭغا چېقىلىش دۈشمەنلىك. بۇ گەپلەرنى بىر يەردە ئاڭلىدىممۇ، ياكى ئۆزۈم ئويلىدىممۇ بىلمەيمەن.

ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، شەپە چىقارماي دەسسەپ سىرتقا ماڭدىم. ئاخشام كىرگەن

كارىدور بىلەن سىلاشتۇرۇپ يۇرۇپ يۇقىرىغا چىققاندا تۇيۇقسىز تەگكەن قۇياش نۇرى كۆزلىرىمنى چاقنىتىۋەتتى، بىر ھازا كۆزۈمنى ئاچالماي قالدىم. كۆزۈمنى ئاچقاندا بولسا كۆز ئالدىمدا سانجاق - سانجاق بىنالار بىلەن تولغان يېڭى بىر شەھەر يېيىلىپ تۇراتتى. كۆن ئارغامچا بويى ئۆرلىگەن بولۇپ، ئېگىز بىنالارنىڭ ئارىلىرىغا قىسىلىپ قالغان قۇياش نۇرى، قىلىچنىڭ بىسىدەك چاقنايتتى.

مەن ئەتراپىمغا نەزەر سالدىم. ئەتراپتا نە نىياز ئاكا، نە ئەمەت قارىۋاي، نە ئاخشامقى تۆت بالىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. شۇ چاغدا «بۇلار بىزنى يەر ئاستى ئۆيگە سولاپ قويۇپ، ئۇنتۇپ قالدىمكىنە؟» دېگەنلەر خىيالىمدىن كەچتى. مەن سەل نېرىراق بېرىپ بېقىشنى ئويلىدىم - يۇ، يىراقلاپ كېتىپ، خۇددى بىر قېلىپتا قۇيۇپ چىققاندەك ئوپ - ئوخشاش بىنالارنى پەرق ئېتەلمەي، ئېزىپ كېتىشىمدىن قورقتۇم. بىنانىڭ ھويلىسىدا يوغان بىر تۈپ مەنزىرە دەرەخ ۋە چىملىقلار بولۇپ، بىر نەچچە ياشانغان بوۋاي - مومايلار نەۋرىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، چىملىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تار يولدا مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇلار ماڭا غەلىتە بىر نەزەردە پات - پات قاراپ قوياتتى.

مەن ئەمدى كىرىپ كېتەي دەپ تۇرۇشۇمغا، بىر كىچىك ماشىنا چىملىقنى ئايلىنىپ كېلىپ يېنىمدا توختىدى. ماشىنا توختاشتىن ئىلگىرىلا بۇ ماشىنىدا بىزنى كۆرگىلى كەلگەنلەرنىڭ بارلىقنى يۈرىكىم تۇيۇپ بولغان ئىدى. ماشىنىدىن ئوتتۇز ياشلاردىن ھالقىغان ئىككى ئادەم چۈشتى. گەرچە ئۇلارنى تونۇمىساممۇ ئۆز قوۋملىرىمىزنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بىر ئاز كۆتۈرۈلۈپ قالدى. چۈشكەنلەرنىڭ بىرى ئۇزۇن ئېگىز، يۇمۇق كۆز، دارازا ئادەم ئىدى. يەنە بىرى سەل توغرۇلۇق، ماڭلىيى كەڭ، پاقا كۆز ئادەم بولۇپ، ھەر ئىككىيلەننىڭ چىرايىدىن بىر خىل سوغۇقلۇق يېغىپ تۇراتتى.

ئۇلار ئالدىمغا كەلگەندە بەلكىم قول ئېلىشىپ كۆرۈشەرمىز، دەپ ئويلىغان ئىدىم. چۈنكى بۇمۇ بىر خىل ئىللىقلىق، يېقىنچىلىقنىڭ ئىپادىسى ئىدى. بىراق ئۇلارنىڭ ئەپتىگە قاراپلا بۇ خىيالىممۇ يوققا چىقتى.

— يەنە بىر بالا قېنى؟— دېدى پاقا كۆز، ئۇنىڭ مەن بىلەن ھال - ئەھۋال سوراشقۇسىمۇ يوقتەك قىلاتتى.

— ئىچىدە، ئىچىدە ئۇخلاۋاتىدۇ.

— ئۇنى چاقىرىپ چىق، ئاكامنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بار.

مەن بىزنى كۆرگىلى نىياز ئاكا، ياكى ھېچبولمىسا ئەمەت قارىۋاي كېلەر دەپ ئويلىغان ئىدىم. چۈنكى بىزنى شۇلار ئەكەلگەن ئەمەسمۇ. مەن يەر ئاستى ئۆيگە كىرگەندە ئابدۇخېلىل يەنىلا ئۇخلاۋاتاتتى. ئىلاجسىز ئۇنى بوش - بوش تۈرتتۈم. ئۇ بىر نەچچە تولغىنىپ قويۇپ كۆزىنى ئاچتى.

— قايسى ۋاق بولدى؟

— ئاش ۋاقتىدىن ئاشتى. ئورنۇڭدىن تۇرغىن، بىزنى چاقىرغىلى ئادەم كەلدى.

ئابدۇخېلىل ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى كىيدى. بۇ ئۆيدە يۈز يۇيغىدەك سۇمۇ يوق ئىدى. ئۇ كۆزلىرىنى تازا بىر ئۇۋۇلىۋەتكەندىن كېيىن، ئارقامدىن ماڭدى. بىز ئۈستىگە چىققاندا ھېلىقى ئىككىسى تاماكا چېكىشىپ تۇراتتى. ئابدۇخېلىلنى كۆرۈپ بۆلەكچە دىققەت بىلەن قاراپ كەتتى. ئۇ ئىككىسىگە قارىغاندا ئابدۇخېلىلنىڭ ئۇستىخانلىرىنى ھەقىقەتەن قاملاشقان دېيىشكە بولاتتى، ئۇنىڭ مۈرىلىرى كەڭ، كۆكرەك ۋە مۇسكۇللىرى بۆرتۈپ چىققان، مۇشتۇملىرىمۇ ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭكىدىن چوڭ ئىدى. ئىككىسى كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلارنىڭ بايا ماڭا قىلغان مۇئامىلىسى بىلەن ھازىرقى ئەھۋالنى ئويلاپ ئۆزۈمچە كۈلگۈم كەلدى.

— ئاكام سىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا بىزنى ئەۋەتتى،— دېدى پاقا كۆز سەل مۇلايىملىق بىلەن،— قېنى ماشىنىغا چىقىڭلار.

— يۈك - تاقلارچۇ؟— دېدىم مەن.

— ئارقاڭلاردىن يەتكۈزۈپ بېرىمىز.

بىز بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ قويۇپ ماشىنىغا چىقتۇق. ماشىنا چوڭراق بىر كوچىغا كىرگەندىن كېيىن، چۈمۈلىدەك مىغىلداپ كېتىۋاتقان ماشىنا دولقۇنىغا قېتىلىپ ئېقىشقا باشلىدى. بىز كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ھەيرانلىق بىلەن قارىشاتتۇق. ئادەملەر شۇنچىلىك كۆپ، يەنە كېلىپ خۇددى بۇ شەھەردىن كۆچۈپ كەتمەكچى بولۇشۇۋاتقاندەك نەگىدۇر ئالدىراپ مېڭىشاتتى. ماگىزىن، تاللا بازارلىرىغا قاراپ كۆزلەر ئالاچەكمەن بولۇپ كېتەتتى.

شەھەر مەنزىرىسىگە قىزىقىپ، قانچىلىك ماڭغىنىمىزغىمۇ دىققەت قىلماپتىمەن. ماشىنا توختىغاندا كىچىكرەك بىر كوچىنىڭ بويىدا تۇرغانلىقىمىزنى بىلدىم. خۇددى بىنانىڭ يانچۇقىغا ئوخشايدىغان بىر ئويۇقچىدا ئۈچ ئۇيغۇر بالا كاۋاپ سېتىۋاتاتتى. پاقا كۆز ماڭا ئۇ بالىلارنى ئىما قىلدى.

— سەن ئاۋۇ بالىلارغا ياردەملىشىپ كاۋاپ ساتقىن.

مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدىم. نىياز ئاكا بىزنى ئاشخانىدا ئىشلەپ بېرىڭلار دەپ ئېلىپ كەلگەن ئىدى. لېكىن بۇ ئىككىسى مېنى كاۋاپ ساتقىلى

قويۇۋاتاتتى.

— مەنچۇ؟— دېدى ئابدۇخېلىل سەل ئاچچىقى كېلىپ.

— خەيزىگودىكى ئاشخانىغا بارسەن.

— بۇ يەردىن قانچىلىك يىراقتا؟

— بىر نەچچە كوچا.

— ئىنىمنى يالغۇز تاشلىيالمايمەن، مەن نەگە بارسام ئۇمۇ شۇ يەرگە بارىدۇ.

يۇمۇق كۆز گەپكە ئارىلاشتى:

— بۇنى بىزگە دېگىنىڭنىڭ پايدىسى يوق، ئۇكا. ئاكام نېمە دېسە شۇنى قىلىدىغان گەپ. ئۇنىڭ گېپىگە بويۇنتاۋلۇق قىلىشقا ھېچكىم پېتىنالمايدۇ.

— ئەمەت قارىۋاي قېنى؟

— ئەتىگەن بېيجىڭغا كەتتى. ئۇمۇ بۇنداق ئىشقا ئارىلىشالمايدۇ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئادەم تېپىپ كېلىش. ئىككىمىز بۇ يەردىكى ئىشلارغا مەسئۇل.

— ئەمىسە نىياز ئاكام بىلەن كۆرۈشەي.

— دېدىمغۇ، پايدىسى يوق. نىياز ئاكامنى كۆرۈش ئۇنداق ئاسان ئەمەس، بىزمۇ بەك جىددىي ئىش بولمىسا كۆرۈشەلمەيمىز.

ئىشلار بىز ئويلىغاندەك بولمايۋاتاتتى. كۆپ پۇل تېپىش چۈشى قارا بېسىشقا ئايلىنىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى.

— بولمىسا ئىنىڭ ھازىرچە مۇشۇ يەردە ئىشلەپ تۇرسۇن،— دېدى پاقا كۆز،— بىر نەچچە كۈندىن كېيىن يېنىڭغا ئاپىرىۋالساڭمۇ بولىدۇغۇ؟!

بۇلارنىڭ ئەلپازىدىن قارىغاندا مۇشۇنداق قىلمايمۇ بولمايدىغاندەك قىلاتتى. مەن ماشىنىدىن چۈشتۈم.

— ئۆزۈڭنى ئاسرا،— دېدى ئابدۇخېلىل ئارقامدىن.

مەن كېتىۋاتىمەن، گويا ئابدۇخېلىلدىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قالىدىغاندەك بىر خىل تۇيغۇ يۈرىكىمنى ئەزمەكتە. كۆزلىرىم قىچىشىپ، ئىسسىق ياشلار ھازىرلا تۆرۈكلاپ تۆكۈلۈشكە تەييار تۇراتتى.

پاقا كۆز مەن بىلەن بىرگە كېلىپ، مېنى ھېلىقى كاۋاپچى بالىلارغا تونۇشتۇرۇپ قويۇپ كەتتى. مەن ئارقامغا بۇرۇلۇپ قارىغىنىمدا ماشىنا ئاللىقاچان كۆزدىن غايىب بولغان ئىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم،— دېدى يۈزلىرىنى ئىس بېسىپ قارىداپ كەتكەن، مەن دېمەتلىك بىر بالا ئالدىمغا كېلىپ. قارىغاندا بۇلار ھەرھالدا قائىدە ئۆگىنىدىغان بالىلاردەك قىلاتتى، قالغان ئىككىسىمۇ كېلىپ مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— ئۆزەڭلىنى نەدىن سورايمىز، ئاداش؟— دېدى ئالدىنقى بالا يەنە.

— ئاقسۇدىن،— دېدىم مەن پەس ئاۋازدا. كۆڭلۈم يېرىم بولغاچقا، كەيپىياتىممۇ ياخشى ئەمەس ئىدى.

— يۇرتتىن يېڭى كەلدىڭلىما؟

— ھەئە.

— بولىدۇ، تونۇشۇپ قالايلى، مېنىڭ ئىسمىم قاھار، ئۆزەڭلىنىڭچۇ؟

— سابىر.

— خەنزۇچە بىلەمسىلە؟

— ئۈرۈمچىدە يامان ئەمەس ئۆگەنگەن.

— ئۈرۈمچىدە تۇرغان دەڭلا.

— شۇنداق.

— قىلىدىغان ئىشىمىز مانا مۇشۇ ئاداش، ۋارقىراپ-جارقىراپ كاۋاپ ساتىمىز. قانچە جىق ساتساق شۇنچە ياخشى، لوبەن خۇش بولىدۇ، بىزمۇ خۇش، بولمىسا يەيدىغىنىمىز تاياق بىلەن مۇش.

ئۇ ماڭا قاراپ ھەييارلىق بىلەن كۆزىنى قىسىپ قويدى، ئاندىن مېنى ئۆگىنىۋالسۇن دېگەندەك بار ئاۋازدا ۋارقىراشقا باشلىدى:

— كاۋاپ، كاۋاپ، شىنجاڭدا كاۋاپ! قوي گۆشىدە ئەتكەن!!!...— دەپ خەنزۇچە تovۋلايتتى.

ئۇنىڭ ئاۋازى كوچىدىكى شاۋقۇن-سۈرەنلەرنى بېسىپ، يىراق-يىراقلارغا ئاڭلىناتتى.

شۇنچە يەردىن تيەنجىنگە كېلىپ كاۋاپچى بولۇپ قېلىشىمنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدىم. مەن بۇ ئىشتا تولىمۇ يەڭگىلتەكلىك بىلەن قارار چىقارغانلىقىمىزنى ھېس قىلىپ قاتتىق ئۆرتەندىم، لېكىن ھازىر نېمىلا دېسەك كېچىككەن ئىدۇق. ئەمدى تەقدىرگە تەن بەرمەكتىن باشقا ئامال يوقتەك قىلاتتى.

كاۋاپدانىنىڭ يېنىدا تۇرغان بالا قولىدىكى يەلپۈگۈچنى ماڭا تۇتقۇزدى.

— قېنى، قاراپ تۇرماي ماۋۇ كاۋاپلارنى يەلپۈڭلار، ئاداش. ھېلى تۇرسۇنكام كەلسە خاپا بولۇپ قالمىسۇن.

مەن يەلپۈگۈچنى ئېلىپ، كاۋاپداندىكى چوغنى يەلپۈشكە باشلىدىم. زىخقا ئۆتكۈزۈلگەن قىيمىلار پىژىلداپ كۆيۈپ، مەززىلىك پۇراق ئەتراپقا تارقالدى. كاۋاپنىڭ پۇرىقى سەزگۈلىرىمنى ئويغىتىۋەتتىمۇ، بىردىنلا قورساقلىرىم غولدۇرلاپ ئېچىشقا باشلىدى. بىز ئەتىگەنلىك ناشتىمۇ قىلمىغان ئىدۇق. ئۈچەيلىرىم تارتىشىپ چىدىغۇسىز دەرىجىگە يەتكەندە بالىلاردىن سورىدىم:

— بىز... بىز... قاچان تاماق يەيمىز؟

— ھېلى، تۇرسۇنكام كەلگەندە،— دېدى قاھار.

تۇرسۇنكام دېگەن كىم؟ بۇ كاۋاپدان بىلەن نېمە ئالاقىسى بار، ماڭا قاراڭغۇ ئىدى. مۇشۇ تاپتا كاۋاپتىن بولسىمۇ بىر-ئىككى زىخ يەۋالغان بولسام-ھە؟ بىراق ئۇياقتىن كېلىپلا بۇياقتىن كاۋاپ يەيمەن دېيىشكە يۈزۈم چىدىمىدى. ئاچ قورساق كاۋاپ سېتىش خۇددى ئادەمنىڭ نەپسىنى سىناۋاتقاندەكلا بىر ئىش ئىدى.

كۆن چۈشتىن قايرىلغاندا يۈزلىرىنى چېچەك ئىزلىرى قاپلىغان، 40 ياشلار ئەتراپىدىكى، مودا ساقال قويۇۋالغان بىر ئادەم كاۋاپداننىڭ يېنىغا كەلدى. باللار ئۇنى دىققەتتە تۇرۇپ ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالدى.

— ئاكا كەلدىڭىزمۇ؟— دېدى قاھار ئۇنىڭغا ئەركىلىگەندەك كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ھە، بازار قانداقراق؟

— يامان ئەمەس، ئىككى يۈز زىختەك ساتتۇق.

— يېرىم كۈندە ئىككى يۈز زىخما؟ بۇنداق ساتساڭ تاماق يېمەي يۈرسەڭ بولىدۇ جۇمۇ. ۋارقىراپ ساتمامسەن، ۋۇي لەڤۋالا!

— ماقۇل ئاكا، ۋارقىرايلى.

قاھار بىر پەس ۋارقىراپ خېرىدار چاقىرىۋەتكەندىن كېيىن توختاپ، مېنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى.

— بۇ ئاداشنى باراتكاملار ئەكەپتۇ.

— سەن دېمىسەڭمۇ بىلىمەن،— دېدى تۇرسۇنكام كۆزلىرىنى سەت ئالايتىپ. ئاندىن مېنىڭ باش-ئايىغىمغا بىر قۇر نەزەر سېلىپ چىقتى،— قارىسام قولىقى يۇمشاق بالىدەك قىلىسەن. ياخشى ئىشلە، ئۇنداق-مۇنداق ئىشلار يۈز بېرىپ قالمىسۇن. بۇ يەر ئۇرۇمچى ئەمەس.

مەن ئۇنىڭغا قانداق ئىپادە بىلدۈرۈشنى بىلمەي تۇرغاندا، قاھار بىقىنىمغا نوقۇشلىدى:

— «رەھمەت ئاكا» دېگىن. ئۇ بىزنىڭ غوجايىنىمىز.

مەن تىلىمنىڭ ئۇچىدىلا «رەھمەت» دەپ قويدۇم. لېكىن قاھارنىڭ خۇشامەتكۇي مىجەزى ماڭا ياقمىدى.

تۇرسۇن ئاكا كۆتۈرۈپ كەلگەن سولياۋ خالتىدىكى نەرسىلەرنى تار شىرەنىڭ ئۈستىگە قويدى. بۇ بىزنىڭ چۈشلۈك تامىقىمىزدەك قىلاتتى. قاھار كېلىپ ئۇنىڭ ئاغزىنى ئاچتى. ئىچىدە دۈملەنگەن گۈرۈچ ۋە بىر نەچچە خىل سوغۇق سەي بار ئىدى.

— قورساقنى تويغۇزۇپ، ياخشىراق سېتىڭلار،— دېدى تۇرسۇنكام،— مەن سەل تۇرۇپ كېلىمەن.

— ماقۇل، ئاكا.

ھەممىمىزگە ۋاكالىتەن قاھار جاۋابىنى بېرىۋەتتى.

قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتكەچكە، تاماقنىڭ ياخشى-يامانلىقى بىلەنمۇ كارىم بولماي، ھەش-پەش دېگۈچە ئىككى بولاق گۈرۈچ، بىر مۇنچە سوغۇق سەينى سوقۇۋەتتىم.

— ئىشتىيىڭ ياخشىكەن جۇمۇ؟— دېدى قاھار مېنىڭ تاماق يېيىشىمگە قاراپ.

تاماقتىن كېيىن بىز يەنە ۋارقىراپ كاۋاپ سېتىشقا باشلىدۇق. چۈشتىن كېيىن كاۋاپ يېگىلى كېلىدىغانلار سەل كۆپىيىشكە باشلىدى.

— بايىقى كىشى راستىلا بىزنىڭ غوجايىنىمما؟— سورىدىم مەن كاۋاپ يەلپۈگەچ يېنىمدىكى قاھاردىن.

— شۇنداق.

— ئەمىسە نىياز ئاكامچۇ؟

— قايسى نىياز ئاكاڭ؟

— نىياز تيەنجىن.

— بۇ يەردە نىياز تيەنجىن دەپ ئادەم يوق.

— نېمە دەيدىغانسەن، ئۇ بىزنى ئۈرۈمچىدىن ئەكەلمىدىمۇ؟

قاھار بىر پەس دېلىغۇللۇقتىن كېيىن ئىككى يېنىغا قاراپ قويۇپ، سۆزلەشكە باشلىدى؛

— نىياز ئاكا دېگەن چوڭ غوجايىن، ئۇنىڭ ئىسمىنى قالايمىقان تىلغا ئېلىشقا بولمايدۇ. باشقىلارغا دېيىشكە ھەم بولمايدۇ، پەقەت ئىچىمىزدىلا بىلىشىمىز كېرەك. يەنە سەن بەك دىققەت قىل، ئۇ ماشىنىسى بىلەن مېڭىپ داۋاملىق بىزنى ۋە باشقا تىجارەت ئورۇنلىرىنى كۆزىتىدۇ. قانداق ۋاقىتتا كېلىدىغىنىنى بىلمەيلا قالىسەن. ئۇ بىر ساينىڭ ئۆزى،— ئۇ سەل كۆپ گەپ قىلىپ قويغىنىنى سېزىپ، دەرھال گەپنى ئۈزدى،— بولدى، سېنى يېڭى دەپ بۇلارنى دەپ قويدۇم، قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىل.

مەن بۇ يەردىكى ئىشلارنىڭ تولىمۇ مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدىم. بۈگۈن ئۇچراشقان ئادەملەرنىڭمۇ مۇئامىلىسى، ھەرىكىتى نورمال ئەمەس ئىدى. قارىغاندا بىز كىرىشكە تېگىشلىك بولمىغان يولغا، كېلىشكە تېگىشلىك بولمىغان شەھەرگە كېلىپ قالغاندەك قىلاتتۇق.

تيەنجىنگە كېلىپ كاۋاپچى بولغىنىمغا ھەش-پەش دېگۈچە ئون كۈندىن ئاشتى. كۈندۈزى ئەتىدىن كەچكىچە ۋارقىراپ-جارقىراپ كاۋاپ ساتىمىز، ئاخشىمى خۇددى چاشقاندەك بىنانىڭ ئاستىدىكى يەر ئاستى ئۆيىگە كىرىپ تۆت يېرىمىغىچە زىخلارغا كاۋاپ ئۆتكۈزۈپ، توڭلاتقۇغا قاچىلايمىز. يەيدىغىنىمىز كۈندىكىدەك ئاق گۈرۈچ بىلەن سوغۇق سەي ئىدى، گاھىدا گۆشى شۇلۇۋېلىنغان ئۇستىخاننى قاينىتىپ،

شورپىسىغا هور نانىنى چىلاپ يەپ قالىمىز. تۇرسۇنكام خالىغانچە كوچا ئايلىنىشىمىزغا يول قويمايدۇ. كاۋاپنى بىرمۇ بىر ساناپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. كەچتە شۇ بويىچە ھېسابىنى ئالىدۇ. بىرەر زىخ كاۋاپنىمۇ ئۆزىمىز بىلىپ يېيەلمەيمىز. مەن راستلا قاھار ئېيتقاندەك كۆزىتىۋاتقانلارنىڭ بارلىقىنى سېزىپ قالدىم، ئەرۋاھقا ئوخشاش كۆلەڭگىلەرنىڭ بىزنى ئايلىنىپ يۈرگەنلىكى كۆزۈمگە چېلىقتى. چامادانىم ئىككى كۈندىن كېيىن ياتاقتا پەيدا بولۇپ قالدى.

تۇرسۇنكام كۈندە چۈشتە بىر ۋاق، كەچتە بىر ۋاق تاماق ئەكىلىپ بېرىدۇ. بازارنىڭ ئەھلىنى سورايدۇ. ئۇنىڭ نېمىشقا يېنىمىزدا مۇقىم تۇرمايدىغانلىقىنى زادىلا چۈشەنمەيمەن. ئۇ چۈشتە كەلگەندە يەنە تولىمۇ چىرايلىق بىر قەلەي قۇتىنى ئالغاچ كېلىدۇ. قاھارنىڭ دېيىشىچە ئۇنىڭغا كاۋاپقا ئىشلىتىدىغان دورا ـ دەرمەك قاچىلىنارمىش، لېكىن بىزنىڭ ئۇ قۇتىنى ئېچىشىمىزغا، ھەتتا تۇتۇشىمىزغىمۇ يول قويمايدۇ. چۈشتىن كېيىن ئۇنى ناتونۇش بىر ئادەم كېلىپ ئېلىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى ھېچقايسىمىز سورىمايمىز.

ۋاقت ئۆزارغانسېرى ئابدۇخېلىلنى سېغىنىشقا باشلىدىم. بىز شۇ كۈنى ئايرىلغانچە ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئالالمايۋاتاتتىم. تۇرسۇنكامدىن سورىۋىدىم، ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوقلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. ئۇ ھەتتا ھېلىقى پاقا كۆز بىلەن ئۆزۈن ئېگەك يومۇقىنىمۇ تونۇمايمىش. بۇ ئېنىقلا يالغان گەپ ئىدى، مېنىڭ تيەنجىنگە قاچان كەلگەنلىكىمدىن تارتىپ، بۇ يەردە كاۋاپچىلىق قىلىدىغانلىقىمغىچە ئالدىن خەۋەر تېپىپ تۇرغان ئادەمنىڭ، ئابدۇخېلىلنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بىر ئاي ئۆتتى، ئىككى ئاي ئۆتتى. ئۈچ ئاي بولغاندا ئىلاجسىز تۇرسۇنكامدىن ئىش ھەققىمنى سورىدىم. ئەمما ئۇ دەككەمنى بېرىپ، ئەزەلدىن بۇنداق بىر قائىدىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىغاندەك غەزەپ بىلەن ماڭا چېچىلدى.

— تاياق يېگۈڭ كەلدىمۇ؟ — دېدى شۇ ئاخشىمى قاھار، ياتاققا قايتىپ كىرگەندىن كېيىن.

— نېمە قىلغانغا تاياق يېگۈدەكمەن؟ ئىش ھەققىمنى سوراشمۇ خاتامۇ؟ — دېدىم مەنمۇ قايىل بولماي.

— نەدىكى ئىش ھەققىكەن ئۇ؟ سەنزە مۇشۇلارنى بىزگە ئىش ھەققى بېرىدۇ دەپ ئويلامسەن؟ پۇل بەرمىسىمۇ بىر كۈنلىرى ئىنسابقا كېلىپ يۇرتقا يولغا سېلىپ قويسا شۇنىڭ ئۆزى كاتتا ئىش.

— نىياز ئاكام بىزگە، ئۈرۈمچىدىكىدىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق ئىش ھەققى بېرىمەن دەپ ئەكەلگەن بۇ يەرگە.

— ھەممىسى يوق گەپ، بىزنىمۇ شۇنداق دەپ ئەكەلگەن، ئۈچ يىلدىن بېرى ئىش ھەققى ئېلىپ باقمىدىم. پۇلنىڭ گېپىنى قىلساق قاتتىق ئۇرىدۇ. شۇڭا قورساق ئاچ، ئۈچىمىز يالىڭاچ قالمىسا شۈكرى قىلىپ كېتىۋاتىمىز. تاياق يېمىگەننىڭ ئۆزى تەلەي. سەن تېخى بۇلارنىڭ ئادەم ئۇرغىنىنى كۆرمىدىڭ، قىلچە رەھىم قىلمايدۇ، تاياقتا ئۆلۈپ كەتسەڭمۇ كارى يوق.

— ئۇلارنى باشقۇرىدىغانلار يوقما؟

— ساڭا دېدىمغۇ، نىياز تيەنجىن دېگەن بۇ ئادەمنىڭ قولى بەك ئۇزۇن، ئىشىنىدىغان ئادىمى بار، قىلىمەن دېگىنىنى قىلىدۇ.

قاھارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مېنى قورقۇنچ بېسىشقا باشلىدى. ئۆزۈمنى خۇددى ئالۋاستى ئۇۋىسىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم.

— قېچىپ كەتسەكچۇ؟

قاھار بېشىنى چايقىدى.

— تېخىچە چۈشەنمەپسەن، ئاداش. ئۇلارنىڭ ئادىمى سەن ئويلىغاندىنمۇ كۆپ، بىكەتكە بېرىپ بولغىچىلا قولغا چۈشۈپ قالىسەن. ئۇ چاغدا يا ئۆلىسەن، يا مېيىپ بولۇپ قالىسەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار يېنىمىزدا پۇل ساقلاتمايدۇ.

قاھار ئۆزىنىڭ كۆپ سۆزلەپ قويغىنىنى ھېس قىلىپ، گېپىنى توختىتىۋالدى. چىرايىدا ئالاقزادىلىكمۇ بار ئىدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ يەنە يېنىمغا كېلىپ پەس ئاۋازدا سۆزلىدى:

— سېنى يېقىن كۆرۈپ بۇ گەپلەرنى دېدىم، ئاداش. ئاغزىڭدىن چىقىپ كەتمىسۇن، بولمىسا ئىككىلىمىز بالادا قالىمىز. ئاۋۇ ئىككى گۇيدىنمۇ ھېزى بول، ئادەم چاقىدىغان ماڭقىلار ئۇ.

مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم.

## 11

مېنىڭ كۈندىن كۈنگە روھىم چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. بۇ چىرايلىق شەھەرمۇ ئەمدى كۆزۈمگە ئالۋاستى ئۇۋىسىدەك كۆرۈنۈشكە باشلىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېلىقى كۈندىن باشلاپ تۇرسۇنكام ماڭا تېخىمۇ قوپال مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. ھە دېسىلا ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ، قىلغانلا ئىشىمدىن قۇسۇر چىقىراتتى. بىر كۈنى بەك چارچاپ كېتىپ سەل ۋاقىتچە ئۇخلاپ قاپتىكەنمەن، رېزىنكە تۇرۇبا بىلەن ئۇرۇپ كەتتى. دۈمبەم ھەش ـ پەش دېگۈچە قازاننىڭ تۈۋىدەك قارىداپ چىقتى. ئەمدى مېنىڭ تاياق يەيدىغان كۈنۈم

باشلانغاندەك قىلاتتى. بۇ قاباھەتتىن قاچان قۇتۇلۇشۇمنى بىلمەيتتىم.

قاھار بىلەن چىقىشىپ قالغاچقا ئوبدان ئۆتۈۋاتاتتۇق، لېكىن ئاۋۇ ئىككى بالا كۆزۈمگە غەلىتىلا كۆرۈنەتتى. خۇددى بىزنى كۆزىتىۋاتقاندەك، ئىش-ھەرىكىتىمىزدىن ئۇلارنى ۋاقتى-ۋاقتىدا خەۋەرلەندۈرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى...

قىش چىقىپ باھارمۇ كىردى، بىنالارنىڭ ئارىلىرىدىكى ئازغىنە يېشىللىق، مەنزىرە دەرەخلەر، ئاندا-ساندا كېلىپ قالىدىغان قۇشلار ۋە ئادەملەر ئۈچۈن مېنى سەگىتىدىغان، كۆزنى گوللايدىغان ئەرمەككە ئايلانغان ئىدى. ھەر قېتىم ئاشۇ كىچىككىنە چىملىققا قارىغىنىمدا، يۇرتىمىزدىكى دولقۇنلاپ تۇرغان بۇغداي ئېتىزلىرى، مومامنىڭ ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى ئۆرۈكلۈك باغ، ئابدۇخېلىل بىلەن بالىخانىدا ئولتۇرۇپ غورا يېگەن چاغلىرىمىز ئېسىمگە كېلىپ، كۆڭلۈم بۇزۇلىدۇ، قانىتىم بولسا ھازىرلا ئۇچۇپ كەتسەم دەيمەن. ھازىر ئابدۇخېلىل نەدە يۈرۈيدىكىن؟ نېمە ئىش قىلىۋاتىدىكىن؟ ئۇلار ئابدۇخېلىلنىمۇ ئۇرغانمىدۇ؟ ياق، ئۇ ھەرگىز بوزەك بولمايدۇ. مەكتەپتىكى چاغدىمۇ ئۇ ئىككى-ئۈچ بالىغا تېتىيتى. مۇشتلىشىشقا خېلى ئېپى بار ئىدى.

مەن يەنىلا ھېلىقى بىنانىڭ يانچۇقىغا ئوخشايدىغان غانجۇغىسىدا ئولتۇرۇپ كاۋاپ پىشۇرۇۋاتاتتىم. كاۋاپدانىدىن ئۆرلىگەن ئىس كۆزلىرىمنى ئېچىشتۇراتتى، يۈزلىرىمنى ياغلىشاڭغۇ قاسماق بېسىپ كەتكەن ئىدى. كاۋاپدانىدىكى ئوت ھەرقېتىم زىخقا ئۆتكۈزۈلگەن گۆشلەرنى پىژىلدىتىشقا باشلىغاندا ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ يۈرىكىم تەڭ كۆيەتتى، ئېچىشاتتى. شۇ تاپتا ماڭا ئوخشاشلا ئايرىلىش، سېغىنىشتىن يۈرىكى پۇچۇلىنىپ، ھەسرەت چېكىۋاتقان مومام، دادام، ئانىلار كۆز ئالدىمغا كېلىپ، ياشلىرىمنى توختىتالماي قالاتتىم. مەكتىپىمنى، رەيھان مۇئەللىمنى ئەسلەيتتىم.

خىياللىرىم كاۋاپدانىدىن كۆتۈرۈلۈپ، يىراق-يىراقلارغا تاراپ كېتىۋاتقان ئىسلارغا قوشۇلۇپ، يۇرتۇمغا قاراپ پەرۋاز قىلاتتى. مانا بۇ مېنىڭ ھازىرقى دۇنيايىم. ئۆزۈم ياراتقان «يېڭى ئارخىپىم» ئىدى...

— ھوي بالا، ياخشىمۇ؟

خىيالىم بۆلۈندى. مەن ئىستا يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقان كۆزلىرىمنى ئۇۋۇلىۋېتىپ قارىدىم. كاۋاپدانىدىن بىر نەچچە قەدەم نېرىدا شىياۋ كې كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ ئىككى ئاي ئىلگىرى تونۇشۇپ قالغان دوستۇم ئىدى. مەن خەنزۇچىنى ئوبدانلا ئۆگىنىپ قالغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن بىمالال سۆزلىشەلەيتتىم.

— ياخشى، ياخشى، كېلە بۇ يەردە ئولتۇرغىن، — دېدىم مەن بىر تال بوش ئورۇندۇقنى ئۇنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ.

ئۇ كېلىپ ئولتۇردى.

— بۈگۈن بىزنىڭ بايرام، كەچتە ۋاقتىڭ يەتسە بىرگە ئايلىنىپ كېلەيلىمۇ؟ ماۋۇ ئاغىنەڭمۇ بارسۇن، — دېدى ئۇ قاھارنى كۆرسىتىپ. ھازىر كۈندۈزى كاۋاپنى ئاساسەن قاھار بىلەن ئىككىمىز ساتاتتۇق. ھېلىقى ئىككىسىنى ھەر كۈنى ئەتىگەن تۇرسۇنكام باشلاپ چىقىپ كېتىپ، كەچتە قايتىپ كېلەتتى.

— ئۇلار بازار ئوينىغىلى بارىدۇ، — دەيتتى قاھار. كېيىن بىلسەم، بازار ئويناش دېگىنى يانچۇقچىلىق قىلىش ئىكەن. ھېلىمۇ مەن شۇ ئىشقا چېتىلىپ قالماپتىمەن.

شىياۋ كېنىڭ تەكلىپىدىن خۇشال بولغان بولساممۇ، لېكىن تۇرسۇنكامنىڭ قوشۇلماسلىقىدىن ئەنسىرەيتتىم.

— قېنى كەچتە قاراپ باقايلى، — دېدىم، — غوجايىن رۇخسەت قىلسىلا...

— ماقۇل، مەن كەچتە كېلەي.

شىياۋ كې كەتتى. بىز يەنە ۋارقىراپ-جارقىراپ كاۋاپ سېتىشقا باشلىدۇق. ياخشىراق سودا بولسا، تۇرسۇنكام خۇشاللىقىدا قوشۇلۇپ قالار، دەيدىغان ئۈمىدىمىزمۇ بار ئىدى.

شىياۋ كېنىڭ دېيىشىچە، ئۇ مۇشۇ شەھەردىكى كىچىكرەك بىر ئەمەلدارنىڭ يالغۇز ئوغلى ئىكەن. ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، خىزمەت كۈتۈۋېتىپتۇ. شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇرلارغا قىزىقىدىكەن. مۇمكىن بولسا شىنجاڭغا بېرىپ كۆرۈپ كېلىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن، ئەمما ھازىرچە دادىسى قوشۇلمايۋېتىپتۇ. بىز تونۇشۇشتىن ئىلگىرى ئۇ كۈندە دېگۈدەك كاۋاپ يېگىلى كېلەتتى. مەندىن نۇرغۇن گەپلەرنى سورايتتى. بارا-بارا ئارىمىزدا بىر خىل يېقىنچىلىق پەيدا بولدى. مانا ھازىر بىزنى دوست دېيىشكىمۇ بولاتتى.

كەچتە تەلىيىمىز ئوڭ كېلىپ، كاۋاپلار بالدۇرلا تۈگىدى. تۇرسۇنكامدىن سورايدىغان ئىشنى قاھارغا قويدۇم. چۈنكى ئۇ مېنىڭدىن كونا، تۇرسۇنكاممۇ ماڭا قارىغاندا ئۇنىڭغا سەل ئىشىنىدۇ. بىر كەمدە قاھار ئاغزى قۇلىقىغا يەتكۈدەك خۇشال قايتىپ چىقتى.

— تۇرسۇنكام قوشۇلدى، — دېدى ئۇ، — لېكىن بەك ئۇزاققا كەتمەسلىكىمىز، كۆپ ھايال بولۇپ قالماسلىقىمىزنى تاپىلىدى.

— يىراققا كېتىپ نەگە باراتتۇق، — دېدىم مەنمۇ خۇش بولۇپ، — تىيەنجىنگە كەلگەندىن بېرى مۇشۇ كوچىدىن چىقىپ باقمىسام.

— بولدى، تېزرەك تەييارلىقىمىزنى قىلايلى.

بىز باش-كۆزلىرىمىزنى يۇيۇپ، ئەمدىلا كىيىم ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشىمىزغا شىياۋ كې يېتىپ كەلدى. ئۇ بىر كىچىك ماشىنىنى ھەيدىۋالغان ئىدى. مەن بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ۋاقىت قارىشىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن سۆيۈنسەم، يەنە بىر تەرەپتىن بىزنى ئويىنىتىش ئۈچۈن ئاتايىتەن ماشىنا ئېلىپ كەلگەنلىكىدىن بەك خۇش بولدۇم. مۇشۇ يات شەھەردە بىرسىنىڭ شۇنچىلىك ھۆرمىتىگە، دوستلۇقىغا ئېرىشكىنىمدىن كۆڭلۈم ئالەمچە تەسەللى تاپتى.

— ۋاھ، ماشىنا ئەكەپسەن-دە؟— دېدىم ھاياجىنىمنى بېسىۋالالماي.

— سىلەرنى ئۆزۈك بىر ئوينىتاي دېدىم، قارىسام كۈندە كاۋاپ سېتىپ بىكار بولالمايدىكەنسىلەر.

— رەھمەت ساڭا،— دېدىم ئۇنىڭ مۈرىسىگە بوش شاپىلاقلاپ.

— ھېچقىسى يوق،— دېدى شىياۋ كېمۇ سەل كېرىلىپ قويۇپ،— دوستلار ئۈچۈن بۇنچىلىك ئىش نېمىتى.

— ئۆزۈڭنىڭ ماشىنىسىما؟ ئىلگىرى ماشىنا ھەيدىگىنىڭنى كۆرمەپتىكەنمەن.

— ياق، دادامنىڭ ئىدارىسىنىڭ ماشىنىسى. شىنجاڭلىق ئاغىنىلىرىمنى ئويناتقىلى ئاپىراتتىم، دېسەم ئەپچىقىپ بەردى. ھە راست، قەيەرگە بارغۇڭلار بار؟

— مەنغۇ بۇ شەھەرنىڭ ھېچ يېرىنى بىلمەيمەن، قاھار دەپ باقسۇن.

— مەنمۇ كۆپ بىلمەيمەن، بىزنى سىرتقا چىقارمىسا. ئۆزۈڭ بىلگەن يەرگە مېڭىۋەرگىنە بولمىسا.

— ماقۇل ئەمىسە، قېنى چىقىڭلار.

بىز ماشىنىغا چىقتۇق. شىياۋ كې ماشىنىنى ئەپچىللىك بىلەن قوزغاپ يۈرۈپ كەتتى.

— سىلەرنى تاڭگوغا ئاپىراي، ئۇ دېڭىز بويىدىكى يەر، بىر كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ. كۈندۈزى بولسا بەك ياخشى بولاتتى، لېكىن كۈندۈزى سىلەرنىڭ ۋاقتىڭلار يەتمەيدىكەن. ئۇ يەرنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىمۇ چىرايلىق بولمىسا.

— دېڭىزنى كۆرىمىزما؟ نېمىدېگەن ياخشى. مەن بۇ يەردە دېڭىزنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن.

شىياۋ كې كۈلۈپ قويدى. بىز كېتىۋاتىمىز، رەڭگا رەڭ چىراغ نۇرىدا كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەن شەھەر شۇنچىلىك چىرايلىق، «مۇشۇ شەھەردە ياشىغانلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەم-ھە؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ كېتىمەن. يۇرتىمىزدىكى توپا ئۆرلەپ تۇرغان يوللار، قاغجىراپ كەتكەن قۇملار دۆۋىسى، چەكسىز كەتكەن

ساي-داللار كۆز ئالدىمغا كېلىپ، كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ. لېكىن ھەرقانچە بولسىمۇ يۇرتىمىز يەنىلا سۆيۈملۈك، قەلبىمدە، تومۇرلىرىمدا ئۆركەشلەپ تۇرغىنى ئۇنىڭ مېھرى، سۆيگۈسى. بىز ئاشۇ تۇپراقتا تۇغۇلۇپ، ئاشۇ تۇپراقتا سىڭىپ كېتىمىز. چۈنكى ئۇ تۇپراقتا بوۋىلىرىمىزنىڭ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھىدى بار، روھى بار.

ماشىنا بىر خىلدا سىلىق كېتىۋاتماقتا. شەھەرنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىگە تويماي قارايمەن. كوچىلار بىرىنىڭ ئاخىرىغا بىرى ئۇلىنىشىپ كەتكەن، خۇددى مەڭگۈ ئايىغى چىقمايدىغاندەك. ناۋادا بۈگۈن شىياۋ كې ماشىنا بىلەن ئايلاندۇرمىغان بولسا، تىيەنجىننىڭ بۇنچىلىك چوڭ، بۇنچىلىك گۈزەل ئىكەنلىكىنى ئەسلا بىلەلمەي قالار ئىكەنمەن. ھازىر يېڭى بىر تۇيغۇغا ئىگە بولغاچقا، كۆڭلۈم شۇنچىلىك خۇش، بۇيەردە تارتقان كۈلپەت، خورلۇقلارنى بىردەم بولسىمۇ ئويلىغۇم يوق. ئۆزۈمنى يۇرتقا كېتىۋاتقاندەك ئازادە، روھلۇق ھېس قىلماقتىمەن.

مەڭگۈ ئايىغى چىقمايدىغاندەك بىلىنگەن شەھەرمۇ ئاخىرى تۈگىدى. ئەمدى ئادەتتىكى يول، ئادەتتىكى ئۆيلەر ئۇچراشقا باشلىدى. بىز ئىككى تەرىپى يېشىل چاتقاللار بىلەن قاپلانغان يول بىلەن بىرھازا ماڭغاندىن كېيىن، يەنە رەڭگا رەڭ چىراغلار يورۇپ تۇرغان ئېگىز بىنالارغا دۇچ كەلدۇق. بۇمۇ بىر شەھەرمۇ بىلمىدىم. ئەمدى شىياۋ كېدىن سوراي دەپ تۇرۇشۇمغا ئۇ ئۆزى ئېغىز ئېچىپ قالدى؛

— گۈركىرىگەن ئاۋازنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟

مەن شۇندىلا ئېسىمنى يىغىپ سىرتقا قۇلاق سالدىم. بىر يەردىن ئاجايىپ بىر خىل گۈركىرىگەن ئاۋاز كېلىۋاتاتتى.

— دېڭىزنىڭ نەرە تارتىشى،— دېدى شىياۋ كې كۈلۈپ.

— نېمە، دېڭىز بويىغا كەلدۇقما؟

— ھەئە، كەلدۇق.

قاھار بىلەن ئىككىمىز تەڭلا خۇشاللىقتا چۆمۈپ، قىن-قىنىمىزغا پاتماي قېلىشتۇق. ماشىنىدىن چۈشكەن پېتى دېڭىزغا ئۆزىمىزنى ئاتقۇدەك كەپكەتتى. لېكىن دېڭىز ھېچ كۆرۈنمەيتتى. بىز يەنە بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىز ئالدىمىزدا بىپايان بوشلۇق نامايان بولۇپ، گۈركىرىگەن ئاۋاز تېخىمۇ كۈچەيدى. بىز دېڭىز بويىغا كەلگەن ئىدۇق. چىراغ ۋە ئاينىڭ يورۇقىدا دېڭىز يۈزى پارقىراپ كۆرۈنەتتى. ھەر قېتىم دولقۇن ئۆرلىگەندە غايەت زور بىر مەخلۇق بىزگە قاراپ نەرە تارتىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، ئادەمنى سۈر باساتتى.

دېڭىز بويىدا بىزدىن باشقىمۇ يەنە ساياھەتچىلەر بولۇپ، ئۇلار كېچە قويىندا نەرە تارتىۋاتقان دېڭىزغا قارىشىپ بىر نېمىلەرنى دېيىشمەكتە ئىدى.

— يېقىنراق بارايلىمۇ،— دېدى شياۋ كې.

— بولدى، مۇشۇ يەردە تۇرايلى، ئۇ بىزنى يۇتۇۋېتىدىغاندەك قىلىدۇ.— دېدىم چاقچاق قىلىپ.

شياۋ كې يوقاپ كېتىپ، بىردەمدە بىر مۇنچە قۇرۇق يېمىش ۋە سوغۇق ئىچىملىكلەرنى كۆتۈرۈپ كەلدى. بىز ئېگىزلىكتىكى سېمونت سۇپىغا چىقىپ ئولتۇردۇق. بۇ يەردىن دېڭىز تېخىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. بىز يەپ-ئىچىشكەچ پاراڭ باشلىدۇق. پاراڭلىرىمىز ئاساسەن شىنجاڭنىڭ مەنزىرىسى، قۇملۇقلىرى توغرىسىدا بولۇندى. ئاخىرىدا شياۋ كې بۇ يەردىكى ئەھۋالىمىز توغرىسىدا سورىدى. مەن سەل ھاياجانلىنىپ تۇرغاچقا، بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى تارتقان كۈلپەتلىرىمنى سۆزلەپ كەتتىم. شياۋ كې يەنە تۇرسۇنكام ۋە ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك بىزنىڭ يېنىمىزغا ئەكېلىپ قويىدىغان ھېلىقى چىرايلىق قۇتا توغرىسىدىمۇ سورىدى.

— ئۇ كاۋاپقا ئىشلىتىدىغان قارىمۇچ، زىرە دېگەنگە ئوخشاش دورا-دەرمەك،— دېدى قاھار چۈشەندۈرۈپ.

— سىلەرنىڭ يۇرتتىن چىقامدا؟

— ھەئە، ئېتىزغا تېرىيدۇ.

— ئۇ بولمىسا كاۋاپمۇ ئوخشىمايدۇ-ھە؟

— شۇنداق.

— نېمىشقا ئۆزۈڭلار ئەكەلمەي غوجايىن ئاتايىتەن ئەكېلىپ بېرىدۇ؟

— ئۇنى بىز ئىشلەتمەيمىز، باشقا كاۋاپچىلارغا بېرىدۇ.

— قەيەردىكى؟

— بۇنى بىلمەيمەن، غوجايىنمۇ بىزگە ئېيتمايدۇ. پەقەت باشقىلار كېلىپ ئېلىپ كەتكىچە قاراپ قويىمىز.

— نېمىشقا غوجايىن ئۆزى بەرمەيدۇ؟

— بىلمەيمەن.

شياۋ كېنىڭ تۇرۇپلا بۇ ئىشقا قىزىقىپ قالغانلىقىدىن سەل ئەجەبلەنسەممۇ، جاۋابىنى قاھار بەرگەچكە، ئارتۇقچە ئويلاپمۇ كەتمىدىم. ئۇنىڭ بۇنداق سورىشى بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا قىزىققانلىقىدىن بولسا كېرەك دەپلا ئويلىدىم. يەنە دېڭىزغا قارىغۇم كەلدى. تولىمۇ يىراقتا دولقۇنلار يېرىپ كېتىۋاتقان پاراخوتقا كۆزۈم چۈشۈش بىلەن كۆڭلۈم بۇزۇلدى. پاراخوت بولسا بىر مەنزىل، نىشانغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئەمما مېنىڭچۇ؟ ئابدۇخېلىل ئىككىمىزنىڭ كەلگۈسى خۇددى كۆز ئالدىمدىكى دېڭىزدەكلا قاراڭغۇ ئىدى.

12

ھېلىقى كۈندىكى دېڭىز سەيلىسىدىن كېيىن، بىز يەنە ئۆز ئىشىمىزغا كىرىشىپ كەتتۇق. ھەر كۈنى ئىسقا مىلىنىپ، ۋارقىراپ-جارقىراپ كاۋاپ ساتىمىز. تۇرسۇنكام ئادەتتىكىدەكلا چۈشكە يېقىن ھېلىقى چىرايلىق قۇتىنى ئەكېلىپ قويىدۇ. چۈشتىن كېيىن ناتونۇش بىر ئادەم كېلىپ ئېلىپ كېتىدۇ.

شياۋ كې بىر نەچچە قېتىم كەلدى. ئۇ ھەر قېتىم بىر ئامراق دېڭىز مەھسۇلاتلىرىدىن ئالغاچ كېلەتتى. بۇلارنىڭ قىممەت نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، ئەگەر بىزگە ئىش ھەققى تارقاتقان بولسا ئۇنى راسا بىر مېھمان قىلىۋالغۇم بار ئىدى. بىراق قولۇم قۇرۇق، خىجالەت ئىلكىدە قاراپ تۇرماقتىن باشقا چارەم يوق.

ياز ئايلىرىنىڭ بىرىدە بىز تەرلەپ-پىشىپ كاۋاپ سېتىۋاتاتتۇق، چۈشتىن كېيىن بىر ناتونۇش ئادەم كېلىپ ھېلىقى قۇتىنى ئالدى. ئۇ ئەمدىلا ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا تۇيۇقسىز پۇقراچە كىيىنگەن بىر توپ ساقچىلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇنى تۇتۇۋالدى. بىز ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قېلىشتۇق. ساقچىلار ئۇنىڭ بېشىغا خالتا كىيدۈرۈپ ماشىنىغا چىقاردى. ئارقىدىن قاھار بىلەن ئىككىمىزنىمۇ ئېلىپ ماڭدى. بىز نېمە ئىش بولغانلىقىنى، قانۇنغا خىلاپ قانداق قىلمىش سادىر قىلغانلىقىمىزنىمۇ بىلمەيتتۇق. كاۋاپدانىمۇ ئىگە-چاقىسىز قالدى. ۋەھىمىلىك خىياللارغا ئەسىر بولۇپ، بىر كېچە قاماقتا ياتتۇق. ئەتىسى مېنى سوراققا ئېلىپ چىقتى. مەن سوراق ئۆيىگە كىرىپلا ھاڭ-تاڭ قالدىم. شياۋ كې ساقچى فورمىسى كىيىۋالغان بولۇپ، چىرايى تولىمۇ سۇرلۇك كۆرۈنەتتى. مەن تونۇيدىغان ھېلىقى كۈلۈپلا تۇرىدىغان شياۋ كې بىلەن، مۇنۇ ساقچى شياۋ كېنى ھەرگىزمۇ ئوخشىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ساقچىلار مەندىن گەپ سوراپ بولغاندىن كېيىن، شياۋ كې ئېغىز ئاچتى:

— قورقمىغىن، بىز گۇناھسىز ئادەملەرگە ئۇۋال قىلمايمىز. سېنىڭ ھېچ ئىشتىن خەۋىرىڭ يوقلىقىنى بۇلارغا دېدىم.

— مېنى... مېنى... قانداق قىلىسىلە؟

— قويۇۋېتىمىز.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم سەل جايىغا چۈشتى. بولمىسا ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوق ناھەق تۈرمىدە يېتىپ كېتىدىغان بولدۇم دەپ قورققان ئىدىم. بىر كېچىلىك سولاقنىڭ دەردىدە قايسى ھالغا كېلىپ قالغىنىم ئۆزۈمگە ئايان ئىدى.

— بىزگە ياردەم قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى شىاۋ كې، — ئىشنى بۇزۇپ قويدۇق، يىلاننىڭ بېشىغا دەسسىمەي، قۇيرۇقىغا دەسسەپ سالىپتىمىز. قايتىپ بېرىپ بىزگە ئەھۋال ئىگىلەپ بەرگىن، ئىش تۈگىگەندە ئۇلاردىن ھەققىڭنى ئېلىپ، يۇرتقا يولغا سېلىپ قويىمىز.

ئۇلاردىن قانداق ئەھۋال ئىگىلىشىمنى بىلمەيمەن، بىراق شىاۋ كېغا «ياق» دېمىدىم. چۈنكى بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ بىردىنلا سۈرلۈك بىر ئادەمگە ئايلىنىپ كۆز ئالدىمدا پەيدا بولۇشى ماڭا تەسىر كۆرسەتسە، ھەممىدىن مۇھىمى يۇرتۇمغا سېلىپ قويىماقچى بولغانلىقىدا ئىدى. مانا بۇ سۆز مۇساپىرچىلىقتا ئۆتنۈۋاتقان قاراڭغۇ كۆڭلىرىم ئۈچۈن قۇياش ئىدى. بىراق، كىچىك تۇرۇپلا زەخىم يېيىشكە باشلىغان يۈرىكىم مېنى ئادەملەرگە ئالدىراپ ئىشەنمەسلىككە ئۈندەپ تۇراتتى. شۇڭا ئىچىمدە «ۋاقتى كەلگەندە كۆرۈش»نى ئويلاپ شىاۋكې بىلەن ئۇزۇن پاراڭلاشمىدىم.

دېگەندەك چۈشكە يېقىن ئۇلار قاھار بىلەن ئىككىمىزنى قويۇۋەتتى. دەرۋازىدىن چىقىپلا ساپ ھاۋادىن قېنىپ-قېنىپ نەپەس ئالدىم. ئۆزۈمنىڭ ئەركىنلىككە چىققىنىمدىن ئېيتقۇسىز شادلىققا چۆمدۈم.

— ئەجەب قورقتۇما، — دېدى قاھار يولغا چىققاندىن كېيىن، — بىكاردىن بىكار يېتىپ كېتىدىغان بولدۇم دەپ ئويلىغان.

— مەنمۇ شۇ، ئېيتە ھېلىقى قۇتىدا نېمە بار؟

— مەنمۇ بىلمەيمەن، لېكىن كاۋاپ دورىسى ئەمەسمىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم. ساقچىلار بىكارغا ئادەم تۇتمايدۇ. تۇرسۇنكامmu تۇتۇلغان ئوخشايدۇ، سوراققا چىققاندا كۆرۈپ قالدىم.

ئۇنىڭغا شىاۋ كېنىڭ ساقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتاي دەپ يەنە توختاپ قالدىم. مەن ئىشىكتىن چىقىۋاتقاندا شىاۋ كې ئاستا يېنىمغا كېلىپ شۇنداق دېگەن ئىدى:

— بىز يەنىلا دوست، ماڭا ئىشەن. ساڭا ھەرگىز مەقسەتلىك يېقىنلاشقىنىم يوق. كېيىن خىزمەت ئېھتىياجى شۇنداق بولۇپ قالدى. قاھارغا مېنىڭ ساقچى ئىكەنلىكىمنى ئېيتما. كېيىنكى ئىشلىرىڭغا تەسىر يېتىپ قالىدۇ.

مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ قويۇپلا چىقىپ كەتكەن ئىدىم.

— نەگە بارىمىز؟ — دېدىم قاھارغا.

— ئەلۋەتتە كاۋاپخانىغا بارىمىز-دە.

— ئۇ يەر... ئۇ يەردە ساقچىلار بولىسچۇ؟

— ساقچىلارغا كاۋاپخانا ئەمەس ئادەم لازىم. تۇتىدىغانىنى تۇتۇپ بولسا كاۋاپخانا بىلەن نېمە چاتىقى.

— سەن تۇرسۇنكامmu تۇتۇلۇپتۇ دېگەن ئىدىڭغۇ؟

— ھەئە.

— ئەمىسە كاۋاپخانىغا كىم قارايدۇ؟

— ۋايىەي، نېمانداق يوق بىر غەملەرنى قىلىسەن. نىياز ئاكام تيەنجىننىڭ غوجىسى بولغاندىكىن، بۇنچىلىك ئىش نېمىتى ئۇنىڭ ئالدىدا.

— بىزنىڭ غوجايىنىمىز نىياز ئاكامۇ؟ تۇرسۇنكامۇ؟

— چوڭ غوجايىن ئەلۋەتتە نىياز ئاكام-دە. تۇرسۇنكام پەقەت كاۋاپخانىغا قارايدۇ شۇ.

— سەن دەسلەپتە تۇرسۇنكامنى غوجايىن دېمىدىڭمۇ؟

— قائىدە شۇ ئىدى.

— بەك جىق ئىشلارنى بىلىدىكەنسەن، ھە قاھار؟

قاھار ئىتتىك ئەتراپىغا قاراپ قويدى.

— جىق ئىشلارنى بىلگەننىڭ نېمىگە پايدىسى، سەن بۇنچە كوچىلاپ سورىمىغان بولساڭ مەنمۇ ئېيتمايتتىم. بولدى، ئارتۇق ئىشلارغا ئارىلاشما ھەم سورىما. بىكار ئۆزىمىزگە ئىش تېپىۋالىمىز.

بىز كېتىۋاتىمىز. كوچىلاردا ئادەملەر مىغ-مىغ، شاۋقۇن-سۈرەنلەر پەلەككە يەتكەن. ئەمما ئۆزۈمنى تولىمۇ تەنھا قالغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن. غېرىبلىق، مۇساپىرلىقنىڭ نەقەدەر يامانلىقىنى مانا ئەمدى چوڭقۇر تونۇپ يەتمەكتە ئىدىم. ئابدۇخېلىل بىلەن بۇغدايلىقنىڭ قىرىدا كېتىۋاتقان غەمسىز، بەختلىك چاغلارنى ئويلىسام، كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، كۆزلىرىمگە ياش كېلىدۇ. موماmنىڭ قاپاق تېرىكىدىكى قۇشلارنىڭ ئاۋازى قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.

ئويلىغانسېرى ئىچىم ئوتتەك كۆيۈشكە باشلاپ، بۇ شەھەردىن ھازىرلا كەتكۈم كەپكەتتى. بىراق بەخت ۋە خۇشاللىقنىڭ مەنبەسى بولغان سۆيۈملۈك يۇرتۇم جاھاننىڭ ئۇ چېتىدە قالغان ئىدى. پۇل بولمىسا بۇ شەھەردىن ھېچ يەرگە بارغىلى بولمايتتى. ئۇرۇمچىدىن ئېلىپ كەلگەن پۇلىمىزنى تۇرسۇنكام ساقلاپ بېرىمەن دەپ ئېلىۋېلىپ، ئىككىنچى قايتۇرۇپ بەرگىلى ئۇنىمىغان ئىدى. بەلكىم پۇل بولسا قېچىپ كېتىدۇ دەپ شۇنداق قىلسا كېرەك. ئۇ پۇللار ئەمدى خۇدانىڭ ئۆزىگە ئامانەت بولۇپ قالغان ئىدى.

قاھار تۇيۇقسىز پېشىمنى تارتتى.

— دىققەت قىلدىڭمۇ؟ بىرسى بىزگە ئەگىشىۋاتقاندەك قىلىدۇ.

مەن توختاپ ئارقامغا بۇرۇلدۇم.

— قارىما، سەزمىگەن بولۇۋالايلى.

— ئۇ... ئۇ... ساقچىمىدۇ؟

— ۋاي تاڭ، دوقمۇشتىن ئەگەندە كۆرۈپ قالدىم.

— قانداق قىلىمىز؟

— مېڭىۋېرەيلى، نېمىدىن قورقاتتۇق.

بىز يولىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. كوچىدا ئادەملەر كۆپ ئىدى. بىر-بىرى بىلەن ۋارقىراپ دېگۈدەك سۆزلىشەتتى. خۇددى بۇ شەھەردىن كۆچۈپ كەتمەكچىدەك ئالدىراش ماڭاتتى. ئەجەبا شىاۋ كې ماڭا ئىشەنمەي ئارقىمىزغا ئادەم سېلىپ قويغانمىدۇ؟ ئۇ مېنىڭ ھېچ يەرگە كېتەلمەيدىغانلىقىمنى بىلەتتىغۇ؟

ھازىر كاۋاپخانىنىڭ قايسى كوچىدا قالغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتىم، پەقەت قاھارغا ئەگىشىپ كېتىۋاتاتتىم. بىر نەچچە كوچىدىن ئۆتۈپ، ئادەم سەل شالاڭراق يەرگە كەلگەندە ئارقامدىن بىرسىنىڭ چاقىرغىنىنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇنى قاھارمۇ ئاڭلىغان ئىدى.

— بىرسى چاقىرۋاتىدۇ.— دېدى ئۇ.

— ھەئە، چاقىردى. بىزنى چاقىرغانمىدۇ؟

— ئېنىقلا بىزنى چاقىردى.

— قانداق قىلىمىز؟ توختامدۇق؟

— توختايلى، نېمە دەيدىكىن.

بىز توختاپ ئارقىمىزغا قارىدۇق. 30 ياشلار ئەتراپىدىكى، چاچلىرىنى ئۇزۇن قويۇۋەتكەن، ئېگىز بوي بىرسى بىزگە يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى.

— ئۆز ئادەمكەن،— دېدى قاھار ئاستا پىچىرلاپ.

ئاڭغىچە ئېگىز بوي ئالدىمىزغا كەلدى.

— چاقىرساممۇ قارىماي، نەگە ئالدىراپ مېڭىشقان ئىدىڭ؟

— بىز تېخى سىزنى... ساقچى ئوخشايدۇ دەپ...

ئېگىز بوي ئارتۇق گەپ قىلماي، قولىنى بىر تەرەپكە قارىتىپ شەرەتلىۋىدى، ھەش-پەش دېگۈچە بىر قارا پىكاپ يېنىمىزغا كېلىپ توختىدى.

— ماشىنىغا چىقىشە!

بىز ئۈن-تىنسىز بويسۇندۇق، ماشىنا قوزغالدى. ماشىنا ئىچىدە يەنە ئىككى ئادەم بولۇپ، بىرى شوپۇر، يەنە بىرى مېنى كاۋاپخانىغا ئەكېلىپ قويۇپ كەتكەن ھېلىقى پاقا كۆز ئىدى. ئۇنى كۆرۈپلا تۇرالماي قالدىم. ئابدۇخېلىلغا بولغان سېغىنچىم چېكىگە يەتتى. مەن ھېچنېمىگە قارىماي ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— ئابدۇخېلىل نەدە؟ مېنىڭ ئاكام، ھېلىقى بالىچۇ؟

پاقا كۆز ماڭا قاراپ ئالىيىۋىدى، كۆزلىرى تېخىمۇ يوغىناپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. ئاڭغىچە بايىقى ئېگىز بوي گەدىنىمگە نوقۇدى.

— ئاۋازىڭنى ئۆچۈرۈپ، جىم ئولتۇر، بوينۇڭنى ئۇزۇۋېتىمەن بىكا؟!...

ئۇلارنىڭ ئەلپازى بەكلا يامان بولۇپ، چىرايىدىن ياۋۇزلۇق تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۆلۈكتىن تىنىق كۈتكىلى بولمىغاندەك، ئۇلاردىن كېلىدىغان مېھرى-شەپقەتتىن ئۈمىدىمنى ئۈزۈپ جىم بولۇپ قالدىم.

ماشىنا نۇرغۇن كوچىلاردىن ئۆتۈپ، ئاسمان-پەلەك بىنالار زىچ ئورۇنلاشقان بىر يەرگە كېلىپ توختىدى. بۇ بىز كاۋاپچىلىق قىلغان جاي ئەمەس ئىدى. ماشىنىدىن چۈشتۇق. پاقا كۆز بىلەن ئېگىز بوي بىزنى بىنانىڭ ئاستىدىكى قاراڭغۇ ئۆيگە ئېلىپ كىردى. مەن ئەجەبلەندىم، ئۇلار نەگىلا بارسا چاشقانغا ئوخشاش يەر ئاستى ئۆيگە كىرىۋالىدىكەن. بەلكىم ئۇلار مۇشۇنداق جاينى بىخەتەر بولىدۇ دەپ ئويلىسا كېرەك.

ئېگىز بوي سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ چىراغنى ياندۇردى. تۆۋەن بېسىملىق لامپۇچكا ئۆي ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ياكى ئۇلار مەقسەتلىك مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇردىمۇ بىلىپ بولمايتتى.

ئۇلار بىزنى ئۆيگە كىرگۈزگەندىن كېيىن، ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كەتتى. ئارقىدىن قۇلۇپنىڭ بېسىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— بۇلار بىزنى سولاپ قويدىمۇ نېمە؟— دېدىم قاھارغا قاراپ. سەل قورقۇنچ باسقان بولسا كېرەك، ئاۋازىممۇ تىترەپ كەتتى.

— بىز تۇرمىدىن چىقىپ، يەنە بىر تۇرمىگە كىرگەندەك قىلىمىز.— دېدى قاھار.

— ئۇلار بىزنى قانداق قىلار؟

— ئىشقىلىپ ياخشى ئىش يوق.

بۇ چاغدا قورقۇنچ، ئاچلىق بىزنى قىينىماقتا ئىدى. ماغدۇرسىزلىقتىن كۆزلىرىمىزگە قاراڭغۇلۇق تىقىلاتتى. سىرتتا مەمۇرچىلىق، مەئىشەت قاينايتتى، ئەمما بىز بۇ ئۆيدە ئاچلىقتىن قىينىلىۋاتاتتۇق. خۇددى بۇ ھاياتتا بىزنىڭ نېسىۋىمىز يوقتەك، بىزگە نۇر چۈشۈرىدىغان ئەينەك چېقىلىپ، ئەتراپىنى زۇلمەت قاپلىغاندەك، قەلبىمىز، ۋۇجۇدىمىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تېپىرلىماقتا ئىدى.

ئۆي ئىچىدە كېرەكسىز يەشكىلەردىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. قاڭسىق پۇراق دىماقلارنى ئېچىشتۇرۇپ، خۇددى ھاۋا يېتىشمەيۋاتقاندەك نەپىسىمىزنى بوغاتتى. بۇرۇقتۇملۇق تۇرمىنىڭ ئازابىنى ھېس قىلدۇراتتى.

بۇ ئۆيدە قانچىلىك تۇردۇق بىلمەيمەن، بىز بىر-بىرىمىزگە يۆلىنىپ، يەشىك ئۈستىدىلا ئولتۇرغان

ئىدۇق. زەئىپ ۋۇجۇدىمىزنى مۈگدەك چىرمىغان ئىدى. بىر چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ، ئۆيگە بىر نەچچە كۆلەڭگە كىرىپ كەلدى.

— بۇ ياققا كېلىشە، — دېدى بىرسى. ئۇلار ئاغزىنى ئېتىۋېلىشقان ئىدى.

بىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، ماغدۇرسىز قەدەملىرىمىزنى سۆرەپ ئىشىك ئالدىغا يېقىنراق كەلدۇق.

— سەن بۇ ياققا چىق، — دېدى بىرسى قاھارنىڭ مۈرىسىدىن تارتىپ.

قاھار سۆرىلىپ دېگۈدەك چىقىپ كەتتى. ئارقىدىن بۇ ئۆيگە بىر ياغاچ ئورۇندۇق، يەنە بىر خۇرۇم قاپلىق ئورۇندۇق ئېلىپ كىرىلدى. ياغاچ ئورۇندۇقنى ئىشىكتىن نېرىراق قويۇپ مېنى ئولتۇرغۇزدى. يۇمشاق ئورۇندۇقتا بېشى مىس چۆگۈندەك پارقىراپ تۇرىدىغان بىرسى ئولتۇردى. بۇ دەل نىياز تېيەنجىن ئىدى. بىز تېيەنجىنگە كەلگەن ھېلىقى كېچىدىن باشلاپ ئۇنى زادىلا كۆرمىگەن ئىدىم.

— ھە يىگىت، قانداقراق تۇرۇۋاتىسەن؟ — دېدى ئۇ خىرقىراق ئاۋازدا. ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىققان تاماكا ھىدى يۈزلىرىمگە ئۇرۇلدى.

بۇ يەرگە كېلىپ قانچىلىك ياخشى تۇرۇۋاتقىنىم ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. بەلكىم شۇنداقلا بىر سوراپ قويغۇسى كەلگەندۇ. لېكىن مەن جاۋاب بېرىشكە كۆچىمىدىم، گەپ قىلغۇدەك مادارىممۇ قالمىغان ئىدى.

نىياز تېيەنجىن بايىقى سوئالىنىڭ جاۋابىنىمۇ كۈتمەستىن يەنە سوئال سوراشقا باشلىدى:

— ساقچىلار نېمە گەپلەرنى سورىدى؟

ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئوتقىمۇ، قانغىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان بىر قىزىللىق «يالت» قىلىپ چاقنىدى. تۇرقى بەئەينى غالجىر ئىتنىڭ ئۆزىلا ئىدى. مەن ئەمدى جاۋاب بەرمىسەم بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

— بۇ يەرگە قاچان كەلگەنلىكىمنى، نېمە ئىش قىلغانلىقىمنى سورىدى.

— قوتىنىڭ ئىشىنىچۇ؟

— سورىدى.

ئۇ جىددىي تەرزدە ئالدىغا ئېڭىشتى.

— نېمە دېدىڭ؟

— ئۇ... ئۇ... كاۋاپقا چاچىدىغان دورا-دەرمەك، دېدىم.

— يەنىچۇ، يەنە نېمىلەرنى سورىدى؟

— كۆپ ئەمەس، ئۇنىڭدىن كېيىنكى سوئاللارغا بىلمەيمەن دەپلا تۇردۇم.

— مەن توغرۇلۇق سورىدىمۇ؟

— ياق، سىزنى زادىلا تىلغا ئالمىدى.

— راستما؟

— راست، تىلغا ئالمىدى.

ئۇلار بىر-بىرىگە قارىشىپ بىردەم جىم تۇرۇشتى.

— بولدۇ، دېگەنلىرىڭنىڭ راست-يالغانلىقىنى ئېنىقلايمەن. مېنى ئالدىغان بولساڭ... ئاقىۋىتىڭنى ئويلاپ قوي.

ئۇ ئورنىدىن تۇردى. قارىغاندا سوراق ئاخىرلاشقاندەك قىلاتتى.

— جېنىم ئاكا، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى، يەيدىغان بىر نەرسە بەرسىڭىز، — دېدىم چىقىپ كېتىۋاتقان نىيازنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ.

— ھە، بىردەم ساقلاپ تۇر.

ئۇلار چىقىپ كەتتى، ئىشىككە قۇلۇپ سېلىنغان ئاۋازمۇ ئاڭلاندى. بۇ ئېنىقلا مېنى قېچىپ كەتمىسۇن دەپ قاماپ قويغىنى ئىدى. مەن يەشىكنىڭ ئۈستىگە لاسسىدە ئۆزۈمنى تاشلاپ ئولتۇرۇپ قالدىم. قورسىقىم چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئېچىپ، مىدىرلىغۇدەكمۇ ماجالىم قالمىغان ئىدى.

ئارىدىن بىرەر سائەت ۋاقىت ئۆتكەن بولسا كېرەك، ئىشىك يەنە ئېچىلدى.

— مانا تاماق، — دېدى بىرسى قاچىنى قويۇپ.

مەن ئۆمىلەپ دېگۈدەك بېرىپ قاچىنى قولۇمغا ئالدىم. بۇ يېڭىلا سېلىنغان لەڭمەن ئىدى. ئاشنى يەپ شۇنچىلىك ھۇزۇرلاندىمكى، تومۇر-تومۇرلىرىمغا قايتىدىن جان كىرىپ، ئۆزۈمنى ئەرشئەلادا كۆرگەندەك بولدۇم.

بۇ ئۆيدە ئىككى كۈن يالغۇز تۇردۇم. ئىككى كۈن مەن ئۈچۈن شۇنچە ئۇزاق، شۇنچە دەھشەت بىلىنىپ كەتتى. ئۆزۈمنى تۇيۇقسىز بۇ دۇنيادىن يىتىپ كەتكەندەك ھېس قىلدىم. ئۈچىنچى كۈنى قاھارنى ئەكىرىپ قويدى. قورقۇنچتىن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ كۆزلىرى يوغىناپ، ئېسىنى يوقاتقاندەكلا بولۇپ قاپتۇ. ئۆيگە كىرىپ خېلىغىچە بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۆي ئىچىدە گۆرىستان جىمجىتلىقى ھۆكۈم سۈرەتتى. يۈرەك سوقۇشىمىز كۆكرەك قەپىسىمىزدىن ئەمەس، خۇددى يەرنىڭ ئاستىدىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. روھىمىز ئىلەڭگۈچ ئۈچۈۋاتقاندەك توختىماي چايقىلاتتى.

ئاخىرى بۇ بورۇقتۇملۇققا چىدىيالماي قاھارنىڭ يېنىغا كەلدىم. ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولۇمنى قويۇپ ئۆزۈمگە قاراتتىم.

— ئە... ئەھۋالىڭ... قانداقراق؟

ئۇ چۆچۈگەندەك بۇرۇلۇپ ماڭا قارىدى، گويا

مېنى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك سەپ سېلىپ قارىدى.

— سەن... سەن... تېخىچە بارمۇ؟

— مەن بارغۇ مانا، ساڭا نېمە بولدى؟

— بىز... ھاياتما؟

— ھايات، ھايات بولمىساق مەن ساڭا گەپ قىلامدىم.

— شۇنداق، بىز ھايات، مەن ئۆلمەپتىمەن، مەن راستلا ئۆلمەپتىمەن.

ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە قورقۇپ كەتكىنىنى ھېچ بىلمىدىم. چىرايى تاتىرىپ قان دىدارى قالمىغان ئىدى، لەۋلىرى سوغۇقتا قالغان ئادەمنىڭكىدەك توختىماي تىترەيتتى.

بىردىنلا نەچچە كۈندىكى قورقۇنچ، تەشۋىشلىرىم ئاللىقاياقلارغا يوقىلىپ، ئىچ-ئىچىمدىن بىر خىل غەزەپ ئۆرلەپ چىقىشقا باشلىدى. نېمىشقا ئۇلار بىزنى بۇنچە قىينايدۇ، خورلايدۇ؟ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى بىكارغا ئىشلەپ بېرىۋاتىمىز، ئۇلار بىزنىڭ دادىمىزمىتى، ئاكىمىزمىتى؟ ئىگە-چاقىسىز ئادەمدەك خالىسا ئىشلىتىپ، خالىسا ئۇرۇپ-سوقسا بۇنىڭ سورىقى يوقمۇ؟ بۇ زادى قانداق جاھان بولۇپ كەتتى.

ئويلىغانسېرى غەزىپىم تاشاتتى، بار ئاۋازدا ۋارقىراپ بۇ ئەرزىمنى پۈتكۈل شەھەرگە ئاڭلاتقۇم، شۇنچە گۈزەل، شۇنچە زامانىۋى، شۇنچە ئەركىن بىر شەھەردە مۇشۇنداق رەزىللىك، چېكىدىن ئاشقان زۇلۇم، جىنايەتنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى خەلقئالەمگە بىلدۈرگۈم كېلەتتى. بىزنى ساقچىلارمۇ گۇناھسىز دەپ قويۇۋەتكەن يەردە، ئۇلار قاراڭغۇ ئۆيگە سولاپ قويسا قانداقمۇ چىداپ تۇرغىلى بولسۇن. بىزمۇ ئادەم، بۇ ھاياتتا، دۇنيادا بىر كىشىلىك ھەققىمىز بار، بىزمۇ ئۇلاردەك ئەركىن ياشىشىمىز كېرەك.

— مېنىڭ قورسىقىم ئېچىۋاتىدۇ،— دېدى قاھار، ئۇ سەل ئېسىگە كەلگەندەك قىلاتتى.

— بىردەم چىدا، ھازىر يېگۈدەك ھېچنېمە يوق. ھېلىغىچە تاماق ئەكىرىشى مۇمكىن.

— بۇ يەرگە كەلمىسەم بوپتىكەن،— دېدى قاھار غودىرىغاندەك سۆزلەپ،— مەڭگۈ قايتىپ كېتەلمەيدىغان ئوخشايمەن. ئۇلارنىڭ قولىدىن ئۆلۈكۈم چىقىدىكەن، تىرىكىم چىقمايدۇ. ئۆيدىن قاچقانغا تويدۇم، دادام-ئاپاملار مېنى قاغىۋەتكەن ئوخشايدۇ.

ئىختىيارسىز دادامنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن، لېكىن مېھرىبانلىق، ئىللىقلىق يېغىپ تۇرغان چىرايى، ئاپامنىڭ قىپقىزىل ياغلىقىنى چېككىسىگە چىڭڭىدە تېڭىۋېلىپ، يۇلتۇزدەك نۇرلۇق كۆزلىرى بىلەن ماڭا كۈلۈپ بېقىشى، موماملنىڭ قوللىرى ئوتنىڭ دېغى بىلەن كۆكەرگەن، بىر قولتۇق ياۋا چۆپنى كۆتۈرگىنىچە باغدىن چىقىۋاتقان ھالىتى كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى. گېلىم غىققىدە بوغۇلۇپ، تومۇر-تومۇرلىرىمنى سىقىرتىپ چىقىۋاتقان ئەلەم يەرگە چېچىلىپ ئوت بولۇپ ياندى. ئاشۇ ئوت مېنى كۆيدۈرمەكتە، پۇشايمان ئىلكىدە ئۆرتىمەكتە. بەلكىم ئۇلارمۇ مەندەك ئەقىلسىز، بەڭباش ئوغلىنى قارغىۋەتكەندۇ. شۇڭا كۆرگەن كۈنۈم مۇشۇ. ئۆز ۋاقتىدا ئۆيدىن چىقىپ كەتسەملا دۇنيانىڭ ھەممە يېرى بەخت ۋە خۇشاللىققا تولغان، دەپ ئويلىغان بولۇشۇم مۇمكىن. لېكىن ياشاشنىڭ تۇغۇلۇشتىنمۇ مۇشكۈل ئىكەنلىكى، يورۇقلۇقنى كۆرۈش ئۈچۈن تۇپراققا كۆمۈلگەن ئۇرۇققا ئوخشاش ئاستا-ئاستا تۇپراقنى يېرىپ چىقىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئەمدى بىلدىم.

يەر ئاستىدىكى بۇ تار قاراڭغۇ ئۆي مېنى چەكسىز بوشلۇق ئىچىدە پىرقىراتماقتا، كاللامدا يېڭى-يېڭى خىياللار پەيدا بولماقتا. قاھار گويا ئالدىمدا لەيلەپ تۇرغان قولۋاق ئىدى، مەن ئۇنىڭغا قولۇمنى ئۇزاتتىم، ئۇنىڭ مۇزلاپ كەتكەن قوللىرى يەڭگىل تىترەيتتى.

— ئۇلار سېنى نېمە قىلدى؟

قاھار ئۇيقۇسى چالا قالغان ئادەمدەك كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ماڭا قارىدى.

— دېڭىز بويىغا ئاپاردى، دېڭىزغا چۆكتۈردى، چەكسىز... قاپقاراڭغۇ دېڭىز... مەن ئۆلۈم بىلەن ئۇچراشتىم، بىز دېڭىز ئاستىدا كۆرۈشتۇق، ئۇ قولۇمنى تۇتتى...

قاھار ئالقىنىمدىكى قولىغا قاراپ قويدى.

— نېمىشقا، نېمىشقا شۇنداق قىلدى؟

— ھېلىقى قۇتىنىڭ ئىشى، ئۇنىڭدا مۇھىم نەرسە بار ئىكەن، ئۇلار، سەن كونا، ئۇنىڭدىكى سىرنى بىلىسەن، باشقىلارغا سەن دەپ قويدۇڭ، دېدى. مەن بىلمەيتتىم، ھېچنېمىنى بىلمەيتتىم.

— كېيىنچۇ؟

— مەن ئېسىمنى يوقاتتىم. ھوشۇمغا كەلسەم تار، قاراڭغۇ بىر يەردە يېتىپتىمەن. پۇت-قولۇم باغلاقلىق، ئۆلگەن ئوخشايمەن دېدىم. ئۆلۈم ماڭا سۆزلىگەندەك قىلدى.

— كىم... كىم شۇنداق قىلدى؟

— سەن بىلىسەن، تيەنجىندە بىرلا غوجايىن بار. بىز شۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇرۇق.

سەزمەيلا بالا-قازا، خەۋپ-خەتەر قاپلاپ تۇرغان بىر يولغا كىرىپ قالغانلىقىمىزنى ھېس قىلدىم. بۇ يولدىن قانداق قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتىشنى بىلمەيتتىم، مۇشۇ تاپتا ئابدۇخېلىل نەدىدۇ؟ ئۇ نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقاندۇ؟ بىز بىر شەھەردە، لېكىن قاراڭغۇ كېچىدىكى ئادەمگە ئوخشاش بىر-بىرىمىزنى كۆرەلمەيمىز.

تۇرۇپلا شياۋ كې يادىمغا يېتىپ قالدى. ئۇ ھازىر بىزنىڭ نېمە كۈن تارتىۋاتقانلىقىمىزنى بىلمىسە كېرەك. ئۇنىڭ قىلغان گەپلىرىنى ئەسلىگىنىمدە، يەنە ئازراق ئۈمىدنىڭ نۇرىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئۇ ھېلىقى قۇتىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، بىزنىڭ يۇرتقا كېتىشىمىزگە ياردەم قىلماقچى بولغان.

— بىز چوقۇم كېتەلەيمىز، ئۈمىدۋار بول.

ئۇ گەپلىرىمگە ئېرەنسىمىگەندەك قاراپ قويىدى.

## 13

بۇ ئۆيدە كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ پەرقى يوقالغاچقا، قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. بىر كەمدە قاھار زۇكامداپ قالغان ئادەمدەك ئارقا-ئارقىدىن چۈشكۈردى، بۇرنىنى تارتتى، ئاغزى بېسىلماي ئەسنىدى. ئاندىن تۇرۇپلا جالاقلاپ تىترەشكە باشلىدى. خۇددى بىر ئادەم سىلكىشلەۋاتقاندەك پۈتۈن بەدىنى كېرىشىپ كەتتى. مەن ئۇنى ئاغرىپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىم، چاپىنىمنى ئۈستىگە يېپىپ، يۈزلىرىنى سىلىدىم.

— نېمە بولدۇڭ؟ بىر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟

— جى... جى... جېنىم ئاغرىپ كەتتى، ئۆلۈم قولۇمنى تۇتۇۋاتىدۇ.

ئۇ ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ ئىڭراشقا، ئارقىدىن يىغلاشقا باشلىدى. ئۆمىلەپ بېرىپ ئىشىككە ئۆزىنى ئۇردى.

— ئېچىڭلار، مېنى... مېنى... قۇتۇلدۇرۇڭلار.

ئۇ ئىشىكنى مورلايتتى، ئەسەبىيلەرچە ئۇسەتتى.

ئىشىك ئېچىلىپ، ئۆيگە بىرسى كىردى. بەدىنىدىن تارقالغان تاماكا ھىدى ئۆي ئىچىنى قاپلىدى. ئۇ كېلىپ خۇددى جان تالىشىۋاتقان قوزىنى مىدىرلاتقاندەك، قاھارنى پۇتى بىلەن تۈرتۈپ ئوڭدىسىغا ئۆرىدى. مەيدىسىگە دەسسەپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئېڭىشتى.

— قانداق، خۇمارىڭ تۇتتىما؟

— ئا... ئا... ئاكا... ماڭا ياردەم قىلىڭ، مەن... ئۆلىدىغان ئوخشايمەن.

— ئۆلمەيسەن، خاتىرجەم بول، گېپىمنى ئاڭلىساڭ ھازىرلا ياخشى بولۇپ كېتىسەن.

— ئاڭلايمەن، ئاكا! نېمە دېسىڭىز شۇ!...

— ئەمىسە ئېيتە، ساقچىلارغا نېمە دېدىڭ؟!

— ھېچ... ھېچنېمە دېمىدىم... ئاكا...!!!

— قۇتىنىڭ ئىشىنى كىمگە دېدىڭ؟

— دېمىدىم، مەن قۇتىدا نېمە بارلىقىنى راستىلا بىلمەيمەن. ھېچنېمىنى بىلمەيمەن جېنىم ئاكا.

— ئەمىسە ئۆل.

— ياق... ياق...!!! جېنىم ئاكا ماڭا رەھىم قىلىڭ، مەن راستىلا ھېچنېمىنى بىلمەيمەن.

قاھار ئۇنىڭ پۇتلىرىغا ئېسىلىپ يېلىنىپ ئاتتى، يىغلايتتى، خۇددى پىلە قۇرتىدەك تولغىناتتى. ئۇلارنىڭ ئۇنى نېمە قىلىپ قويغىنىنى ھېچ بىلمىدىم. ئەتراپىمدا ئالۋاستىنىڭ كۆلەڭگىسى ئەگىپ يۈرگەندەك ۋۇجۇدۇم شۈركۈنەتتى. قاھارغا ياردەم قىلالمىغىنىمدىن ئىچىم ئاچچىق بولاتتى.

تۇيۇقسىز ئىشىكنىڭ سىرتىدا «تارس» قىلىپ بىرسىنىڭ چاقماق ياندۇرغىنى ئاڭلىنىپ قالدى. كىچىككىنە يورۇقلۇق بىر كۆرۈنۈپلا ئۆچتى. ئۆي ئىچىنى تاماكا پۇرىقى قاپلىدى.

— بولدى ئۇنىڭغا بەرگىن، — دېگەن خىرقىراق ئاۋاز ئاڭلاندى. لېكىن ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلەلمىدىم.

قاھارنى دەسسەپ تۇرغان ئادەم يېنىدىن بىر تال ئىشپىرىسنى چىقىرىپ، قاھارنىڭ بىلىكىگە ئۇردى. بىر پەستىن كېيىن قاھار تىنچىپ قالدى.

— ئوبدان ئارام ئال، — دېدى ئۇ ھىجىيىپ، ئاندىن ئىشىكنى جالاققىدە يېپىپ چىقىپ كەتتى.

مەن قاھارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنى يۆلىدىم. ئۇ يېلى چىقىپ كەتكەن تۇلۇمدەك بوشىشىپ كەتكەن ئىدى. بۇلۇڭدىكى يەشىكنىڭ ئۈستىگە بېرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويۇپ ماڭا قارىدى. كەيپىياتىمۇ خېلى ياخشىلىنىپ قالغاندەك تۇراتتى.

— مەن تۈگەشتىم، — دېدى ئۇ ئۇھسىنىپ.

— ئۇلار ساڭا نېمە قىلدى؟ بايا ئۇرغىنى قانداق ئوكۇل؟

— ئۇ ئوكۇل ئەمەس زەھەر، ماڭا زەھەر ئۇرۇۋەتتى.

— زەھەر؟! خېرويىن دېگەن شۇما؟!

— ھەئە.

مېڭەمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. ئاشۇ نىجىس ئالۋاستىغا يولۇقۇپ، خانىۋەيران بولغان، ھەتتا جېنىنى سېلىپ بەرگەن كىشىلەر توغرىسىدا بەزى ھېكايىلەرنى ئاڭلىغان ئىدىم. بىراق مېنىڭ ئەتراپىمدىمۇ شۇنداق ئىشنىڭ بولۇشىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىمەن. قارا نىيەتلەر قاھارنى ئالۋاستىنىڭ چاڭگىلىغا تاشلاپتۇ. بۇ نېمىدېگەن دەھشەت، نېمىدېگەن رەزىللىك-ھە؟! مەن ئەمدى چۈشەندىم، شياۋ كېنىڭ بىلمەكچى بولغىنى مۇشۇ زەھەر توغرىسىدىكى ئىشكەن. ئۇنىڭ ماڭا ئىشلارنى ئېنىق ئېيتمىغانلىقى قىزىق، ئەمما بۇمۇ ئۇنىڭ ساقچىلارغا خاس مەخپىيەتلىكنى ساقلىغىنى بولسا كېرەك.

— ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن؟ — دېدىم ئۇنىڭغا قاراپ ئېچىنغان ھالدا.

— بىلمەيمەن، بەلكىم ئەجەلنى ساقلاپ ياتماقتىن باشقا چارە يوقتۇر.

— بىز ئامال قىلالىلى، ئاداش. بۇ يەردىن قۇتۇلۇشنىڭمۇ يولى چىقىپ قالار.

— قانداق قۇتۇلىمىز؟ سېنىڭچە بۇلار بىزنى قويۇۋېتەرمۇ؟

— جاھاننىڭ ئىگىسى بار، ئۇلارنىڭ قىلغىنىچىمۇ بولۇپ كەتمەس.

ئۇ يەنىلا ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە بېشىنى چايقاپ قويدى.

قاھارغا ئۇچىنچى قېتىم ئۇكۇل ئۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار بىزنى سىرتقا ئېلىپ چىقتى. كۆچلۈك ئاپتاپ كۆزىمىزنى چېقىپ، بىر پەس ھېچنېمىگە قارىيالمىدۇق. شەھەرنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ تۇراتتى، قەلبىم نېمىگىدۇر ئىنتىلەتتى، ئاشۇ يورۇق دۇنيادا ساپ ھاۋاغا، ئاپتاپقا، گۈزەل تۇرمۇشقا قېنىپ ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ قېشىغا بارغۇم كېلەتتى. ئۇلارنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ، ئاشۇ شاۋقۇنلۇق ھايات قوينىغا سىڭىپ كىتىشنى ئىستەيتتىم. بىراق مەن ھازىر بىر كۆلەڭگە ئىدىم، پەرۋازىم، تەقدىرىم بىر يىپقا باغلانغان ئىدى. ئۇ يىپ قارا نىيەت، رەزىل بىر ئادەمنىڭ قولىدا ئىدى.

دەل شۇ چاغدا يىپ تارتىلدى.

— مېڭىشە، — دېدى بىرسى دولامدىن ئىتتىرىپ.

مەن ئۆزۈمنى خۇددى بىر جىنايەتچىگە ئوخشاپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. گويا تەتۈر شامالغا دۇچ كېلىپ، پاچاقلىنىپ كەتكەن لەگلەكتەك تۈيغۇلىرىم چېقىلدى، روھىم جىممىدە تىنىپ قالدى. مەن چوڭقۇر نەپەس ئالدىم، ئاچچىقلىنىش ئۈچۈن كۆچەپ چىڭقالدىم، ئۇلارنىڭ قولىدىكى يىپتىن بىراقلا قۇتۇلۇپ ئەركىن پەرۋاز قىلىپ، باشقىلاردەك خۇشال - خۇرام ياشاشقا ئىنتىلدىم. بىراق بۇ پەقەت مېنىڭ بىر خىيالىم ئىدى. مەن ۋارقىرىيالمايتتىم، ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا جار سېلىپ ۋارقىرىيالمايتتىم. خۇددى شۇنداق قىلىشىم لازىمدەك ئۇلارغا جىممىدە ئەگىشىپ ماڭاتتىم. بۇنىڭ ئاجىزلىق، قورقۇنچاقلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسامـمۇ، ئامالسىزلىق ئىچىدە تېگىرقايتتىم.

بىز بىنانىڭ ئارقىسىدىكى تار يول بىلەن مېڭىپ ھويلىغا چىقتۇق. ھويلىدا كۆك رەڭلىك بىر كىچىك ماشىنا تۇراتتى. ئۇلار بىزنى ئىتتىرىپ ماشىنىغا چىقاردى. ماشىنا ئىچىدە يەنە ھېلىقى ئۇزۇن چاچ، ئېگىز بوي بىلەن ناتونۇش بىرسى ئولتۇراتتى. ماشىنا قوزغالدى. كېتىۋاتىمىز، ئۇلارنىڭ نەگە ئېلىپ بېرىشى بىزگە قاراڭغۇ. ئەمدى كوچىلارنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى رەڭگا رەڭ تۇرمۇش دۇنياسىغا، شارقىراپ ئېقىۋاتقان ئادەملەر توپىغىمۇ قىزىقسىنىپ قارىغۇم كەلمەيتتى. بۇ شەھەر مەن ئۈچۈن رىئاللىق ئەمەس، كىنو ئېكرانىدىكى كۆرۈنۈشلا يوقاپ كېتىدىغان خىيالىي تۈيغۇغا ئوخشاپ قالغان ئىدى.

قانچىلىك ماڭدۇق نامەلۇم، بىر چاغدا ماشىنا ئانچە چوڭ بولمىغان بىر كوچىغا كىرىپ ئاستىلىدى. ئالدى تەرەپتە مىللىي پوسۇندا بېزەلگەن بىر ئاشخانا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاشخانىنى كۆرۈپلا يەنە ھاياجانلىنىشقا باشلىدىم. ئۇلارنىڭ ئابدۇخېلىلنى بىر ئاشخانىغا ئېلىپ ماڭغانلىقى يادىمدا ئىدى. شۇڭا ماڭا ئاشخانىدىن مەززىلىك تاماقنىڭ پۇرىقى ئەمەس، ئابدۇخېلىلنىڭ ھىدى كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ماشىنا دېرىزىسىگە يۈزۈمنى يېقىپ، ئاشخانا ئىچىگە تەلمۈرۈپ قارىدىم. گەرچە ھېچكىمنى كۆرەلمىگەن بولسامـمۇ، يۈرىكىم تېپىرلاپ، ھاياجىنىمنى باسالماي قالدىم.

ماشىنا توختىغاندىن كېيىن، ئاۋۋال ئۇزۇن چاچ چۈشتى. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا چۈشۈۋالدىم. پۇتلىرىم ئىختىيارسىز ئاشخانا تەرەپكە سۆرەپ تۇراتتى.

شۇ چاغدا ئېگىز بوي مۈرەمدىن كاپپىدە تۇتۇپ، ئالدىغا تارتتى.

— نەگە ئالدىرايسەن ھوي! يۇندى پۇرىغان ئىتتەك...

ئۇنىڭ گەپلىرى زەھەرلىك تىغدەك يۈرىكىمگە ئۇرۇلغان بولسىمۇ، چىشىمنى چىشلەپ سەۋر قىلىشقا توغرا كەلدى. مەن ئابدۇخېلىلنى تاپساملا ھەممە ئىشلار ياخشى بولۇپ كېتىدىغاندەك بىلىنەتتى. چۈنكى ئۇ مېنىڭ ئاكام، يۆلەنچۈكۈم ئىدى.

ئۇلار بىزنى ئاشخانىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئېلىپ ماڭدى، بۇ يەردىن ئاشخانىنىڭ ئىچىدىكى ۋاڭ - چۇڭلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىز ئاۋۋال بىر ئۆيگە كىردۇق. بۇ پوزۇر بېزەلگەن ئىشخانا بولۇپ، سىرلىرى پارقىراپ تۇرغان يوغان ئۈستەلنىڭ ئارقىسىدىكى ئايلانما ئورۇندۇقتا ھېلىقى پاقا كۆز كېرىلىپ ئولتۇراتتى. بىزنى ئېلىپ كەلگەن ئىككىسى ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— قانداق، كۆندىمۇ؟ — دېدى پاقا كۆز ئۇلارغا قاراپ.

— كۆندى، قورتتەك يۇمشاق قىلىۋەتتۇق.

پاقا كۆز بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ بىزگە يۈزلەندى، كۆزلىرى يىلاننىڭ كۆزلىرىدەك سوغۇق ۋە ۋەھىمىلىك ئىدى.

— ئەمدى مۇشۇ ئاشخانىدا ئىشلەيسىلەر، قالايمىقان سىرتلارغا چىقىشقا، باشقىلار بىلەن ئارىلىشىشقا بولمايدۇ. كىچىككىنە خاتالىق سادىر قىلىشساڭ پاچىقىڭنى چېقىپ، بوينۇڭنى قاتلىۋېتىمەن، — ئۇ خۇددى ھازىرلا بوينىمىزنى قاتلىۋېتىدىغاندەك، بارماقلىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ «قارس» چىقىرىپ

قويدى،— ئاكاڭ مۇشۇ ئاشخانىدا،— دېدى ئۇ ماڭا قاراپ،— ئەگەر ئاكامدىن ئايرىلىپ قالماي دېسەڭ، ياۋاشلىق بىلەن ئۆز ئىشىڭنى قىل.

ئابدۇخېلىلنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئۆزۈمنى تۇتالماي قالدىم، هاياجانلىنىپ كۆزلىرىم قىچىشىشقا باشلىدى. ئۇنى كۆرۈشكە شۇنداق ئالدىرىدىم، پاقا كۆزنىڭ قىلغان هەيۋىلىرىمۇ قۇلىقىمغا كىرمىدى. ئۇنىڭ چىقىپ كېتىشكە قىلغان ئىشارىسىنى كۆرۈپلا سىرتقا ماڭدىم. ئەمدىلا ئىككى قەدەم ئېلىشىمغا ئېگىز بويىنىڭ يوغان ئالقىنى گەجگەمگە «پاققىدە» تەگدى. پۇتلىرىم لاغىلاپ، يىقىلىپ چۈشۈشكە تاسلا قالدىم.

— نەگە ئالدىرايسەن هارىمى، بىر دەسسەيمەن بىكا!— ئۇ پاتىڭمىدىن تۇتۇپ سۆرەپ ئۇستەلنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى،— رەهمەت ئاكا، دېيىشنى بىلمەمسەن؟

— بولدى، بولدى، ئۇ ئابدۇنىڭ ئىنىسى، بەك كۇچەپ كەتمە،— دېدى پاقا كۆز ئارىلىشىپ.

مەن ئېگىز بويىغا ئالىيىپ قاراپ قويدۇم. ئابدۇخېلىلنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ، روهىمۇ بۆلەكچە جانلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئابدۇخېلىلنى «ئابدۇ» دەپ ئاتايدىغانلىقى، ئۇنى هەرهالدا ئاز-تولا چوڭ بىلىدىغانلىقى مېنى تېخىمۇ هاياجانغا سالماقتا ئىدى.

ئېگىز بويىنىڭ باشلىشى بىلەن تاماق چىقىرىدىغان ئۆيگە كىردۇق. ئىچىدە يەتتە-سەككىز ئادەم ئىشلەۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئۇچىسىدا ئاق خالات، بېشىدا ئاق پوسما بولغاچقا ئىتتىك پەرقلەندۇرگىلى بولمايتتى. يەنە كېلىپ ئۇلار تولىمۇ ئالدىراش ئىدى. ئاخىرى قورۇما قورۇۋاتقان بىرسىنىڭ ئارقىسىدىن ئابدۇخېلىلغا ئوخشاتتىم.

— ئاكا،— دېدىم تىترەك ئاۋازدا.

ئۇ پەرۋاسىزلا ئارقىسىغا بۇرۇلدى، بۇرۇلدى-يۇ، هەيرانلىقتىن كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ، لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. قولىدىكى چۆمۈچ «تاراڭ»ئىدە ساپلىقىغا تاشلاندى. بۇ راستلا ئابدۇخېلىل ئىدى.

— سابىر، سابىر، بارمۇ سەن ئۇكام.

ئۇ كەلگەن پېتى مېنى باغرىغا باستى، ئىسسىق كۆز يېشى يۈزۈمگە تامچىلىدى. مەن ئۇنى خېلىلا تەمكىن دەپ ئويلايتتىم، بىراق هازىرقى هالىتىدە ئۇ ئۆزىگە ئوخشىمايلا قالغان ئىدى. مەن بولسام ئاللىقاچان ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ يىغىغا چۈشكەن ئىدىم. خىيال كەپتىرىم مەكتەپ يولىدا، بۇغداي قىرلىرىدا، مومامنىڭ بېغى، بالىخانىسى ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يۇرت سېغىنچى، ئاتا-ئانام، ئىنىلىرىم، مومامغا بولغان سېغىنچىم يۈرىكىمنى تاتىلاپ هالسىراتماقتا ئىدى.

— بىز... بىز... كېتەيلى ئاكا، يۇرتقا كېتەيلى،— دېدىم ئېسەدەپ تۇرۇپ. بۇ مېنىڭ ئابدۇخېلىلنى تۇنجى قېتىم ئاكا دەپ چاقىرىشىم ئىدى. چۈنكى مەن هازىر بىر ئاكىغا، ئابدۇخېلىلدەك كۆيۈمچان بىر ئاكىغا موهتاج ئىدىم.

— كېتىمىز، چوقۇم كېتىمىز،— دېدى ئابدۇخېلىلمۇ تىترەك ئاۋازدا.

ئاشخانىدىكىلەر بىزگە هەيرانلىق بىلەن قارىشىپ قالغان ئىدى. ئېگىز بويمۇ بىر چەتتە جىمجىت قاراپ تۇراتتى. ئاڭغىچە سىرتتا تاماق سۆيلەيدىغانلارنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. باللار دەرهال ئېسىنى يىغىپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.

مېنىڭ قولۇمدىن ئاشپەزلىك كەلمىگەچكە، يەنىلا قاهار بىلەن زالغا چىقىپ تاماق توشۇپ، چاي قۇيىدىغان مۇلازىمەتچىلىككە قويۇلدۇق.

— هازىر ئىشىڭنى قىلىۋەر،— دېدى ئابدۇخېلىل، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە خۇشاللىق جىلۋىسى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى،— كەچتە مۇڭدىشايلى.

— ماقۇل،— دېدىم مەنمۇ خۇشال بولۇپ، مۇشۇ تاپتا ئۆزۈمنى خۇددى ئۆيگە قايتىپ كەلگەندەك هېس قىلماقتا ئىدىم.

كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ ئابدۇخېلىلنىڭ ياتىقىغا كىردۇق. بۇلارنىڭ ياتىقىمۇ يەر ئاستىدا بولۇپ، كۆپۈنگۈ تاختاي بىلەن كىچىك-كىچىك ئايرىمخانىلارغا بۆلۈنگەن ئىدى. كارىۋاتلىرىمۇ خېلى يامان ئەمەس ئىدى. مەن چىراغ يورۇقىدا ئابدۇخېلىلغا قايتا سەپسالدىم. ئۇ بۇرۇنقىدىن خېلىلا جۇدەپتۇ، لېكىن يۈزلىرى سۇزۇلۇپ پارقىراپ كېتىپتۇ. قويۇۋالغان بۇرۇتى بۇلۇتتەك ئاق يۈزىگە تولىمۇ ياراشقان ئىدى. مۇسكۇللىرى يەنىلا مەزمۇت ۋە بۆرتۈپ تۇراتتى.

ئۇ يېنىدىن تاماكا چىقىرىپ تۇتاشتۇردى.

— تاماكىغا ئۆگىنىۋاپسەن-دە؟— دېدىم كۈلۈپ.

— هەئە، غەمگە پاتقاندا ئازراق ئاچچىقنى باسىدىكەن.

— سېنى كۆپ سۆيلىدىم.

— مەنمۇ سۆيلىدىم. ئەگەر ساڭا تارتىشمىغان بولسام ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەن بولاتتىم. ئۇلار گېپىمىزگە كىرمىسەڭ ئىنىڭدىن ئايرىلىپ قالىسەن دەپ تەهدىت سالدى. يەنە تېخى قەرز هۆججىتى يازدۇرۇۋالدى.

— نېمە قەرز هۆججىتى ئۇ؟

— بىر كۈنى كەچتە ياتاقتا ئولتۇرسام، ئىمىنجان ئىككى-ئۈچ بالىنى باشلاپ كىرىپ كەلدى...

— هېلىقى پاقا كۆزما؟

— هەئە شۇ. ئۇلار شىشخال ئوينايمىز دەپ تۇرۇۋالدى، ئۇنداق ئىشلار بىلەن خۇشۇم بولمىغاچقا، ئوينىمايمەن دېدىم. ئۇلار زورلىدى، بەكلا زورلاپ

كەتتى. بوپتۇ دەپ بىر نەچچە قول تاشلاپ باقتىم. قانداق بولغىنىنى بىلمەيمەن، ئۇلار ئۇتتۇرۇۋەتتىڭ دېدى، يىگىرمە مىڭ يۈەنگە قەرز بوپتىمەن.

— ۋاي خۇدايىم، نېمانچە جىق؟

— بۇ بىر ئالدامچىلىق، ئۇلار مۇشۇنداق قىلىپ مېنى باغلىۋالماقچى. يەنە بىر تەرەپتىن سېنى تۇتقىلى قىلىپ ھەيۋە كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھازىرغىچە ئىشلەپ قالدىم. ئۆزۈڭچۇ؟ سېنىمۇ بوزەك قىلدىمۇ؟

— ھېلىقى كۈنى بىز ئايرىلغان يەردە كاۋاپ ساتتىم. پۇلۇمنىمۇ ئېلىۋېلىشتى. قاچاي دەپمۇ قاچالمىدىم. ئاخىرى تۇرسۇنكام تۇتۇلغاندا...

— ھېلىقى ساقالما؟

— ھەئە، سەن بىلەمسەن؟

— ئەلۋەتتە، ئۇ بۇ يەرگە كۆپ كېلەتتى. نىياز ئاكامنىڭ ئاساسلىق ئادىمى بولسا كېرەك.

— ھە، شۇ تۇرسۇنكام تۇتۇلدى.

— شۇڭا سىلەرنى بۇ يەرگە ئەكەپتۇ ـ دە؟

— بىزنىمۇ تۇتقان، كېيىن قويىۋەتتى. ئاندىن بۇلار نەچچە كۈن سولاپ قويدى، سوراق قىلدى، قاھارغا زەھەر ئۇرۇۋەتتى.

ئابدۇخېلىلنىڭ قوشۇملىرى جىددىي تۈرۈلدى، ئەندىشە ئىچىدە قولۇمنى تۇتتى.

— ساڭا... ساڭىچۇ؟ ساڭا چېقىلمىغاندۇ؟

— ياق، شۇ... ئازراق تاياق يېدىم.

ئابدۇخېلىل سەل خاتىرجەم بولدى. مەن ئۇنىڭغا شياۋ كې بىلەن بولغان مۇناسىۋەت توغرۇلۇق ئەمدىلا ئېغىز ئېچىشىمغا، ئۇ بارمىقى بىلەن ئاغزىمنى توسۇپ قويدى. ئاندىن ياتاقنىڭ ئىشىكىدىن سىرتقا قاراپ بېقىپ، يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇستاملار سىرتنى ئايلىنىپ يۈرگەچكە، باشقا ياتاقلار تېخى بىكار ئىدى.

— بۇ بەك خەتەرلىك، — دېدى ئۇ پىچىرلىغاندەك سۆزلەپ، — سەللا دىققەت قىلمىساڭ تۈگىشىمىز.

— ئۇ بىزنىڭ يۇرتقا قايتىشىمىزغا ياردەم قىلىدىغان بولدى.

— ياخشى بوپتۇ، لېكىن بەك ئېھتىياتچان بولايلى.

— سېنىڭچە نىياز ئاكىنىڭ ئىشلىرىنى ئۇققىلى بولارمۇ؟

— ئۇنىڭ ئىشى بەك جىق، ئاشخانا، كاۋاپخانىلار پەقەت بىر نىقاب. كوچىلارغا چىقىپ يانچۇقچىلىق قىلىدىغان باللاردىنلا ئوتتۇزدىن ئارتۇقراق بار.

— يەنە زەھەرمۇ بار.

— ئۇ بەك مەخپىي، بىلمەك تەس، ئەڭ يېقىن ئادەملىرىلا بىلىدۇ.

— قاھارغا زەھەر ئۇرۇۋەتكىنىگە قارىغاندا ئۇلار مۇشۇ سودىنىمۇ قىلىدىغان ئوخشايدۇ.

— شۇنداق، بىز ھازىر خەتەرلىك ئالۋاستى ئۇۋىسىدا ياشاۋېتىپتىمىز.

— شياۋ كې بارغۇ، ئۇ دېگەن ساقچى، بىزگە ياردەم قىلىدۇ.

— مەيلى، شۇنىڭغا تايىنايلى.

## 14

ئەمدى ئابدۇخېلىل بىلەن دائىم بىللە بولغاچقا، ئانچە غېرىبلىق ھېس قىلىپ كەتمەيدىغان بولدۇم، روھىممۇ خېلى تېتىك ئىدى. گاھىدا باللار بىلەن چاقچاقلىشىپمۇ قوياتتىم. مەيلى نېمە ئىش قىلاي قۇلىقىم بىلەن كۆزۈم سەزگۈر ھالەتتە تۇراتتى. نىياز ئاكىنىڭ زەھەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلىرىنى بىلىشكە تىرىشاتتىم. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ، يۇرتقا كېتىشكە يول چىقاتتى.

ئاشخانىنىڭ كۆلىمى خېلى چوڭ ئىدى. ئاساسەن يەرلىك كىشىلەر كۆپرەك كىرەتتى. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزگىچە تەملىك، قۇۋۋەتلىك تاماقلىرىغا خېلىلا كۆنۈپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ شەھەردە تىجارەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ خېلى ـ خېلى يەردىن بۇ ئاشخانىغا تاماق يېگىلى كېلەتتى. ئاشخانا ئىچىنى نىياز تيەنجىننىڭ چوڭ خوتۇنى ئايىمخان باشقۇراتتى. گەۋدىلىك، كۆزلىرى چوڭ، بويۇن، قۇلاق، بىلەكلىرىدىن تارتىپ ئالتۇن بىلەن بېزەلگەن بۇ خوتۇن سەل ھازازۇل ئىدى. ئاشخانىدىكى باللارنىمۇ بېزەپ تىللار بىلەن ھاقارەتلەيتتى. كېيىن بىلسەم بۇ خوتۇن ھېلىقى پاقا كۆز ئىمىنجان دېگەننىڭ ئاچىسى ئىكەن. شۇڭا نىياز ئاكا ئاشخانىنىڭ مالىيە ھېساباتىنى مۇشۇ پاقا كۆز قېيىنئىنىسىغا تاپشۇرغان ئىدى.

ئايىمخان بۇلۇڭدىكى مۇلازىمەت پوكىيىدە ئولتۇرۇپ، ئاشخانا ئىچىگە ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن زەن سېلىپ قارايتتى. ئۇ بويىنىنى سوزۇپ قاراۋاتقاندا يوغان كۆكسى پوكەينىڭ قىرغىقىغا تېگىپ تۇراتتى.

نىياز ئاكا بۇ ئاشخانىغا ئارىلاپ ـ ئارىلاپ كېلىپ تۇرىدۇ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇنى ئۇچرىتالمايمىز. ئابدۇخېلىلنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ مۇكەررەم ئىسىملىك يەنە بىر خوتۇنى بارمىش. دەسلەپتە بۇ گەپنى ئاڭلاپ تولىمۇ ھەيران قالغان ئىدىم. نىياز ئاكا ئۇ خوتۇنى بىلەن «بېنز» ماركىلىق ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ، كۈندە دېگۈدەك تيەنجىن شەھىرىنى ئايلىنىپ، ئۆزىگە قاراشلىق تىجارەت ئورۇنلىرىنى نازارەت قىلارمىش. گاھىدا كۆرۈمسىز بۇ مەسباشنىڭ راستلا شۇنداق كارامىتى بارمىدۇ دەپ ھەيران قالىمەن. ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. ئۇنى ئادەم سىياقىدىكى باشقا بىر مەخلۇقتەك ھېس قىلىپ قالىمەن.

گاھىدا ئاشخانىغا خۇددى مۇشۇلارغا ئوخشاش چىرايى سۇرلۇك، قاراشلىرىدىن ئادەم ئەيمەنگۈدەك بىر نەچچە ناتونۇش ئادەم پەيدا بولۇپ قالىدۇ. ئۇلارنى پاقا كۆز ئىمىنجان ئۆزى كۈتۈۋالىدۇ. تاماقتىن كېيىنلا ئارقا ئىشىك بىلەن ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرىدۇ. ئۇلار نېمە دېيىشىدۇ، نېمە قىلىشىدۇ بىلگىلى بولمايدۇ، ھەرىكىتى شۇنچىلىك سىرلىق. بىر قېتىم يۈرىكىمنى قاپتەك قىلىپ، بىر باھانە بىلەن ئارقىغا ئۆتتۇم-دە، ئىشخانا ئالدىغا بېرىپ ئىچىگە قۇلاق سالدىم. ئىچىدىن ئۇلارنىڭ «شىنجاڭغا يولغا سالغان مال... ساقچى... تەكشۈرۈش... ۋەزىيەتنىڭ چىڭىپ كېتىۋاتقانلىقى...» دېگەنگە ئوخشاش تاقا-تۇقا گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. لېكىن بۇ گەپلەرنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ھېچ چۈشەنمىدىم.

نەچچە كۈن ئۆتۈپ ئاشخانىغا شىياۋ كې پەيدا بولۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا چاي قۇيۇپ بېرىۋاتقاندا ئۇ ئاستا پىچىرلىدى:

— سىرتقا چىق، گېپىم بار.

بۇ ساقچىلار بىزنى قويۇۋەتكەندىن بېرى شىياۋ كې بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈشۈم ئىدى. گەرچە شىياۋ كې بىلەن كۆرۈشۈشنى خېلىدىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن بولساممۇ، لېكىن ھازىر جىددىيلەشتىم. چۈنكى ئۇنىڭ يېنىدا بىرنەچچە ناتونۇش ئادەم تۇراتتى. ئارىدا تۇرغان ئۇيغۇر يىگىتنى كۆرۈش بىلەن خۇددى بېرى ئۇستۇمدىن سوغۇق سۇ قۇيغاندەك ئەندىكىپ كەتتىم.

— غوجايىن قالايمىقان سىرتقا چىقارمايدۇ، — دېدىم ئايىمخاننى ئىما قىلىپ.

ئۇ يېنىدىكى كوچا لوكچەكلىرىدەك كېيىنىۋالغان ھەمراھىغا بىر نېمىلەرنى دېدى، ھەمراھى ماڭا قاراپ قەستەن ۋارقىراپ تۇرۇپ سۆزلىدى؛

— ھوي مۇلازىم! ماڭا سىرتتىن بىر قاپ تاماكا ئەكىرىپ بەر، تېز بول!

مەن ئايىمخاننىڭ يولىيورۇق بېرىشىنى كۈتۈپ، ئۇنىڭغا قاراپ تۇردۇم. بۇ غوجايىنلار يەرلىكلەر بىلەن دۈشمەنلىشىپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەيتتى.

— ماڭ، بۇ مېھمانغا تاماكا ئەكىرىپ بەر، — دېدى ئايىمخان بېشىنى سىلكىپ.

مەن شىياۋ كېنىڭ ھەمراھى بەرگەن ئەللىك يۈەن پۇلنى ئېلىپ سىرتقا ماڭدىم. ئاشخانىنىڭ سەل نېرىسىدا بىر ماگىزىن بار ئىدى، مەن ئەمدىلا ماگىزىنغا كىرىپ تۇرۇشۇمغا ئارقامدىن شىياۋ كېمۇ كىرىپ كەلدى.

— بىر مەزگىلگىچە خەۋىرىڭنى ئالالماي بەك ئەنسىرىدىم، — دېدى ئۇ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇ ماڭا يەنىلا بۇرۇنقىدەك دوستانە مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى، — تۈنۈگۈن بۇ ئاشخانىدا ئىكەنلىكىڭدىن خەۋەر تېپىپ ئىزدەپ كېلىشىم، قانداق، ياخشى تۇرۇۋاتامسەن؟

— يامان ئەمەس.

— ئاكاڭنى تاپتىڭمۇ؟

— ھەئە، مۇشۇ ئاشخانىدا ئاشپەزلىك قىلىدۇ.

مەن ئۇنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىۋاتقان بولساممۇ، ئەمما ئەس-يادىم يەنىلا ئۇنىڭ يېنىدىكى ئادەملەردە ئىدى. ئۇلارنىڭ بولۇپمۇ بايىقى ئۇيغۇر يىگىتنىڭ سالاھىتى مېنى ئويلاندۇراتتى.

— بىر نەرسىنى خىيال قىلىۋاتامسەن-قانداق؟ — مەن گۇمانىمنى شىياۋكېنىڭ كۆزىدىن ئەپ قاچالمىغان ئىدىم.

— بايىقى سەن بىلەن بىرگە كەلگەن ئۇيغۇر يىگىتى كىم، بۇ يەردىمۇ ئۇيغۇر ساقچىلار بارما...؟ — مەن كۆڭلۈمدىكىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرماي بىۋاستىلا ئېيتتىم.

شىياۋ كې سىرتنى بىر قۇر كۆزىتىۋەتكەندىن كېيىن، ئېغىز ئاچتى:

— ئۇلارنىڭ ئىككىسى سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلار شىنجاڭدىن كەلگەن ساقچىلار، ئۇ ئۇيغۇر يىگىتمۇ ساقچى. سەن ئەنسىرىمە، بىز ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىپ بۇنداق قارا نىيەتلەرنى كۆپ قېتىم بىتچىت قىلغان. سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت بىزگە ئىشىنىش ھەم ماسلىشىش. بۇ يەردە كۆپ سۆزلىشىش خەتەرلىك.

ئۇنىڭ سۆزى كۆڭلۈمگە بىر يېڭى تۇيغۇ ئاتا قىلدى. خۇددى ئۆزۈمنى يۇرتۇم قويىنىدىكىدەك ھېس قىلىپ، شۇنچە ئۇزۇن كۆلكىنى ئۇنتۇپ كەتكەن چىرايىم ھەرىكەتكە كېلىپ ئۇلگۈردى.

— بىرەر ئەھۋالنى بىلەلىدىڭمۇ؟ — شىياۋ كېنىڭ سوئالى بىلەن يەنە رېئاللىققا قايتىپ كەلدىم.

مەن ئۇنىڭغا بىزنى ساقچىلار قويۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ سولاپ قويغانلىقىنى، نىياز تىيەنجىننىڭ ئۆزى سوراق قىلغانلىقى، قاھارغا زەھەر ئۇرۇۋەتكەنلىكى، بىر نەچچە سىرلىق ئادەمنىڭ ئاشخانىغا پات-پات كېلىپ، ئىمىنجان بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ دېيىشكەن گەپ-سۆزلىرى قاتارلىقلار توغرىسىدا قىسقىچە سۆزلەپ بەردىم.

— يىلاننىڭ بېشى نىياز، — دېدى شىياۋ كې جىددىي تەرزدە، — ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارغا كۆپرەك دىققەت قىل.

— ماقۇل.

— بۇنى ئال، — دېدى ئۇ كىچىككىنە بىر پارچە قەغەزنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ، — مېنىڭ تېلېفون نومۇرۇم، پەۋقۇلئاددە ئەھۋال بولۇپ قالسا ماڭا تېلېفون قىل.

— بولىدۇ، مەنمۇ بۇ ئىشنىڭ تېزرەك ئاخىرلىششىنى، يۇرتقا بالدۇرراق قايتىشنى ئارزۇ قىلىمەن.

— ئاز قالدى، نىياز قولغا چۈشىسىلا سىلەرمۇ

خاتىرجەم ئۆيگە قايتالايسىلەر.

مەن ئاشخانىغا قايتىپ كىردىم، ھەممە ئىش جايىدا ئىدى، ئايىمخانمۇ گۇمان قىلىپ قالغاندەك ئەمەس. شياۋ كې كەتكەندىن كېيىن مۇرەككەپ بىر تۇيغۇ ئىچىدە قالدىم.

شۇ كۈنى ئارامسىزلىق ئىچىدە كۈننى ئاران كەچ قىلدىم. ياتاققا كىرگەندىن كېيىن، ئابدۇخېلىلغا شياۋ كې ھەم يۇرتىمىزدىن كەلگەن ساقچىلارنىڭ ئۇچۇرىنى يەتكۈزۈۋىدىم، ئۇ بەكلا خۇش بولۇپ كەتتى. بىراق بىز نىياز ئاكىنىڭ جىنايى ئىشلىرىغا قارىتا قولغا چىققۇدەك بىرەر خەۋەرگە ئىگە بولالمايۋاتاتتۇق. تۇرۇپلا خىيالىمغا قاھار كېلىپ قالدى. ئۇمۇ بىزگە ئوخشاشلا ئازاب چەككەنلەرنىڭ بىرى، بىز بىلەن تەقدىرداش، كۆلپەتداش ئىدى. كۈندە بىرگە ئىشلىسەكمۇ ئاخشىمى ئۇنى ھېلىقى ئۇزۇن چاچ بىرگە ئېلىپ كېتەتتى. ياتىدىغان يېرىنىمۇ بىلمەيتتىم. نەچچە كۈن ئۆتۈپ خەنزۇلارنىڭ تاۋۇز چاغىنى يېتىپ كەلدى. كوچىلار رەڭدار پانۇسلار بىلەن بېزىلىپ، ھەممە يەر بايرام شادلىقىغا چۆمگەن ئىدى. كەچتە باللار ئايىمخان بىلەن ئىمىنجاننىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ پانۇس سەيلىسى قىلىشقا چىقتۇق. مېنىڭ ئېسىيادىم قاھار بىلەن يالغۇز سۆزلىشىش بولغاچقا، باشقىلارغا ئانچە پەرۋا قىلمىدىم. پەيتى كەلگەندە ئۇنى ئاستا بىر چەتكە تارتتىم.

— ئۇلار ساڭا ھازىرمۇ زەھەر ئۇرۇۋاتامدۇ؟

ئۇنىڭ چىرايى ئازاب بىلەن پۈرۈلدى.

— نەدە ئۇنداق بىكارلىق ئىش بار دەيسەن، پۇلغا سېتىۋېلىپ ئۆزۈم ئۇرىمەن.

— بۇ... بۇ... قانداق بولغىنى؟

— ئۇلار دەسلەپتە مېنى خۇمار قىلىش ئۈچۈن بىكارغا ئۇرغان، ئەمدى مەقسىتىگە يەتتى. مەن ئۇلارغا باغلاندىم، بىر ئۆمۈر ئىشلىسەممۇ، بوينۇمغا ئارتىلغان قەرزنى تۈگىتەلمەيمەن.

مەن بىردەم گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدىم، قەلبىمنى قاھارغا بولغان ھېسداشلىق، ئازاب، نىياز تيەنجىنگە بولغان غەزەپ-نەپرەت قاپلىغان ئىدى. ئۇنى پارلاق بىر يولغا تارتقۇم كېلەتتى.

— يۇرتقا قايتقۇڭ بارمۇ؟

ئۇ ئاچچىق كۈلدى.

— گېپىمنى ئاڭلىمىغاندەك سۆزلەيسەنغۇ؟ ھازىر ئەركىم ئۆز قولۇمدا ئەمەس، مەن ئۇلارغا باغلاندىم، يۇرتقا ئوتۇمدا ئەمەس، چۈشۈمدە قايتىشقىمۇ نېسىپ بولمايدۇ. مېنىڭ كەلگۈسۈم تۈگىگەن.

— ياق، يەنىلا ئۈمىد بار.

ئۇ بېشىنى چايقىدى.

— شياۋ كې ئېسىڭدە بارمۇ؟

— شياۋ كې؟ ھە، بىزنى دېڭىز بويىغا ئاپارغان بالىما؟

— ھەئە، بىلەمسەن، ئۇ دېگەن ساقچى.

— ساقچى؟!...

— شۇنداق، ئۇ بىزگە ياردەم قىلماقچى. بۇنىڭ ئۈچۈن نىياز ئاكىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشىمىز كېرەك. بولۇپمۇ زەھەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى.

ئۇ بىر ھازا جىمىپ كەتتى. قورقۇۋاتامدۇ ياكى ئىشنىڭ ئالدى-كەينىنى دەڭسەپ كۆرۈۋاتامدۇ بىلگىلى بولمايتتى. خېلىدىن كېيىن ئۇ ئېغىز ئاچتى:

— دېگەنلىرىڭ راستما؟

— ئەلۋەتتە، تۈنۈگۈن كەلگەندە سەن كۆرمەي قالدىڭ. مانا بۇ ئۇنىڭ تېلېفون نومۇرى.

مەن شياۋ كېنىڭ نومۇرى يېزىلغان قەغەزنى ئۇنىڭغا بەردىم.

— بولىدۇ، تىرىشىپ كۆرەي.

ئەمدى كوچىدىكى شاۋقۇن-سۈرەنلەرمۇ قۇلىقىمغا كىردى. پانۇسلارنىڭ رەڭدار نۇرلىرى كوچىلاردىن ئېشىپ قەلبىمنىمۇ يورۇتماقتا ئىدى. قەيەردىندۇر ئارىلاپ-ئارىلاپ ئېتىلغان پوجاڭزا، ساليوتلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، كۆك باغرىدا سانسىز نۇر چاچقۇلىرى يۇلتۇزغا جور بولۇپ چاقنىماقتا ئىدى.

ياتاققا قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، قاھار بىلەن دېيىشكەن گەپلەرنى ئابدۇخېلىلغا ئېيتىپ بەردىم. ئۇ باشقىچە ئىپادە بىلدۈرمىدى، لېكىن تازا خاتىرجەم بولالمايۋاتقانلىقى چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى.

شۇ ئىشلار بولۇپ ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتتى. قاھار ئۆز ئىشى بىلەن جىمجىت يۈرەتتى. ھازىر ئۇ ئىلگىرىكىدەك خۇش چاقچاق ئەمەس ئىدى. دائىم غەمكىن، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە خامۇش ياشايتتى. بەلكىم ئۇ ئۆزىنى باشتا ئېيتقاندەك «تۈگەشتىم» دەپ ئويلىسا كېرەك، ئۇنىڭ شۇ مىسكىن ھالىغا قارىسىلا يۈرىكىم ئېچىشىدۇ. ئۈمىدنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ، گۈزەل ئارزۇلار بىلەن كەلگۈسىنى كۆرۈشنىڭ ھاياتنىڭ ئەسلىي قۇۋۋىتى ئىكەنلىكىنى ئاستا-ئاستا تونۇپ يېتىۋاتىمەن.

مەن قاھارنىڭ تېزرەك بىرەر خەۋەرگە ئىگە بولۇشىنى، تاقەتسىز تاق بولغان ھالدا كۈتۈۋاتاتتىم.

كۈز ئايلىرى تيەنجىندە ئاجايىپ دىمىق بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياتىقىمىز يەر ئاستىدا بولغاچقا ھاۋا ياخشى ئۆتۈشمەيتتى. ئابدۇخېلىل بىلەن ئىككىمىز تار ياتاقتا خۇددى پارنىكقا كىرىپ قالغاندەك ياتاتتۇق. بىئاراملىق ئىچىدە كۆزگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى. بۈگۈنمۇ خېلى بىر كەمگىچە ئۇخلىيالماي پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. ئابدۇخېلىل ياسىنجان ئۇستامدىن قالغان گىتارنى ھازىرغىچە ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ گىتارنى قولىغا ئېلىپ بىردەم سۇرتتى. گىتار پاكىز بولسىمۇ دائىم سۈرتۈپ تۇرۇش ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. كېيىن

ئۇ گىتارغا تەڭكەش قىلىپ پەس ئاۋازدا ناخشا ئېيتتى. ياتاق ئىچىنى مۇڭ قاپلىدى. شۇ مۇڭ ئىچىدە خىيال كەپتىرىم ھەر تەرەپكە پەرۋاز قىلاتتى. ئۆيدىن ئايرىلىپ بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن كەچمىشلىرىم بىر-بىرلەپ كۆز ئالدىمغا كېلەتتى، ئوتلۇق بىر سېغىنىش يۈرىكىمنى قىساتتى، يۇرت تۇپرىقى، يۇرت ھاۋاسى بېسىلماس خۇمارغا مۇپتىلا قىلغان شۇ مىنۇتلاردا يۇرتىنىڭ جەننەت ساھىلىغا مىڭ جېنىم بىلەن تەلپۈنەتتىم.

.........

— لاچىن سوققان توشقاننىڭ،
جاڭگالدا ئۇۋاسى بار.
بىز غېرىب-مۇساپىرنىڭ،
بۇ يۇرتتا نېمەسى بار.

ئابدۇخېلىل ناخشىنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرگەندە، كېچە خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئىدى. بىز ئولتۇرغان ئورنىمىزغىلا قىڭغايدۇق. روھىمىز ياپيېشىل بۇغدايلىق ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى.

ئۇيقۇ ئىچىدە كىملەردۇر كارنىيىمنى بوغدى، ئاغزىمغا بىر نېمىنى چاپلىدى. تىنالماي بەكلا قىينالدىم. بۇ چۈشۈممۇ ياكى ئوڭۇممۇ تازا ئاڭقىرالمايۋاتسام بىقىنىمغا بىرنەچچە تېپىك تەگدى. مەن شۇندىلا كۆزۈمنى ئاچتىم. بىراق ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم. بېشىمغا خالتىدەك بىر نەرسە كىيدۈرۈلگەن ئىدى. ۋارقىراي دەپمۇ ۋارقىريالمىدىم. ئاغزىم چاپلانغان، قولۇم باغلانغان، خۇددى بوغۇزلاشقا تەييارلانغان قوزىغىلا ئوخشاپ قالغان ئىدىم. بۇلار كىملەر؟ نېمىشقا مېنى باغلايدۇ؟ بۇ ماڭا قاراڭغۇ ئىدى. پەقەت ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ ئېغىر-ئېغىر نەپەس ئېلىشلىرى، ھاسىراشلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ تۇراتتى.

ئۇلار مېنى كۆتۈرۈشتى، ئازراق مېڭىپ بىر يەرگە تاشلاشتى. بىقىنىم قاتتىق-قۇرۇق بىر نېمىلەرگە سوقۇلدى. بۇرنۇمغا بېنزىننىڭ پۇرىقى ئۇرۇلدى. مەن ماشىنىغا سېلىنغانلىقىمنى قىياس قىلدىم. ئەتراپ يەنىلا قاراڭغۇ، ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى. كېيىن موتورنىڭ يېنىك گۈرۈلدىشى ئاڭلىنىپ، ماشىنا قوزغالدى.

ئۇلار مېنى نىقتاپ تۇرۇۋالغاچقا، بارغانسېرى نەپىسىم قىسىلىپ تىنالماي قېلىۋاتاتتىم، ئاللىقاندااق پەرەزلەر كاللامنى ئايلاندۇراتتى. قانچىلىك يول ماڭغانلىقىمىزنى بىلمەيمەن، مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلگەندە ماشىنا ئاخىرى توختىدى. قۇلىقىمغا غەلىتە بىر گۈرۈلدىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇلار مېنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ، بۇرنۇمغا شورنىڭ ھىدى تەگكەندىلا بۇ يەرنىڭ قەيەر ئىكەنلىكىنى پەم قىلدىم. بىز دېڭىز بويىغا كەلگەن ئىدۇق.

بىرسى كېلىپ بېشىمدىكى خالتىنى ئېلىۋەتتى. كۆز ئالدىم ئېچىلدى. بىز راستىنلا دېڭىز بويىغا كەلگەن ئىدۇق. مېنىڭ يېنىمدا ئابدۇخېلىلمۇ بار ئىدى. بىزنى ئوراپ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى نىياز ئاكىنىڭ ئادەملىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى ھېچ چۈشەنمىدىم. تۇرۇپلا شىياۋ كې بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ئەجەبا مۇشۇ ئىشلاردىن چاتاق چىققانمىدۇ؟

ئۇلار بىزنى مىنبۇسنىڭ يېنىدا توختىتىپ قويۇپ تاماكا چېكىشكە باشلىدى. مەن قاپقاراڭغۇ دېڭىزغا قارىدىم. سەل نېرىدىكى مەنزىرە چىراغ پەقەت ئۆزىنىڭ ئەتراپىنىلا سۇس يورۇتۇپ تۇراتتى. دېڭىزدىن كېلىۋاتقان سوغۇق شامالنىڭ تەسىرىدە بىردىنلا تىترەپ كەتتىم. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا ئاجايىپ بىر ۋەھىمە پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى شۈركۈندۈرۈۋەتتى. مەن قورقۇۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

يىراقتىن بىر ماشىنا بىزگە قاراپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇ يېنىمىزغا كېلىپ توختىغاندىلا ئۇنىڭ نىياز ئاكا ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بۇلار ئەسلىدە نىياز ئاكىنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ تۇرغان ئىكەن. ماشىنىدىن نىياز ئاكا بىلەن پاقا كۆز ئىمىنجان چۈشتى. نىياز ئاكا ئۈچىسىغا بىر پەلتونى يېپىنچاقلىۋالغان ئىدى. بېشى كېچىدىمۇ پارقىراپ كۆرۈنەتتى.

— ئىتنىڭ باللىرى، — دېدى ئۇ يېنىمغا كېلىپ خىرقىراق ئاۋازدا، — ماڭا ئاسىيلىق قىلغۇدەك بولۇشتۇڭمۇ؟

مەن ئەمدى نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشەندىم، قانداق بالا-قازانىڭ كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىمۇ ئايان بولدى. ئۆزۈمنى خۇددى ۋەھىملىك چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، ئىچ-ئىچىمدىن مۇزدەك بىر تۇيغۇ ئۆرلەپ چىقىشقا باشلىدى.

— يېنىنى ئاختۇردۇڭلارمۇ؟ — دېدى ئىمىنجان ئادەملىرىگە قاراپ.

— ئاختۇردۇق.

ئۇ نىياز ئاكىغا بۇرۇلدى.

— ئاكا، سورايدىغانلىرىڭىز بارمۇ؟

— ياق، — دېدى نىياز ئاكا، ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى تۇيۇقسىز مۆلدۈر ياغقاندەك يېقىمسىز ئاڭلىنىپ كەتتى، — ئاغزىنى ئېچىۋېتىڭلار، دەيدىغانلىرى بولسا دەۋالسۇن.

ئۇلار ئاغزىمىزدىكى يەملەكنى ئېلىۋەتتى. مېنىڭ ئۇلارغا ھېچنېمە دېگۈم يوق ئىدى، لېكىن ئابدۇخېلىل ئېغىز ئېچىپ قالدى:

— ئاكا، بىر-ئىككى يىلدىن بېرى ئىشلەپ بەرگەننىڭ يۈزىنى قىلىپ بىزنى كەچۈرۈڭ، كىچىك بولغاچقا نادانلىق قىپتىمىز.

— هوي تۈز كورلار،— نىياز ئاكا ئابدۇخېلىلنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلدى.— بۇ كەچۈرگىلى بولىدىغان ئىشما؟ مېنى گۆرگە تىقماقچى بولغان ئادەمنى مەن قانداق كەچۈرەلەيمەن؟ قانداقمۇ هايات قويالايمەن؟ مەن نىياز، هازىرغىچە ئاسىيلاردىن بىرنىمۇ بوش قويۇۋەتكەن ئەمەس.

— ئۆلتۈرسىڭىز مېنى ئۆلتۈرۈڭ، ئىنىمغا چېقىلماڭ، ئۇ تېخى كىچىك.

— چاتاقنى دەل ئاشۇ ئىنىڭ تاپقان، مانا ئەمدى سېنىمۇ گۆرگە سۆرەپ كىرىدىغان بولدى.

— ياق... ياق... جېنىم ئاكا، ئۇنداق قىلماڭ، ئىنىمغا رەهىم قىلىڭ.

ئابدۇخېلىلنىڭ گەپلىرى ۋەهىمە ئىچىدە سىقىلىۋاتقان يۈرىكىمدە تولىمۇ ئىللىق بىر ئېقىم پەيدا قىلدى. بۇ ئىللىقلىق مۇدهىش سىلىۋاتقان ئۆلۈم تەشۋىشىنىمۇ بېسىپ ئۆتۈپ، تومۇرلىرىمدا دولقۇن ياسىدى، غۇرۇرۇمنى ئويغاتتى، مېهىر چەشمىلىرىم فونتاندەك ئېتىلدى. مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ باغرىغا ئۆزۈمنى ئاتقۇم، ئىسسىق يۈرىكىگە يۈزۈمنى يېقىپ چىڭ قۇچاقلىغۇم كەلدى. ئۇنىڭ تۈرقى كىنولاردىكى باهادىرلارنى ئەسلەتتى. ئۇنىڭدىن ئېپتىخارلاندىم، سۆيۈندۈم. خۇددى مەردانىلەرچە ئۆلمەكچى بولغاندەك قەددىمنى رۇسلىدىم.

— بولدى، باشلاڭلار،— دېدى نىياز ئاكا ئادەملىرىگە بۇيرۇق بېرىپ.

ئۇلار يانلىرىدىن ئۈزۈن قىڭراقلىرىنى چىقىرىپ ماڭا ئېتىلدى.

— ياق... ياق...

ئابدۇخېلىلنىڭ دەهشەت بىلەن ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاڭغىچە مۈرەمگە بىر قىڭراق چېپىلدى. ئاچچىق ئاغرىق ئازابىدا بوش ئىڭراپ، بۈرۈلۈپ ئۇنىڭغا قارىدىم. ئابدۇخېلىل مېنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئېتىلىپ كېلىۋاتاتتى. شۇ ئارىدا ئۇنىڭغىمۇ بىر نەچچە قىڭراق چېپىلدى. ئۇ سەل دەلدەڭشىدى، لېكىن يىقىلمىدى. ئۇ تۈيۇقسىز بىرلا چىڭقىلىپ قولىنى بوشىتىۋالدى-دە، ئالدىنى توسقانلارنى زەرپ بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇلار بۇنداق بولۇشنى ئويلاپ باقمىغاچقا، دەماللىققا تەمتىرەپ قېلىشتى. ئابدۇخېلىل شۇ ياردار هالەتتىمۇ هەش-پەش دېگۈچە ئۇلاردىن ئۈچنى يەر چىشلەتتى.

— نانقېپىلار،— ۋارقىرىدى نىياز ئاكا بوغۇلۇپ،— نېمىگە قاراپ تۇرۇشىسەن، تېز چاناشمامسەن!

ئابدۇخېلىل خۇددى ياردار شىردەك نەرە تارتقىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلدى. شۇ چاغدا پاقا كۆز ئىمنجان كىنولاردىكى چامباشچىلاردەك سەكرەپ چىقىپ پەشۋا ئاتتى. ئابدۇخېلىل چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ پەشۋاسىنى قايرىۋەتكەن بولسىمۇ، ئارقا تەرەپتىن كەلگەنلەر بىر نەچچە پىچاق سىلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىباشلىرى قانغا بويالغان ئىدى، لېكىن كۆزلىرى غەزەپتىن ئوت بولۇپ ياناتتى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ، يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقانلارنى بىراقلا قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدى.

— قاچ... ئۇكام... تېز قاچ...

ئابدۇخېلىلنىڭ ئاۋازى پەسلەپ كەتتى. مەن قاچمىدىم، يىقىلغان يېرىمدىن تىرەجەپ تۇرۇپ، دەلدەڭشىگىنىمچە ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم. ئۇ ئالدىمغىلا يىقىلدى، بەدىنىم بىلەن ئۇنى توسىۋالدىم. دۈمبەمگە، بېشىمغا پىچاق چېپىلدى. ئىسسىق بىر سۇيۇقلۇقنىڭ بوينۇمدىن ئېقىپ ئىچىمگە كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. ئاغرىق ئازابى پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى چىرمىدى. ئەمدى دېڭىز شاۋقۇنىنىمۇ ئاڭلىيالمىدىم. بېشىم ئېغىرلاپ، مېڭەمدىكى كۆرۈنۈشلەر ئاستا-ئاستا ئۆچۈشكە باشلىدى.

## 15

كۆزۈمنى ئېچىپ تۇنجى كۆرگىنىم سۈت رەڭ ئاسمان بولدى. ئەجەبا چوڭلار دەپ يۈرىدىغان ئاخىرەت مۇشۇنداق بولامدىغاندۇ؟! ماڭا شۇنداق تۇيۇلدىمۇ، ياكى بۇ يەرنىڭ ئاسمىنى ئەسلىدىلا ئاق بولامدۇ بىلمىدىم. كۆزلىرىم ئېچىشىپ ئاغرىيتتى، تۇرۇپلا قىزىللىق تىقىلىپ ئوت ئۇچقۇندەك ئىمىر-چىمىر نەرسىلەر ئەلەڭگىيتتى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ، بۇ يەرنى تەپسىلىيرەك كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتىم، بىراق مىدىرلاشقا قۇربىم يەتمەيتتى. بەدىنىم قوغۇشۇندەك ئېغىر، يەر بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ مەڭگۈلۈك ئۇيۇپ قالغاندەك چەكسىزلىك قوينىغا سىڭىپ كېتىۋاتاتتىم.

مەن سۈت رەڭ ئاسمانغا تىكىلگىنىمچە جىمجىت يېتىپ، ئۆلۈمنى هېس قىلماقتا ئىدىم. دىمىقىمغا ئاللىقانداق نەرسىلەرنىڭ هىدى ئۇرۇلاتتى. بۇ هىدلار شۇنچىلىك قاڭسىق، كۆڭۈلنى ئايىنىتىدىغان بىمەززە پۇراق ئىدى. جەننەتنىڭ خۇش هىدىغا هېچ ئوخشىمايتتى. بۇنىڭغا قاراپ جەننەتكە كىرەلمىگەندەك هېس قىلاتتىم. بەلكىم ئاتا-ئانام، مومامالارنىڭ خىزمىتىنى قىلماي بېشىم قايغان يەرلەردە يۈرگەنلىكىم ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قارغىشىغا كەتكەن بولۇشۇم مۇمكىن، شۇ گۇناهىم ئۈچۈن دوزاخقا بەند قىلىنغاندىمەن. ئاھ، شور پېشانە سابىر!

كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ، كۆزلىرىمگە ياش كەلدى. كۆزۈمدىن ياش چىقتىمۇ، ياكى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئېرىپ ياش بولۇپ كەتتىمۇ بىلمىدىم، ئۆزۈمنى خۇددى شىرىلداپ ئېقىۋاتقان بۇلاق سۈيىدەك هېس قىلدىم.

ئىككىنچى قېتىم كۆزۈمنى ئاچقاندا ئەتراپ خېلىلا سۈزۈلۈپ قالغان ئىدى. ئادەملەرنىڭ گۇدۇڭ- گۇدۇڭلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ تۇراتتى. يىراقتىن يەنە ماشىنىلارنىڭ سىگنال ئاۋازىغا قېتىلىپ شاۋقۇن- سۈرەنلەرمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەمدى ھەيرانلىق، گاڭگىراش ئىلكىدە كۆزۈمنى ئەتراپقا يۈگۈرتتۈم. بىراق كۆرگىنىم يەنىلا سۈت رەڭ ئاسمان ئىدى. بېشىمنى ئېغىكىم بىلەن قوشۇپ يۆگەپ تېڭىۋەتكەچكە، يانغا بۇرىيالمايتتىم.

ھېلىقى پۇراق دىمىقىمنى يەنە غىدىقلاشقا باشلىدى. بۇ تونۇشلا بىر پۇراق ئىدى. توغرا، بۇ باشقا پۇراق ئەمەس دورا- ئوكۇلنىڭ پۇرىقى ئىدى. تۇۋا، مەن ئۆلگەن تۇرۇپ دوختۇرخانىدا نېمە ئىش قىلىدىغاندىمەن؟! تۇيۇقسىز باش- ئۇستۇمدە ئاق خالات، ئاق پوسما كىيىپ، ئاغزىغا ماسكا تاقىغان بىر گەۋدە پەيدا بولدى.

— قانداق يىگىت، مېنى كۆرەلەيدىڭمۇ؟

ئۇنىڭ گېپى مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى. ئۇ دوزاخ پەرىشتىسى بولماستىن بىر دوختۇر ئىدى. يانار تاغدەك كۈچلۈك بىر ماگما دولقۇنى قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى. خۇشاللىقىمدىن ۋارقىراپ كەتكۈدەك بولدۇم. كۆزلىرىم چەكچىيىپ گىرىمسەن لەيلىدى.

مەن ئۆلمەپتىمەن، مەن ھايات ئىكەنمەن.

شۇ ھامان خىيالىمغا ئابدۇخېلىل كەلدى. ئۇمۇ مەن بىلەن بىرگە ئەمەسمىدى. مېنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇلارغا يېلىنغان، ئاخىرى بولمىغاندا جان تىكىپ ئېلىشىپ قان ئىچىگە يىقىلغان ئەمەسمۇ.

— ئاكام... ئاكام ئۇ... نەدە؟

— خاتىرجەم بول، ئۇمۇ ھايات.

ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز بىر خۇشاللىق ئىچىدە تىپىرلىدىم. كۆزلىرىمدىن ئىسسىق ياشلار سىرغىپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۈمىد ۋە يېڭى ھاياتنىڭ گۈزەل تېڭى روھىم ئاسمىنىدا جەۋلان قىلىشقا باشلىدى.

دوختۇرنىڭ چىرايىدىمۇ خۇشاللىق چىقىپ تۇراتتى. بۇ ئۇنىڭ غەلىبە خۇشاللىقىدەك قىلاتتى.

— ئەمدى سەن كۆپ خىيال قىلماي، ياخشى ئارام ئال،— دېدى دوختۇر.

ئۇنىڭغا نۇرغۇن گەپلەرنى قىلماقچى ئىدىم. لېكىن تىلىم قېتىپ قالغاندەك زادىلا مىدىرلىمىدى. مەن ئىلاجسىز كۆزلىرىم ئارقىلىق ئۇنىڭغا رەھمىتىمنى بىلدۈردۈم. مەندە ئەمدى ھاياتقا قارىتا كۈچلۈك ئۈمىد ۋە ئىشتىياق تۇغۇلدى. ياشاشقا، ياشىغاندىمۇ باشقىلارغا بوزەك بولماي ئۆز ئەركىم، قەدىر- قىممىتىم بىلەن ياشاشقا بەل باغلىدىم. چۈنكى مېنىڭ بەختىم ۋە رىزقىم باشقىلارنىڭ قولىدا ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ ئەجرىدە، ئىلكىدە ئىكەن. بۇ ھاياتتا مېنىڭمۇ بىر كىشىلىك رىزىق- نېسىۋەم بار ئىكەن.

بەدىنىمدىكى جاراھەت تېخى ساقىيىشقا يۈزلەنمىگەن بولسىمۇ، روھىم خېلىلا كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. بۈگۈندىن ئەتىنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل ئىدى. شۇنداق ياتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە دوختۇرخانىغا شياۋ كې كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈچىسىدا رەسمىي ساقچى فورمىسى بار بولۇپ، فورما ئۇنىڭغا تولىمۇ ياراشقان ئىدى. ئۇنىڭ قولىدا يەنە مېۋە- چېۋە، كونسېرۋا دېگەندەك نەرسىلەر تۇراتتى.

— ياخشى بولۇپ قالدىڭمۇ؟— دېدى ئۇ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ.

— ياخشى، يوقلاپ كەلگىنىڭگە رەھمەت.

— رەھمەت دېگۈچىلىكى يوق، سەن كۆپ جاپا تارتتىڭ. ئەسلىدە سېنى بۇ ئىشقا ئارىلاشتۇرماي، دەسلەپتىلا يۇرتۇڭغا يولغا سېلىپ قويسام بوپتىكەن. بەك پۇشايمان قىلىۋاتىمەن.

— بولدى، ئەمدى ئۇنى ئويلىغاننىڭ ھېچ پايدىسى يوق. ئىشلار چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

— ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، بۇنىسى ئېنىق. مەندىن ھەرگىز رەنجىمە.

— رەنجىمەيمەن. ھە راست، ئېيتقىنە بىزنى دوختۇرخانىغا كىم ئېلىپ كەلدى؟ ئۇلار بىزنى ئۆلتۈرمەكچى ئىدى، ئەجەب ھايات قاپتىمىزغۇ؟

شياۋ كې كۈلۈپ قويدى.

— بىز دېڭىز بويىغا يېتىپ بارغاندا، نىيازنىڭ ئادەملىرى سىلەرنى دېڭىزغا تاشلىماقچى بولۇپ تۇرغان ئىكەن، ئۈلگۈرەلمىدى. بىز سىلەرنى قۇتقۇزۇۋالدۇق.

— بىزنىڭ ئۇ يەردىلىكىمىزنى قانداق بىلدىڭلار؟

— ھېلىقى قاھار دېگەن ماڭا تېلېفون قىلدى ھەم سىلەرنى دېڭىز بويىغا ئېلىپ كەتكىنىنى دەپ بەردى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەل تېڭىرقاپ قالدىم. ئەسلىدە مېنى قاھار چېقىپ قويدى، دەپ ئويلىغان ئىدىم. ئەگەر ئۇ چېقىپ قويغان بولسا ساقچىلارغا تېلېفون قىلىپ يۈرمىگەن بولاتتى. بەلكىم مەن ئۇنىڭدىن خاتا گۇمان قىلغاندىمەن. ئۇ ياخشى بالا، ياخشى دوستتۇر.

— قاھار ھازىر نەدە؟

— يۇرتقا كېتىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتىدۇ. نىيازنىڭ مۈلكىدىن ئۇنىڭ نەچچە يىللىق ئىش ھەققىنى ئېلىپ بەردۇق.

— نىيازچۇ؟

— تۈرمىدە.

بۇلارنى ئاڭلاپ كۆڭلۈممۇ ئارام تاپتى. بىر ھېسابتا ئىشلارمۇ ئاخىرلىشىپ قالغاندەك تۇراتتى. ئەمدى دوختۇرخانىدىن چىقسامىلا ھېچ يەردە تۇرماي يۇرتقا كېتىمەن. مېنىڭ بەختىم، خۇشاللىقىم، چۈشلىرىم

يۇرتتا قاپتۇ. ئۇلارنى تاپاي، ئۇلارنىڭ باغرىدا ياشاي، مېھرى-مۇھەببەت بۇلىقىغا چۆمۈلەي.

— نېمىنى خىيال قىلىۋاتىسەن؟— دېدى شىياۋ كې.

— يۇرتنى ئويلاۋاتىمەن.

— خاتىرجەم بول، دوختۇرخانىدىن چىققاندا ئۆزۈم يۇرتقىچە ئۇزىتىپ بارىمەن،— ئۇ سۆزلەۋېتىپ يېنىدىن بىر تال كارتىنى چىقاردى،— بۇ سېنىڭ نىيازدىن ئېلىشقا تېگىشلىك ھەققىڭ، يېنىڭغا سېلىپ قوي.

— رەھمەت ساڭا.

— ماڭا رەھمەت دېمە، بۇ بىزنىڭ ئىدارىنىڭ خىزمىتى.

— ھەممىڭلارغا رەھمەت.

شىياۋ كې خوشلىشىپ ئورنىدىن تۇردى.

— سېنى چارچىتىپ قويماي، ئارام ئالغىن. مەن يەنە كېلىمەن. خاتىرجەم داۋالانغىن،— ئۇ ئىشىك تەرەپكە مېڭىۋېتىپ، بىردىنلا توختاپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى،— ھە راست، ئاكاڭنىمۇ كۆرۈپ چىقتىم، خېلى ياخشى بولۇپ قاپتۇ، ئۇنىڭدىن ئەنسىرىمە.

مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم.

شىياۋ كې كېتىپ ئىككى كۈندىن كېيىن، قاھار يوقلاپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، چىرايى سارغايغان، ئۇزۇن مەزگىل كېسەل تارتقان ئادەمدەك بىماجال ۋە روھسىز كۆرۈنەتتى. ئۇ كېلىپلا قولۇمنى يۈزىگە يېقىپ مۆل-مۆل ياش تۆكتى، تۇسقۇنىمغىمۇ ئۇنىماي خېلى ئۇزاق يىغلىدى.

— مېنى... مېنى... كەچۈر،— دېدى ئاخىرى ئېسەدەپ تۇرۇپ.

— سېنى نېمىگە كەچۈرەتتىم، تېخى ساڭا رەھمەت ئېيتىمەن. سەن ساقچىلارغا تېلېفون قىلمىغان بولساڭ بىز دېڭىزدا بېلىقلارغا يەم بولغان بولاتتۇق.

— ياق، سەن بىلمەيسەن، مەن ساڭا ئاسىيلىق قىلدىم. ئەسلىدە ئۇنداق خىيالىم يوق ئىدى، خۇمارىم تۇتۇپ كەتكەندە ئۆزۈممۇ سەزمەي دەۋېتىپ قاپتىمەن. كېيىن پۇشايمان قىلدىم، سىلەرنى دېڭىز بويىغا ئاپىرىدىغانلىقنى ئاڭلاپ دەرھال شىياۋ كېغا تېلېفون قىلىۋەتتىم.

ئۇنىڭ سۆزلىرى مېنى خىيالغا پاتۇردى. ئۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىغاندىمەن، لېكىن ئاخىرىغا بېرىپ يەنىلا كاللام قۇپقۇرۇق بولۇپ قالدى. ئۇنى يا يامان كۆرۈش، يا ياخشى كۆرۈشنى بىلەلمىدىم. ئۇ كۆز ئالدىمدا تۇرغان بولسىمۇ، چىرايىنى ئەسلىيەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئۇنتۇپ كېتىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدىم. كۆڭۈلنى كۆتۈرگىدەك بىر-ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇشنى ئويلىدىم-يۇ، مادارىم يەتمەي جىمىپ قالدىم.

— مەن كېتەي،— دېدى ئۇ بىر كەمدە ئورنىدىن تۇرۇپ،— ئۆزۈڭنى ئاسرىغىن.

— نەگە كېتىسەن؟

— يۇرتقا، ئۇرۇمچىگە بېرىپ زەھەر تاشلاتقۇزۇش ئورنىغا كىرىمەن. ئېلىسىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلغۇم بار.

— قانداق كېتىسەن؟

— شىنجاڭدىن كەلگەن ھېلىقى ساقچىلار بىلەن شىياۋ كېنىڭ ياردىمىدە بۇ نۆۋەت خېلى كۆپ باللار ئالۋاستىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلغان بوپتۇق. بىزنى يۇرتىمىزدىن كەلگەن ساقچىلار بىرگە ئېلىپ كېتىدىكەن، خاتىرجەم بولغىن...

— ماقۇل، سەنمۇ ئۆزۈڭنى ئاسرىغىن. ئىشلىرىڭ خەيرلىك بولغاي.

— خوش!

— خوش!

ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، بىردىنلا كۆڭلۈم يېرىم بولۇشقا باشلىدى. ئۇنى چاقىرغۇم، ياخشى گەپلەر بىلەن ئىلھام-مەدەت بەرگۈم كەلدى، لېكىن ئۇ يىراقلاپ كەتكەن ئىدى.

دوختۇرخانىدا ساق ئۈچ ئاي يېتىپ داۋالاندۇق. دەسلەپكى بىر ئايدىن كېيىن، ئابدۇخېلىلنى مەن بار ياتاققا ئەپچىقىپ قويدى. ئۆلۈم-كۆرۈمدە بىللە بولغان بۇ قېرىندىشىمغا ئۆز ئاكامدەكلا مېھرىم سىڭىپ كەتكەن ئىدى. بىز كۈندە قانماي پاراڭلىشاتتۇق، كەلگۈسى تۇرمۇشىمىز توغرىسىدا ئاجايىپ تەسەۋۋۇر، پىلانلارنى تۈزۈشەتتۇق. ئۈچ ئايدىن كېيىن ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتۇق. شىياۋ كې ۋەدىسىدە تۇرۇپ بىزنى ئۇزىتىپ چىقتى، يۇرتىمىزدىن كەلگەن ساقچىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا يەنە بىر تۈركۈم باللار بىلەن بىرلىكتە يېڭى بىر ھايات مەنزىلىمىزگە قاراپ قەدەم ئالدۇق.

بېيجىڭدىن قوزغالغان پويىز خۇددى زېمىننىڭ باغرىنى يېرىپ كېتىۋاتقان غايەت زور سازاڭغا ئوخشاش، ئالغا قاراپ سوزۇلۇپ چاپماقتا ئىدى. بۇ قېتىم پويىزنىڭ تاقىلدىغان ئاۋازى قۇلىقىمغا تولىمۇ يېقىملىق ئاڭلاندى. ئىزتىراپ ئىچىدە كۆيۈۋاتقان روھىم پويىزدىنمۇ تېز چاپماقتا ئىدى. تاق-تۇق ئاۋاز بارا-بارا ئەللەي ناخشىسىغا ئۆزگەردى. مەن ئەللەي ناخشىسى ئىچىدە ئۇيقۇغا كەتتىم. چۈشۈمدە مومامنىڭ قاپاق تېرىكىنى كۆردۈم. ئۇنىڭغا سان-ساناقسىز قۇشقاچلار قونۇۋاپتۇ، سايرىغان ئاۋازى پۈتۈن مەھەللە ئىچىنى قاپلاپتۇ. مەن ئابدۇخېلىل بىلەن ياپپېشىل بۇغدايلىق ئارىسىدا چېپىپ يۈرگۈدەكمەن. بىر چاغدا مومامنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز بىر تۇرۇپ يىغلاۋاتقانغىمۇ ئوخشاپ قالاتتى.

**مۇھەررىرى: ئىمىرھەسەن مەخمۇت**




# ئەدەبىيات يۈرەكلەرنى يېقىنلاشتۇردى

—— تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئەدەبىي ئىجادىيەت كۇرسىدىن خاتىرە

**شۇ دالۇڭ**

2012-يىلى 20-ماي، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب، شىمالىدىن كەلگەن 12 نەپەر ئۇيغۇر يازغۇچى جياڭنەندىكى سۇ يۇرتى چېڭجۇ شىسىيەندىكى ئەدەبىيات لاگېرىدا شاڭخەي شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن شاڭخەي ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ۋە ئىجادىيەت تەتقىقات مەركىزى بۇ يەردە ئۇيۇشتۇرغان شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئەدەبىي ئىجادىيەت كۇرسىنىڭ تۇنجى تۇركۇمدىكى كۇرسانتلىرىغا ئايلاندى.

شاڭخەي ۋە شىنجاڭ ئىككى جايدىكى يازغۇچىلار جەمئىيىتى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئورۇنلاشتۇرغان «قوشماق بولۇش» پائالىيىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولغان بۇ قېتىمقى ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنى تەربىيەلەشكە يۇكسەك ئەھمىيەت بەردى. شاڭخەي يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ۋاڭ ئەنيى كۇرس مەزمۇنى ۋە تەكشۈرۈپ، ئېكسكۇرسىيە قىلىش پىلانىنى تەپسىلىي ئىگىلەپ، شىنجاڭلىق ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلغان ھالدا، تەربىيەلەش خىزمىتىگە كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ يەنە قارشى ئېلىش، ئۇزىتىش ۋە كۇرس تاماملاش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، قىزغىن، ھاياجانلىق تەبرىك سۆزى قىلدى. شاڭخەي يازغۇچىلار جەمئىيىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن رەئىسى سۇن يۇ شىنجاڭلىق ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ شاڭخەيدىكى ئۆگىنىش ۋە ئېكسكۇرسىيە ئەھۋالىغا دائىم كۆڭۈل بۆلۈپ، خىزمەتلەرنى ۋاقتىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇردى. شاڭخەي يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئورگىنى يەنە ئون نەچچە كىشىلىك خىزمەت ئەترىتى تەشكىللەپ، كۇرسانتلارنىڭ بىر ئايلىق كۇرس داۋامىدىكى ئۆگىنىش، ئېكسكۇرسىيە، تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئازاد سۇلتان بۇ خىزمەتكە يۇكسەك ئەھمىيەت بەردى ھەمدە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى مەملىكەتلىك 8-نۆۋەتلىك كومىتېتى ئىككىنچى ئومۇمىي يىغىنى مەزگىلىدە، شاڭخەي يازغۇچىلار جەمئىيىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، باش كاتىپى زاڭ جيەنمىن بىلەن بىرلىكتە تەربىيەلەش مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلىنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلدى؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە يازغۇچىلار

**بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزدا نېمە گەپ**

جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى غەيرەت ئاسىم قاتارلىق رەھبەرلەر بىلەن بىرلىكتە، كۇرسانتلارنى تاللاش خىزمىتىنى ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، شاڭخەيگە كېلىپ كۇرسنىڭ ئاخىرلىشىش مۇراسىمى ۋە خۇلاسىلەش خىزمىتىگە قاتناشتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى دۇڭ لىبو كۇرسانتلارنى شاڭخەيگە بىللە ئېلىپ كېلىپ، كۇرسنىڭ باشلىنىش مۇراسىمدا كۇرسانتلارغا بۇ پۇرسەتنى قەدىرلەپ، ئۆگىنىشكە ئەستايىدىل قاتنىشىش توغرىسىدا كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شاڭخەي ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ۋە ئىجادىيەت تەتقىقات مەركىزى شىنجاڭلىق ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قارىتا، بۇ قېتىمقى كۇرسنىڭ كۆلىمى كىچىك بولۇش، سەۋىيە يۇقىرى بولۇش، شەكلى كۆپ خىل بولۇش، كۆز قاراش يېڭى بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرنى چىقىش قىلىپ، كۇرسنىڭ مەزمۇنى ۋە تەربىيەلەش ئەندىزىسىنى شىنجاڭلىق ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈردى. ئوقۇتۇشتا دەرس سۆزلەش بىلەن تەجرىبە ئالماشتۇرۇشنى تەڭ ئېلىپ بېرىش، دەرس مەزمۇنىنىڭ يېڭى ۋە ئۈنۈملۈك بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ياخشى ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى.

بۇ قېتىمقى كۇرسقا قاتناشقىلى كەلگەن يازغۇچىلار شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرى ۋە ئوخشاش بولمىغان خىزمەت ئورۇنلىرىدىن كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى، ئەدەبىي ئوبزورچى، ژۇرنال باش مۇھەررىرى، سوتچى، كادىر قاتارلىقلار بار. كۇرسانتلار ئاساسلىقى ئۇيغۇر يېزىقىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بولۇپ، ئىجادىيىتى ھېكايە، نەسر، شېئىر قاتارلىق كۆپ خىل ژانىرغا چېتىلىدۇ. كۇرسانتلارنىڭ ئەدەبىيات جەھەتتىكى تەربىيەلىنىشى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى ئىچىدىكى سەرخىللىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپىنچىسى «شىنجاڭ خانتەڭرى ئەدەبىياتى مۇكاپاتى»غا، يەنە بەزىلىرى تېخى شىنجاڭ «ياش ئەدىب مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن.

كۇرسنىڭ مەزمۇنى «ئىجادىيەت يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى قېزىش، يېزىقچىلىق ماھارىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش»نى ئاساس قىلغان بولۇپ، شاڭخەي ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ۋە ئىجادىيەت تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى گې خۇڭبىڭ، مۇئاۋىن مۇدىرى چېن مىڭ ۋە شۇ داۋجۇندىن ئىبارەت ئۈچ پىروفېسسور

ئايرىم ھالدا «سۆزلەش، رول ئېلىش، يېزىش»نى بىرلەشتۈرۈش شەكلىدە، تامامەن يېڭىچە بولغان ئوقۇتۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

«سۆزلەش»تە، ئوقۇتقۇچى كۇرسانتلارغا دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەرلەرنى تەھلىل قىلىپ بېرىپ، ھازىرقى زاماندىكى ۋاڭ ئەنيى، جيا پىڭۋا، مو يەن قاتارلىق تەسىرى كۈچلۈك يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى؛ «رول ئېلىش»تا، ئوقۇتقۇچى كۇرسانتلاردىن تۇرمۇشتىكى پېرسوناژلار بويىچە رول ئېلىشنى، مەسىلەن، «ھاكىم سالاھىيىتىدە ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىدىن ھال سوراش»نى تەلەپ قىلدى. كۇرسانتلارنىڭ ھاكىم بولۇپ بېقىش تەجرىبىسى بولمىغاچقا، دەسلەپتە رول ئالغاندا تەبىئىي بولماسلىق، ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك، چىراي ئىپادىسى چىن بولماسلىق ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى. ئىككى قېتىم رېپېتىتسىيە قىلغاندىن كېيىن، كۆپچىلىكنىڭ ھاكىمنىڭ رولىنى ئېلىش ماھارىتى بارغانسېرى پىشىپ يېتىلدى. «ھاكىم»لار جانلىق چىراي ئىپادىسى، جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ نۇتقى، ئاپەت ئۈستىدىن غالىب كېلىش ۋە يۇرت ـ ماكانىنى قايتا قۇرۇش ئىرادىسى، ئامما بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش، ھال سوراش پۈلى تارقىتىش قاتارلىق چىن ھەرىكەتلىرى بىلەن، «پۇقرالار»غا ھەقىقىي بىر ھاكىمنىڭ پەزىلىتىنى ھېس قىلدۇردى. خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى جۇڭگو تىلى فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، سىنىپ باشلىقى ئەنۋەر ھوشۇر ئورۇنلىغان ھاكىم رولى كۆپچىلىكنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. ئۇ ئايرىم ھالدا 11 «ئاپەتكە ئۇچرىغان ئامما» بىلەن قول ئېلىشىپ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئايىغىنى سىلىۋېتىپ ئورۇندۇق ئۈستىگە چىقىپ، تولىمۇ ۋەزمىن ئاھاڭدا، ئېچىنىش، ھېسداشلىق كەيپىياتىدا سىنىپتىكى «ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىا»غا تولىمۇ تەسىرلىك سۆز قىلدى. بۇ قېتىمقى دەرس كۇرسانتلارنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى، شۇنداقلا ئوبدان نەتىجىگە ئېرىشتۈردى. ئۇلار ئەسەردە بىر پېرسوناژنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئۈچۈن، ئاۋۋال شۇ پېرسوناژنى چۈشىنىش كېرەكلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.

«يېزىش»تا، مۇئەللىم كۇرسانتلارغا گۈل ـ گىياھ، دەرەخ، ياشانغان ئادەم، بالا، شەھەر، ئاپتوموبىل، ۋاقىت، ھەرىكەت، قورقۇش قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان ئون نەچچە خىل سۆزنى بېرىپ، كۇرسانتلاردىن بۇلاردىن پايدىلىنىپ بىر پارچە ماقالە پۈتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. سىنىپ ئىچى شۇ ھامان يىڭنە چۈشسە ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە جىمىپ كەتتى. قومۇل شەھىرى

غەربىي ئۈستەڭ رايونلۇق بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ ياش كادىرى ياقۇپ كېرەمنىڭ تەسەۋۋۇرى ھەممىدىن مول بولۇپ، ئۇ ساۋاقدىشى زاماندىن پاكزاتنى ماقالىدىكى باش پېرسوناژ قىلغانىدى. ماقالىدە ئۇ ئېھتىياتسىزلىقتىن تاشقى پىلانېتا ئادەملىرىنى رەنجىتىپ قويۇپ، قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشىدۇ، كۈنبويى ئۆيىگە بېكىنىۋېلىپ، جېنىنى قانداق ساقلاپ قېلىش ئۈستىدە ئويلىنىدۇ... ھېكايە تولىمۇ بىمەنە بولسىمۇ، لېكىن تەسەۋۋۇرغا باي، ۋەقەلىكى قىزىقارلىق ھەم جىددىي بولۇپ، پات-پات ساۋاقداشلارنىڭ كۈلكىسىنى قوزغاپ تۇردى.

خېجىڭ ناھىيەلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ كادىرى، يازغۇچى نۇرگۈل ئەبەي بۇ يەردە ئۆزىنىڭ تۇنجى شېئىرى، شۇنداقلا خەنزۇچە شېئىرى «تېپىمسىز»نى يېزىپ چىقتى. ئادەتتە ھېكايە يازىدىغان بۇ ئايال يازغۇچىنى شېئىر يېزىشقا دەۋەت قىلغان زادى قانداق قايناق ھېسسىياتتۇ؟ كېيىن ئۇنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئىجادىيەتتىكى ئادەم تەبىئىتىگە تېخىمۇ يېقىنلاشقان تەپەككۇر شەكلى ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تىپتىنچ ياتقان ئىلھامىنى قوزغىتىپ، ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان قايناق ھېسسىيات پەيدا قىلىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنىنى كۆرۈش بىلەن بىرگە، يەنە گۈزەل كەلگۈسىگىمۇ نەزەر تاشلىيالاپتۇ.

شائىرە ئايسىمە ئىدرىس ئىجادىيەت لاگېرىغا كەلگەندىن كېيىن، سۈزۈك سۇلىرى ۋىلىلداپ تۇرىدىغان دەريالار، ھەممىلا يەردە پورەكلەپ ئېچىلغان قىزىل، ھال، ئاق رەڭلىك، لېكىن ئىسمىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان گۈللەر، مېۋىسى شېخىنى ئېگىپ تۇرىدىغان چارتال دەرىخى، گاردېنىيە گۈلىنىڭ سۇس خۇش ھىدى قوشۇلغان كۆل بويىدىكى گۈگۈم مەنزىرىسىدىن ئۇنىڭ قەلبى لەرزىگە كېلىپ، خۇددى بۇ دۇنيادىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان غايىۋى بىر باغچىغا كېلىپ قالغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قاپتۇ ۋە ئىختىيارسىز ھالدا خەلق ناخشىلىرىغا غەرق كىتىپتۇ. ئىككىنچى كۈنى، ئايسىمە كۆپچىلىككە تۇنۇگۈن كېچە ئىلھامى قوزغىلىپ يازغان «ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن تۆت قىز» ناملىق شېئىرىنى ئوقۇپ بەردى.

ئايسىمە ناخشا-ئۇسسۇلغا ماھىر، ھېسسىياتى تولىمۇ ئىنچىكە ئايال ئىدى. بىر قېتىم سىرتقا چىقىش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا، ئۇ ماشىنا قايسى كۈنى ئۆزىنىڭ ئۈچىسىغا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىيچە كىيىمنى، بېشىغا يارىشىملىق دوپپىسىنى كىيىپ شىخۇ كۆلىگە بارغاندا، نۇرغۇن كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتقانلىقىنى، بۇ ئىش سەۋەبى بىلەن 2007-يىلى، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ يەنە شۇ شىخۇ كۆلى بويىدا كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە

سازاۋەر بولغانلىقى ھەمدە ھاياجاندىن ناخشا ئېيتىپ كەتكەنلىكىدەك مەنزىرىنى ئەسلىگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. ئايسىمە شۇ چاغدا يىراقتىكى ئانىسىغا تېلېفون قىلغانىدى، لېكىن نېمە سەۋەبتىندۇر ھېچنېمە دېمەستىن، توختىماي يىغلاپ كەتتى. كېيىن بىلسەك، ئۇنىڭ دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەن ئىكەن.

«تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ئۆمەرجان سىدىق بەستلىك، كېلىشكەن ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ خىزمەت ئىقتىدارى تولىمۇ يۇقىرى بولۇپ، ئۆگىنىش بىلەن خىزمەتنىڭ بىرىنىمۇ قولدىن بەرمىدى. ئۆگىنىش مەزگىلىدە «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ خىزمەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە كۇرسانتلارنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىنى ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ يازغۇچىلار تورى»غا ئۇدۇللۇق يوللاپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى بۇ يازغۇچىلارنىڭ يىراق يۇرتتىكى ئۆگىنىش، تۇرمۇش ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلدى. قىسقىغىنە بىر قانچە كۈن ئىچىدە، 10مىڭدىن ئارتۇق ئادەم توردىن بۇ ھەقتىكى مەزمۇنلارنى كۆردى.

ئالتۇنگۈل رەجەپ كۇرسانتلار ئىچىدىكى بىردىنبىر سىياسىي-قانۇن سېپىدىن كەلگەن يازغۇچى ئىدى. ئۇ يېڭى تونۇشقاندا كىشىگە كەسپىتە پىشقان ئاياللارغا خاس تۇيغۇ بېرەتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ يەنە خوتەن رادىيو ئىستانسىسىنىڭ پىسخىكا مەسلىھەتچىسى بولۇپ، ھەر كۈنى رادىيو ئىستانسىسىنىڭ ئاڭلىتىش ئۆيىدە ئاممىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەتتى. ئۇنىڭ خىزمىتى ئالدىراش بولغاچقا، ئىدارە رەھبەرلىرى ئۇنىڭغا شاڭخەيگە بېرىشتىن ۋاز كېچىشنى نەسىھەت قىلغان، ئېرى، پەرزەنتلىرىمۇ ئايرىلىش ئازابىغا چىدىيالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ھېچنېمىگە قارىماي بۇ يەرگە كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى يۇقىرى، ئادەتتە سوتچى فورمىسىنى كىيىپ، سۇرلۇك تەرزدە يۈرۈشكە ئادەتلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئىچكى ھېسسىياتى ناھايىتى نازۇك، رومانتىك، يالقۇنلۇق ئىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، قىزى ئادەتتە ئۇنىڭدىن «ئاۋازىڭ بەك يۇقىرى، ئەتكەن تاماقىڭ تېتىمايدۇ» دەپ ئاغرىنىدىكەندۇق. بىر قېتىم قىزى سىرتقا يېرىم ئايلىق چىقىپ كېتىپ قايتىپ كېلىپ، ئانىسىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە غەمخورلۇقىنى ھەقىقىي تۈردە ھېس قىلىپ يېتىپتۇ ۋە «يۇقىرى ئاۋازلىق ئانام» ناملىق نەسر يېزىپتۇ، ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا يەنە تېخى «مەن ئانامنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇنىڭ ئاۋازى ھەر قانچە يۇقىرى بولسىمۇ مەيلى» دەپتۇ. ئالتۇنگۈل ئاق بىلەن قارىدىن ئىبارەت ئىككى رەڭ ئارىسىدا ياشايتتى، ھەتتا كىيىدىغان كىيىملىرىمۇ ئاق رەڭلىك بولمىسا، چوقۇم قارا رەڭلىك ئىدى. بۇ قېتىمقى ئىجادىيەت،

يېزىقچىلىق كۇرسى ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئۇزۇن يىللىق پىسخىكىلىق تۈگۈننى يەشتى، ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان قانۇن كەسپىدىكى پىسخىكىلىق كۆلەڭگىلەردىن قۇتۇلۇپ، ھازىر باشقىلار نېمە دېسۇن، ئۆزى تونۇشلۇق بولغان تۇرمۇشنى ھەقىقىي ھېسسىياتى بىلەن يېزىپ چىقىدىغان بولدى.

كۇرسانتلار ئىجادىيەت لاگېرىدا، ئۆگىنىشتىن سىرت ۋاقىتتا ئىجادىيەتتە يەنە نۇرغۇن ھوسۇل ئالدى. ئابباس مۇنىياز «يېرىم كېچىدىكى ناخشا ئاۋازى»، «شېرىن چۈش» ناملىق ھېكايىلەر ۋە «سىرلىق داۋانچىلىك» ناملىق نەسرىنى؛ ئايسىمە ئىدرىس «بۇغداي لىرىكىسى» نامىدىكى چاتما شېئىرلارنى؛ دىلبەر ھامۇت «قەلبىنىڭ چاقىرىشى»، «ھاياتلىق مېلودىيەسى» ناملىق شېئىرلارنى؛ ياقۇپ كېرەم «بوۋاي»، «پەرىشتە ۋە جۈجەم دەرىخى» ناملىق شېئىرلارنى؛ ئوسمان قاۋۇل «كۈلدى» ناملىق نەسرى ۋە «تاش كۆلەڭگىسى ئاستىدىكى ئاشىق ـ مەشۇقلار» ناملىق شېئىرىنى؛ زامانىدىن پاكزات «شائىخەي بىلەن كۆرۈشۈش»، «ئەبەدىيلىك»، «سەن، مەن، ئۇ» ناملىق شېئىرلارنى؛ مۇختار سوپى «قىلتاق» ناملىق ھېكايىسىنى؛ ئۆمەرجان سىدىق «ئاداققى ئۇزىتىش»، «شائىخەيدىن يۇرتۇمغا»، «ئادەملىكنى بەرسەڭچۇ دۇنيا» ناملىق شېئىر، ھېكايىلەرنى يازدى.

كۇرسانتلار كەچلىك تاماقتىن كېيىنكى دەم ئېلىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئېتىز ـ قىرلارغا، كەنتلەرگە، بېلىق بېقىش كۆلچەكلىرىگە بېرىپ، جياڭنەندىن ئىبارەت سۇ يۇرتىدىكى يۇقرالارنىڭ بېلىق، راك بېقىش ۋە تېرىقچىلىق تۇرمۇشىنى ئىگىلىدى. ئۇلار يەنە شەرقتىكى پېشىل قولۋاق، نەزەرباغ، مىڭ يىللىق قەدىمكى بازار جۇجياجياۋلارغا بېرىپ، ئوخشاش بولمىغان جايلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ھېس قىلدى.

ھەپتە ئاخىرىدا، شائىخەي نۇرلۇق مەرۋايىتى مېھمانسارىيى ئالاھىدە ئەۋەتكەن مۇسۇلمان ئاشپەز بىر قېتىم دەم ئالدۇ. بۇ چاغدا كۇرسانتلار ئىچىدىكى ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن تۆت ئايال نۆۋەت بويىچە كۇرسانتلارنىڭ ئائىلە ئاشپەزىگە ئايلىنىدۇ. ئۇلار ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلىپ، ئەپچىل جۈپ قولىدا خېمىر يۇغۇرۇپ، پىلتە قىلىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي تەخسە، تاۋاقلاردا چاچەتەك ئىنچىكە تارتىلغان لەڭمەن، مايلىرى تەپچىپ تۇرىدىغان مەززىلىك پولۇ، سارغايتىپ پىشۇرۇلغان پوشكال ۋە باشقا ئۇيغۇر تاماقلىرى كۆز ئالدىڭىزدا نامايان بولۇپ، نەزەر دائىرىڭىزنى ئېچىپ، قورسىقىڭىزنى راسا تويغۇزىدۇ. قاچانلاردا باشلىدىكىن، تۇرسۇن مەخمۇت ئالقىنى بىلەن يۇملاق ئۈستەلگە رىتىملىق شاپىلاقلاپ، جۇشقۇن دومباق ساداسىنى پەيدا قىلىۋىدى، ئايسىمە ئىدرىسنىڭ يېقىملىق ناخشا ئاۋازى ياڭراشقا باشلىدى. ئەنۋەر ھوشۇر، زامانىدىن پاكزات، ئالتۇنگۈل رەجەپ قاتارلىقلار جۇشقۇن ئۇسسۇلغا چۈشتى. بۇ چاغدا دېرىزە سىرتىدا يۇلتۇزلار جىمىرلاشقا، ئېرىق ـ ئۆستەڭ بويىدا پاقىلار رىتىملىق كۈركىراشقا باشلىغانىدى. بۇ نېمىدېگەن چوڭ ئائىلىۋى يىغىلىش ـ ھە؟! مەن بۇ يىغىلىشتىن قەلبلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن، يەنى ئۇنىڭ، سىنىڭ، مېنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىدىن چىقىۋاتقان تولىمۇ ئىناق بىر سادانى ئاڭلىدىم...


بىر ئاي ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. كۇرسانتلارنىڭ ئېرىشكەن ھوسۇلىمۇ ئاز بولمىدى. سىنىپ باشلىقى ئەنۋەر ھوشۇر تولىمۇ چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن مۇنداق دېدى: «بىز ئەڭ تەلەيلىك، شۇنداقلا ئەڭ بەختلىك يازغۇچىلاركەنمىز. شائىخەيگە قەدەم باسقاندىن بۇيانقى بۇ بىر ئاي تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئۆتكەن، شۇنداقلا مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن، كاللىمىز يېڭىلانغان، يوشۇرۇن قابىلىيىتىمىز ئۇرغۇغان بىر ئاي بولدى. مۇئەللىملەرنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى يېڭىچە، ئۈنۈملۈك بولغاچقا، ئۇلارنىڭ سۆزلىگەنلىرىدىن نەزەر دائىرىمىز كېڭىيىپ، يوشۇرۇن ئىجادىيەت قابىلىيىتىمىز ئۇرغۇدى. يېزىقچىلىق ئىدىيەمىز يېڭىلىنىپ، ئىجادىيەت ئىشەنچىگە تولدۇق. شائىخەي يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە خىزمەتچى خادىملىرى بىزنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، سەممىي ياردەم بەردى. بىز بىلەن ياتاق ـ تاماقتا بىرگە بولۇپ، تەربىيەلەش ۋە ئېكسكۇرسىيە پائالىيەتلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. بۇ قېتىمقى ئۆگىنىش ئارقىلىق، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، بىز ئۆگىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ كۆپلۈكىنى، ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئۆگىنىش، تۇرمۇش ئەھۋالىمىز ئەدەبىي خاتىرە شەكلىدە شىنجاڭ يازغۇچىلار تورىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلىپ، كۆرۈلۈش نىسبىتى 20 مىڭ قېتىمغا يەتتى. ئەدەبىيات دوستلۇق ئەلچىسى، ئىنسانىيەتنىڭ قەلبىنى تۇتاشتۇرىدىغان رىشتە ئىكەن. گەرچە بىزنىڭ مىللىتىمىز ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ قەلبىمىز، نىشانىمىز ئوخشاش...»

شۇنداق، ئەدەبىيات يۈرەكلەرنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى!

**پەنتارجان مۇھەممەت ئەرقۇت** تەرجىمىسى

تاللىغۇچى: **پولات ھېۋىزۇللا**

مۇھەررىرى: **ئىمىرھەسەن مەخمۇت**



# مۇھەببەتنىڭ تونۇرى

تۇرغۇن تۇرسۇن

## تولغاق كېچىسى

دىلىم ئۆركەش . تىلىم كېكەچ .
غەم ئىچىدە ئۆتمەكتە بۇ كەچ .
ھېچكىم سېنى بەزلىيەلمەس .
شېئىرلىرىم تۇرار جىم ،
گۈللەر ساڭا ئەمدى قىممەتسىز .
كېپىنەكلەر
گۈل بەرگىدىن ئايرىلىپ ،
كىرپىكىڭدەك قايرىلىپ ،
كىندىكىڭگە لەۋ يېقىپ .
بوۋاق بىلەن ئالار تىنىڭ نەپەس .

ئىڭراشلىرىڭ
بوۋاقنىڭ ئىڭەسگە قوشۇلۇپ
بۆشۈكنى ئۇيقۇدىن ئويغىتىپ
سىڭىپ كەتتى زېمىنغا .

مەن بىلگەندەك ئۇيغۇر تىلىنى
بارچە ئىنسان بىلەر ئىڭراشنى ،
بوۋاق كەبى تاتلىق يىغلاشنى ،
ماڭا ئوخشاش كۈلۈپ تاقلاشنى .
ۋايجانلاشقا تىلماچ نە ھاجەت؟

ئىڭەلەشكە لۇغەت نە ھاجەت؟
تەبەسسۇمغا قامۇس نە ھاجەت؟

بۆشۈك تەۋرەشكە باشلىغاندا
ئانا تەۋرىدى ،
زېمىن تەۋرىدى .
ھارغىن كۆزۈڭدە
كۈلكە دەۋرىدى .

بوۋاقنىڭ ئىڭەسگە
ئىككىمىزنىڭ كۈلكىسگە قوشۇلۇپ ،
ئىنسانلار كۈلكىگە ئايلىنىپ كەتتى .

## كۈلۈۋاتقان كىم

كىمدۇر بىرى كۈلمەكتە .

سەھنىدە
ئادىل مىجىت بىلەن ئابدۇكېرىم ئابلىز
كۈلكىدىن پوپايكا توقۇپ
ئۆزى كىيمەي تۇرۇپ
بىزگە كىيدۈرمەكتە .

يۇم - يۇم يىغلاپ يۇرسە بىر بالا
ئويۇنلاردىن ئايرىلىپ قېلىپ ،
نەسرىدىن ئەپەندىنىڭ خۇرجۇنىدىن
چۈشۈپ قالغان كۈلكە كەمپۈتى
قۇربان ھېيتنىڭ قوينىدىن چىقىپ
كەتتى بالا ئاغزىدا ئېرىپ .
كەمپۈت بەك تاتلىق ،

شېئىرىيەت ئۇپۇقى

بالىنى شۇئان
باستى خۇشاللىق.

بىر ئۇلۇغ ئايال
ئانا بولۇش ئالدىدا
تازا قىينىپ يىغلاۋاتقاندا،
نۇر قوينىغا شۇڭغۇپ بىر بوۋاق
تارتىۋالدى يىغىنى
كۈلكە يېيىپ قويۇپ ئايالغا.

يىگىتىدە يوقلىپ سىزنىم
قىزنىڭ كۆڭلى بولغاندا يېرىم،
ئاڭا كۈلكە ئۇزاتتى قىزغىن
تېلېۋىزوردا پۇرچاق ئەپەندىم.

دادامدەك بىر مۇئەللىم
تاغ ئاستىغا يىقىلغاندا جىم،
يۇرتقا قايتقان دوكتور قىز-يىگىت
سىرلىق ھاسا ياساپ كۈلكىدىن
ئۇنى تاغقا يۆلەپ چىقىرىپ
ئايغا قاراپ ئۇچتى بىجىرىم.

دەرەخلىرى كېسىلىپ كېتىپ،
يېشى قۇرۇپ كەتكەن يەر شارى
كۈلۈپ كەتتى چىملىقنى كۆرۈپ،
قايتا ئۇرغۇپ ياشلىق باھارى.

ئېيتقىن جېنىم، قۇياشقا مۆكۈپ
كۈلۈۋاتقان سەنمۇ ياكى مەن؟
شۇ سېھىرلىك كۈلكە قوينىدا
ئىككىمىزنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ
ئايدىن ھالقىپ ئۇچماقتا ۋەتەن.

## كۆمۈرچى بوۋاي

ئاپپاق يۈرەك
چۆرىسىدە قاپقارا روجەك.

ۋاقىت
بويىلىپتۇ كېچە رەڭگىدە.
كۆز يۇمۇپتۇ كوچا چىرىغى،
نۇر قالماپتۇ كۆمۈش تەڭگىدە.
بىر قاراڭغۇ ئۆينىڭ كەينىدە
كۆمتۈرۈلگەن قازان تېگىدە
ئاش پىشايلا دەپ قاپتۇ
قارا ئىسنىڭ ھارارىتىدە.

قورۇقلارغا قونغان ئوخشايدۇ
ئاق قاناتتىن ۋاز كەچكەن چىۋىن.
قىش كېچىسى، چىۋىن دەردىدە
ئاپپاق تاڭنى سۆيۈش بەك قىيىن.
قېرىماسلار ماكانى بۇ،
ئاق كىرمەيدۇ ساقالغا، چاچقا.

توختىماستىن ياغسا قارا قار،
قاچان كېلەر پارقىراق باھار؟
ئاق كىيىملىك پەرىشتىلەر
قارا قاردىن قىلىن تون كىيىپ
توڭلاپ كەتكەن دىللارنى كېچىپ
يالقۇنتاغقا ئاسماقتا تۇمار.

سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق
كەلسەڭ ئىدىڭ بۇ مەھەللىگە
سەرەڭگەڭنىڭ ئاپپاق نۇرىغا
تېگىشەتتۇق ئىللىق چۈچۈلە.

## قار بوۋاينىڭ ئىچىدىكى قىز

قاردەك ئاپپاق
دىلدەك ئاپپاق
ساقال ياغدى كالپىندارىدىن،
چاچ تۆكۈلدى تىنىقلارىدىن.

ئاپپاق قوللار
چاچ-ساقالنى تىزىپ يىللارغا
ياساپ چىقتى ئاپپاق بوۋاينى.
سەبىي كۆزلەردىن
سىرغىپ چىققان خۇشاللىق نۇرى
بوۋاينىڭ يۈرىكىگە
سىزىپ چىقتى ئۆڭمەس چىراينى.

بىر قىزنىڭ چىرايى بۇ
بوۋاينى يۆلەپ تۇرغان.
بۇلۇت بولۇپ ئۇچقاندا ئۇ
شامال بولۇپ پۈۋلەپ تۇرغان.

قار بوۋاينىڭ كۆزى پارقىراق،
ئوماق قىزنىڭ چاچلىرى ئاپپاق.
قېتىقچى قىز ئاپپاق چىنىگە
لىق تولدۇرۇپ ئاپپاق قەلبىنى
ئاپپاق تاڭغا ئاچماقتا قۇچاق.

## ئوت چاقىرىش

ياتاقلارغا كىرىپ كەلسە قىش،
ئۇنى چايدا مېھمان قىلار كىم؟

سۆيگۈ كېرەك چاي قاينىتىشقا،
قىش قىزىنىڭ مۇزدەك تىرنىقى
پېتىپ كەتتى يالغۇزچىلىققا.
ئائىلىدە پەرىشتىلەر بار،
چاي قاينىتار ئوتلۇق نىگاھلار.
يالغۇزچىلىق پەقەت ياتاقتا،
قىشنىڭ كۈچى كۈچلۈك ياتاقتا...

ئۆي ۋە ياتاق ئارىلىقىدا
تىنەپ يۈرەر تەلۋە ئارمانلار.
ئانىلارنىڭ قايناق چېيىغا
ياتاقتىكى تەنها بالىلار
ئېرىشىدۇ خىياللىرىدا.

## هارپا خاتىرىسى

قىزىل تاغنىڭ ئۈستىدىن
بىر ئۈز بوۋاق چۈشتى دومىلاپ.
ئۈنىڭ ئاق چاچ دادىسى
بىر قەبرىگە چۆكتى هالسىراپ.

دۇنيادىكى ئەڭ تەنها شائىر
شۇ مىنۇتتا پەقەت مەن.
سىنىپ،
ئۈرۈمچى،
يەر شارى،
خۇشاللىق،
هەممە نەرسە سىرتىمدا.
يىغلاپ سالدىم كۆلمەكچى بولۇپ
سەن بولمىغاچ يېنىمدا.

يېڭى كۆڭلەك كىيسەم سېنى دەپ،
ياراشمىدى زادىلا.
يېڭى يىللىق شېئىر ئوقۇسام
قاملاشمىدى زادىلا.
تانسىچى قىز كۈلگەندە ماڭا
كۈلەلمىدىم زادىلا.
چىقىپ كەتسەم تانسىدىن
خۇش بولمىدىم يەنىلا.
مەن بولمىغاچ يېنىڭدا،
سەن بولمىغاچ يېنىمدا.

يەنە بەش سائەتتىن كېيىن
قىزىل تاغدىن چۈشكەن بوۋاق
يېتىپ كېلەر ئالدىمغا،
يېتىپ بارار ئالدىڭغا.
ئۈنىڭ بىرلا يىغىسى
سوۋغا قىلار ساڭا بىر ياش،
سوۋغا قىلار ماڭا بىر ياش.

قەلبىمدىكى يالغۇزچىلىقتا
ئۆز ـ ئۆزۈمنى كەتتىم تەبرىكلەپ
ئوقچۇپ تۇرغان كۆز يېشىم بىلەن.
تەبرىكنامە يازدىم هەم ساڭا
بىر تال ئوتلۇق يۈرىكىم بىلەن.

# شاڭخەي بىلەن كۆرۈشۈش

## زاماندىن پاكزات

يۈگرەپ ئالدىمغا چىقتىڭ ئەي شاڭخەي،
سۇس تۇماندىن چۈمپەردە تارتىپ،
غەربتىن كەلگەن بىر غەيۇر يىگىت،
كۆرۈشتى سەن بىلەن چۈمبىلىڭ قايرىپ.

* * *

مىڭئۆيلەردىن ئاجراپ چۈشتۇم،
ئاندىن
كەپتەر بولۇپ جۇڭغاردىن ئۇچتۇم.
ياغدىم ئويچان سىم ـ سىمى بىلەن،
قارشى ئالدى زىيالىي شاڭخەي،
ئارام تاپقان ئوڭ قولى بىلەن.
كەتمەن تۇتقان قاۋۇل قولۇمدا،
سىقتىم خۇاڭپۇجياڭنىڭ چېۋەر قولىنى.

هاۋا تۇتۇق، سىم ـ سىم يامغۇرلۇق.
تەڭرىتاغلىق پىكىرچان مېڭەم
زەرەتلىنىپ ماگنىت مەيدانى،
يىنتۇرۇپ قويدى
شەرق ـ غەرب، ئوڭ ۋە سولىنى.

مەن شاڭخەيگە ئاياغ باسمىغان،
ئەمما ئۇنى تونۇيتتىم بۇرۇن.
ئونبەش ياشقا كىرگەن مەزگىلىم
چېگرا شەهرى ــ غۇلجا ناهىيەسىدىكى
رەهمەتلىك بالىلار يازغۇچىسى توختاش بەكرى
«petrel»*ماركىلىق سومكا قولىدا،
«كەل بالام» يېنىدىن بەرگەنتى ئورۇن.
«شاڭخەي»*ماركىلىق سوقىچاق سومكا،
مەن بىلەن تەڭ بارغان ئالىي مەكتەپكە.
بۈگۈنكى كۈنلەردە شۇ قارا سومكا
ئىچىگە لىق سۈت توقاچ سېلىپ،
ئۈرۈمچىگە ئانام بىلەن تەڭ كېلىپ،
مېنى يوقلاپ هال ـ مۇڭ ئەتمەكتە.
هە راست،
ئون يىل بۇرۇن ئانام ئۇنىڭغا گەزمال سېلىپ،
ئېلىپ قايتقان يەنە تويۇمنى قىلىپ.
«شاڭخەي» خەتلىك ئالتۇن قويۇن سائىتى
بوۋامدىن دادامغا قالدى خاتىرە،
قارىدى ئۇلار ۋاقىت هۆسنىگە

بامدات، پېشىن، دىگەر، شام ۋە خۇپتەندە.
ئۇلارنىڭ داۋامى ــ مېنىڭ ئۆمرۈمدە
بۇ ئەبجەق سائەت ئېسىل ئەنىقە!
مەن تۇتۇپ «قەھرىمان»*نى ئۆسمۈرلۈكۈمدە،
شېئىر قىلىپ يازغان تۇنجى سۆيگۈمنى،
تاڭ قالغان ئېلىپ تۇنجى قەلەم ھەققىمنى.

ئىلھامىم تاشتى، پىكرىم پىشتى،
ئەمدى يازاي
باتۇر
ئىشچان
ئەقىللىق
ئاق كۆڭۈل،
ئۇيغۇر خەلقىمنى!
بۈگۈن ئەي شاڭخەي
دوستلۇق ئۈچۈن ئېلىپ كەلدىم
تائەزەلدىن ئاپپاق قەلبىمنى.

ئەي دوكتور شاڭخەي
مەن توپا پۇرايمەن،
بەلكى دالادىكى گىياھ ـ ئاددىي قورايمەن.
تۆت پەسىلدە تاۋلاندى سۆيگۈم،
ئەمما،
ئۈزۈم ئېچىلىپ ئۈزۈم خورايمەن.
ئۈزۈن قىشتا، قاتتىق تومۇزدا،
چاك ـ چاك چاڭقىدىم،
سۇ بەر، سۇ بەر، سۇ بەر!
ئېچىلاي بەرق، يارىتىپ پەرق،
كۆركەم چۈغلۇق، بىر گۈل بولايمەن.
«دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى تەكلىماكاندا»
ماڭا بەر مىتال تاپقۇر ئاپپارات،
ئاشۇ ئاچقۇچنى تېپىپ ئالايمەن.
ماڭا تاقاق، ساڭا يىراق،
سىرلىق، خورىماس
سىم ـ سىم ئىشكىنى ئېچىپ ئالايمەن.
مەن ئەزەل ۋە ئەبەد ھەر يەر ھەر ئەلگە،
ئوڭ كۆزۈمدە ئوڭلۇق قارايمەن.

ئېرىق ـ ئۆستەڭدە ئېچقىلار ئوچۇق،
سۇ ئاز، سۇ ئاز، گاھىدا سۇ يوق.
بۇ زېمىندا قەدىمىي ئۇرۇق،
ھاياتىي كۈچى يوشۇرۇن ئۇلۇغ،
مېۋىسى شېرىن، ئاپتىپى يورۇق،
شۇ سۇ كەم، سۇ يوق!
سۇ تەمسىز، رەڭ يوق،
مەن بىلەن تەمگە، مەن بىلەن رەڭگە
كىرىدۇ تولۇق.

يىپەك يولىدا ئۈچتى كولدۇرما...

قاتنىماقتا غۇر ـ غۇر پويىزلا،
«Timail»* توردىن ئالدىم بىر سومكا...

بەلكى مەن
سەيپارە سىرككە قىزىققان بىر ئۆسمۈر بالا،
تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولغىچە
كېتىپ قالغان ئۇلار يولغا،
بىر بۇلۇڭدا يىغلىغىنىمدا
ئايان بولۇپ گۈزەللىكى ھاياتنىڭ.
بەرگەن ماڭا قىزىق ئويۇنلار:
مەن بىلەن ئوينىغان ئەلى بابا،
تەلىم بەرگەن يۇسۇف خاس ھاجىپ داموللا،
ساز چېلىپ بەرگەن ئامانىساخان،
مەن يەنە تۆمۈر تاۋلىغان.
تارىم، جۇڭغارغا
نۇرغۇن، نۇرغۇن شەھەر ياسىغان.
كارۋان بولۇپ يىراقلارغا قاتنىغان،
بەلكى مەن بىر موللا كىتاب تاپقاندا
ھاشارغا بۇيرۇلغان، ئۆيدىن ئايرىلغان.
ھاشاردىن قايتىپ ئۇھ دېگەن چاغدا،
كىتابپۇرۇش كېتىپ قالغان.
بەلكى مەن بىر سوپى «ھۇم ئاللا، ھۇم!» توۋلىغان،
بەلكى مەن زىيالىي ئىلىمگە قانمىغان.
بەلكى مەن بىر پېرىخون قۇيۇندەك پىرقىرىغان
بەلكى مەن بىر مانى جىننى قوغلىغان.
بەلكى مەن بىر مېمار مىڭئۆي ياسىغان.
بەلكى مەن بىر دانا دۇنيا تونۇغان.
بەلكى مەن بىر خاقان جاھان سورىغان.
بەلكى مەن بىر سۇجۇۋا بەرباپ ياسىغان،
بەلكى مەن كومىراجىۋا بۇددا تاراتقان.
بەلكى مەن بىر مۆھمىن، خۇدانى ئويلىغان.
مەن بۈگۈن
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى
چېپىۋاتقان ئۆمىدىنىڭ ئارتىلىق يولىدا.
ئايلىنىپ جاھان چەرخىنىڭ پولات ئوقىدا
تاپقۇم بار ئۆزۈمنى يېڭى يىپەك يولىدا.

ئات تۇيىقىدا بېسىلغان تامغا،
ئۈچۈپ كېتەر يىللار شامىلىدا،
ئات تۇيىقىدا يېزىلغان تارىخ،
ئۈچۈپ كەتتى ئەس يامغۇرىدا.

مىڭئۆيلەر رەڭلىرى قەلب گۈللىرى،
ئەخلاق خىشىدا پۈتكەن ھېيتگاھ تاملىرى.

مانا مەن كەلدىم قەلەم قولۇمدا،
تەسەۋۋۇر ۋە دوستلۇق قاچىلاپ تولۇمغا.
سالىمىڭغا سالام ئەي شاڭخەي،
تەپەككۇرى مىڭ تارام شاڭخەي!

كۆرسەت ماڭا ھېكمەتلىرىڭنى،
چۈشەن مېنىڭ قىممەتلىكمنى،
ئايىمىغىن پۈرسەتلىرىڭنى،
تاشلاي مەنمۇ غۇربەتلىكىمنى!

مەن كۆپكۆك ئاسمان ئاستىدىن كەلدىم،
مەن بىپايان زېمىندىن كەلدىم.
مەن ئاپتاپتەك روھىم بىلەن،
ۋالىلدىغان ئاپتاپ ئەكەلدىم.

ئۇتۇقۇڭغا قۇتلۇق ئەي شاڭخەي،
پىكرى نەمخۇش، مېھرى ئوتلۇق ئەي شاڭخەي،
جاراھىتىڭ ساقايدى تامام،
ئىختىرا بەيگىسىدە بەيگە كەل شاڭخەي!

كۈن چىقتى ئەنە شەرقتىن،
ياخشى چۈش تىلىدى غەربكە پېتىپ،
شاڭخەي كوچىلىرىنى كەزدىم بىمالال
شەرق ـ غەرب، شىمال ـ جەنۇبنى پەرق ئېتىپ.
بىر قۇياشتىن تارىغان ئاپتاپ،
ھەممە يەردە تۇرىدۇ چاقناپ،
ئاخىر بولۇر ئىنسان پەرىشتە،
بەخت تۇيغۇسى قەلبنى ئاسراپ.

خىيالدا كۆرۈشكەن، سىرداشتۇق بۈگۈن،
كەشپىيات سەپىرىدە ئاتامان شاڭخەي،
بولسا ھەركىم پاراۋان، دىللار خىرامان،
سەن ئامان، مەن ئامان، ئەل ئامان، شاڭخەي!

---

ئىزاھات:

2012 ـ يىلى 21 ـ ماي، شاڭخەي شەھرى چىڭپۇ رايونى شاڭخەي يازغۇچىلار لاگېرى.

«petrel»* ـ شاڭخەيدە ئىشلەنگەن شۇ ماركىلىق قول سومكىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

«شاڭخەي» ـ شاڭخەيدە ئىشلەنگەن شۇ ماركىلىق سەپەر سومكىسى ۋە سائەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

«قەھرىمان»*(英雄) ـ شاڭخەيدە ئىشلەنگەن شۇ ماركىلىق سىياھ قەلەم كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

«Timail» ـ 淘宝网 ـ ئىنتېرنېتتا مال ساتىدىغان سودا سارىيى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

# شېئىرلار

## تۇرسۇننىياز توختى ئوغۇز

### كۆكباش پۈچىلاپ يېيىش

ئاۋغۇستنىڭ بىر ئايدىڭ ئاخشىمى
ئۈچ ئاغىنە ئولتۇرۇپ ئورمانلىقتا
بىرمۇنچە كۆكباشلارنى يېدۇق پۈچىلاپ.

قوقاس يۇلتۇزلىرىدا
چاراسلاپ ئېتىلدى دانلار
بىز ئېيتقان چۆچەك،
بىزلەر ئېيتقان قىسسە ۋە ناخشا
تۈن شامىلىنىڭ سۇتتەك چېچىغا
گۈل چېچەكدەك قالدى چاپلىشىپ.

بېلىمىز تالغاندا يەرگە يانپاشلىدۇق
چۈنكى يەر بىزنىڭ ئىدى،
كېچىنىڭ يۇمشاق ئاۋازىدا
سۇ يۈرىكىمىزگە شۇۋىرلايتتى.
سۇنى ھېچكىم بىزنىڭ ئەمەس دېيەلمەيدۇ،
ناۋادا سۇ تارتىلىپ كەتسە
ياكى ئېگىز تاغلاردىن چۈشسە ئېتىلىپ
كىم بىلىدۇ، نېمە ئىشلار يۈز بېرىدۇ...

بىز پاكىز تۇپراققا تاشلىنىپ تۇرۇپ
پاراڭلاشتۇق ئادىل تۇنىياز ۋە
چىمەنگۈل ئاۋۇتلارنىڭ دۇنياسى توغرىسىدا،
غوجىمۇھەممەت يۇلتۇزلار ئارىسىدا تۇرۇپ
چالغىنتى ئۈستىمىزدىكى سۇزۇك شاخلارنى...

كۆكباش تۈگىسىمۇ
تۈگىمىدى قوقاس
ۋە چاقناپ تۇردى تەنلەر يۇلتۇزى
ئۆزىمىزگە قاراپ قاچتۇق تۈن بويى
ئوت قويدى بىز ۋە كېچە ئورمىنىغا
شائىرلىق ۋەھىمىسى!

### ئۆينىڭ پايانى

مەن ئۆيۈمگە كىرىپ
كىرىپ كەلدىم ئۆزۈمنىڭ ئىچىگە
جىمجىتلىق يۈگرەپ كېلىپ
سۆيۈپ قويدى قىزغۇچ مېۋىلىرىمگە.
چاپىنىمنى سېلىپ ئىلدىم ئاسقۇغا

پىشقان قارا ئۈجمىدەك
تورۇكلاپ ـ تورۇكلاپ تۆكۈلدى دۇنيا
جىمجىتلىققا ۋە پۈتۈمنىڭ ئۈچىغا.

قىزنىق بىر پىيالە چاي قۇيدى ئايالىم
ئۆزى ئېرىپ كەتتى ئوتلاشلىرىمدا،
شۇئان ئەگىز شىۋىرلاپ
گۈللەر يۆگەشتى بارماقلىرىمغا.
ئۇنىڭ بىر شېخى قاراڭغۇلۇقتا،
يەنە بىر شېخى چايدا...
بىردىن قۇشلار قانتى
گۈڭگا تاملاردا كەتتى يېلىنجاپ
بوشلۇقتا ئەركىن يايرىدى بېلىق
روجەكتىن تۆكۈلۈپ تۇرسىمۇ ئاپتاپ
بىز ئاپتاپ ئىچىدە
چۆكتۇق ئۆزىمىزگە،
توزۇپ كەتتى قارا يوپۇرماق
قونالماي بىزگە...

مەن ئىشقا ماڭغاندا
چېچەكلىدى يامغۇر دەرەختە
ئۇ بەك ئوخشايتتى ئايالىمنىڭ سۆزۈكلىكىگە.
مەن ئىشقا ماڭغاندا
چوڭقۇر چۆكتى ئۆيۈم ئىچىمگە...

## ئاپتاپقا يۈزلىنىش

ئەتىياز چاقىندى سەلكىن كۆزىدە
نان بولۇپ تۆكۈلدى قۇياشنىڭ نۇرى،
يىدىم ئۇنى ھۇزۇرلىنىپ
ئۆگزەمدىكى قوناق شېخىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ.

مەن پۇراقسىز، سۈزۈك نانىنى يەپ
كىرىپ كەلدىم سۈزۈك ئارالغا
ئۇخلاپ قالماقچى بولدۇم بېشىمنى چۈمكەپ
قوناق شاخلىرى ئارىسىدا.
ئاق قۇشقاچ چۇرۇقلايدۇ
بوشلۇقتا ئەگىيدۇ تەندىن چىققان قىز،
ئوتقا كىردى بىر ئەر
يېشىل تەنلىرىدە قۇرتتەك
لۆمۈلدەپ ـ لۆمۈلدەپ چاقندى ئەگىز...

شاخلارغا يۆلىنىپ يېتىپ
تىت ـ تىت بولۇپ كۈتتۈم ھېچكىمنى،
تىلىدىم بىرسىنىڭ
ئالداپ ئېلىپ كېتىشىنى.
ئاپتاپ قىزلىرى يالىڭاچلاندى
ئېغىر ۋە شېرىن يېشىل نۇر
ئېقىپ كىردى ئىچىمگە...

مەن ئۇخلاپ قوپقاندا
شاخلارنى ساقال باسقانىدى
ئەتىياز يەنىلا تۇراتتى چاقناپ،
باسقۇ يوق... ۋاقىت كېتىپ قالغانىدى
ئۆتمىتۆشۈك چاپىنىنى يېنىمغا تاشلاپ...

## دولان مۇقامى


دەريانىڭ ئاۋازى
تىترەتتى قارا تاملارنى
تۆڭلۈكتىكى سۈزۈك ھالقىدا
يامغۇرغا ئايلاندى ئايالنىڭ تېنى.

مورا ئوچاقتا ئوت كۆيەر
ئوت كۆزىدە توققۇز مۇقام، توققۇز قىز
ئۇرخۇن ۋە تارىمنىڭ پۇرىقى
بوشلۇقنى قىپقىزىل نۇرغا بويىدى،
دەرەخ سايىسىدا ئاي
ئۇزۇن كۆڭلەكلىرىنى سېلىپ
دېڭىزدەك يالىڭاچلاندى...

توغراق جىمىرلىدى قالۇن ئۈنىدە
باياۋان رەسىدە بولغان قىزغا ئايلاندى
دەريا غۇلاچ تاشلىدى،
قۇشلار قانات قاقتى،
جىمجىتلىق يۇلقۇنۇپ
ئۆزىگە قىلىچ ئۇردى.
ئون سەككىز تال تار ئاۋازىدا
تاش ۋە دەرەخلەرنى قاراسلاتتى ئات
يىگىتلەر مەيدە تۈكلىرىنى يۇڭداپ جار سالدى
قىزلار يەرنىڭ يېشىل چاچلىرىنى تارىدى،
ئات كىشنەشلىرى
ئورمانلىق ۋە بوشلۇقتا چاك توزاتتى...!
تارلارنىڭ نۇرىدا
چاقندى كۆز يېشى... ئاپتاپتەك كۈلكە،
بوۋايلار گۈمبۈرلەپ چىقاردى ئاۋاز
مومايلارنىڭ گۈڭگا چۈشىدە ئېرىدى كېچە.

«ئات!» دېدى بىرسى
يەرگە گۈلۈپپىدە يىقىلدى قالۇن ئاۋازى
بىر قىز چېچىلغان تارنى
بىر تال ـ بىر تالدىن تېرىپ سالدى قوينىغا
ۋە كىرىپ كەتتى توغراقلىق ئارىسىغا...

مۇھەررىرى: ئىمىرھەسەن مەخمۇت



# مەكىت قويى ھەققىدە ھېكايەتلەر

(ئەدەبىي خاتىرە)

## تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم

قوي ـ دۇنيا مىقياسىدا تارقىلىشى كەڭ، سانى كۆپ، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، كۆپىيىشى تېز، رايىش، بېقىپ پايدىلىنىشقا مۇۋاپىق بولۇشتەك كۆپلىگەن ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئىنسانلار تۇرمۇشىدا تارىختىن بۇيان ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان كەلگەن ئۆي ھايۋىنى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولغان گۆش ـ سۈت مەھسۇلاتلىرى ئارقىلىق ئىنسانلارنى ئالىي دەرىجىلىك ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، يۇڭى، تېرىسى ۋە ئىچكى ئەزالىرى بىلەن سانائەت ۋە تېبابەتنى مۇھىم خام ئەشيا بىلەن تەمىن ئەتسە، ئوغۇتى بىلەن زەل ـ زىرائەت، گۈل ـ گىياھلارنى بېقىپ كەلدى. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ھازىر دۇنيادا 600 خىلدىن ئارتۇق قوي نەسلى بار بولۇپ، مەكىت قويى بوي ـ بەستى زور، گۆش بېرىش نىسبىتى يۇقىرى، شارائىتقا ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، بۇرۇن بېتىلىپ تېز چوڭىيىدىغان، كۆرۈنۈشى چىرايلىق، قوشكېزەكلەش، جۈملىدىن كۆپىيىش نىسبىتى يۇقىرى، نەسلچانلىقى تۇراقلىق، گۆشى يۇمشاق ۋە تەملىك، قۇلىقى ئادەتتىن تاشقىرى كەڭ ھەم ئۇزۇن، پەۋقۇلئاددە قاڭشارلىق، قوۋۇرغىلىرى كېرىلگەن، توقال (مۈڭگۈزسىز) بولۇش، شۇنداقلا نۆۋەتتە ئىقتىسادىي قىممەتتە ئەمەلىي رېكورت ياراتقانلىقىدەك كۆپلىگەن ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن رايونىمىزدىكى داڭلىق ماركىلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. 2011 ـ يىلى ئەتىيازدا مەكىت قويىنىڭ باھاسى تازا ئۆرلىگەن مەزگىلدە، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا تازا داڭ چىقىرىپ، دېھقانلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، شەھەر ئاھالىلىرى ئارىسىدىكى قوي باقىدىغانلارنىڭلا ئەمەس، ھەتتا سورۇن، چايخانىلاردا، كوچا ـ كوي، ماشىنا ـ ئاپتوبۇسلاردا، قىسقىسى تۆت ئادەم جەم بولغانلىكى جايدا قىزىق پاراڭ تېمىسىغا ئايلانغان «مىجىت قارىمنىڭ قوچقىرى»نى 14 مىليون يۈەن خەلق پۇلىغا ساتمىغانلىقىدىن ئىبارەت ئەمەلىي پاكىت، تەبىئىي ھالدا ھەممىنى چۆشەندۈرۈپ تۇرۇپتۇ.

بۇ يەردە شۇنى قەيت قىلىپ ئۆتۈش ھاجەتكى،

ئىقتىسادىي ھېكايەتلەر


مەكىت قويىدىن ئىبارەت ئىقتىسادىي قىممەتتە رېكورت ياراتقان بۇ يەرلىك داڭلىق ماركا، ھەرگىزمۇ ئۆزلۈكىدىن ئىستىخىيەلىك ھالدا پەيدا بولۇپ قالغان ئەمەس. 1910-يىللارنىڭ ئالدى-كەينىدە، ھەج-تاۋاپ ئۈچۈن مەككىگە بېرىپ قايتىشقان مەكىتلىك دىنىي زاتلار ھەمدە سودا ئىشى بىلەن ئافغانىستانغا چىققان يەرلىك سودىگەرلەر ئارىسىدىكى قويغا قىزىقىدىغانلار ئافغانىستاننىڭ ۋاغجىر، مىرغاپ رايونلىرىدىن ئۆتكەندە، «بويني، پاچاقلىرى ئۇزۇن، خۇددى كېيىكتەك چىرايلىق قويلار»نى كۆرۈپ، بۇ قويلاردىن نەچچە يۈز تۇياق سېتىۋېلىپ (مەكىتكە ئاران 10 نەچچە تۇياق قوي ساق كەلگەن) ئاتلىق ھەيدەپ كەلگەندىن باشلاپ ھازىرغا كەلگىچە بولغان ئارىلىقتا، يەرلىك قويچىلار، شۇنداقلا ناھىيە، ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ موناسىۋەتلىك تېخنىك خادىملىرى بۇ قوي نەسلىنى ئەلالاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد ئىزچىل تىرىشىپ كەلدى. جۈملىدىن 1982-يىلى مەكىت ناھىيەلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسى بىلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق باشقارمىسى بىر بۆلۈك كەسپىي خادىملارنى ئاجرىتىپ مەخسۇس تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇردى، 1987-يىلغىچە بۇ قوي نەسلى ئۈستىدە تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىش ئېلىپ بېرىپ، تۇنجى قېتىم بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئېرىشتى ھەمدە تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى موناسىۋەتلىك گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كەسپىي تېخنىك خادىملارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بۇ قوي نەسلىگە نىسبەتەن نەسىل ئارخىپى تۇرغۇزۇش، نەسىللىك قوچقارلانى تاللاش، يەم-خەشەكنى تولۇقلاپ تەييارلاش قاتارلىق بىر قاتار تەدبىرلەر قوللىنىلدى. 1987-يىلدىن 1990-يىلغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق نازارىتى، چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيەسى ھەمدە قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر مەكىت ناھىيەسىگە كېلىپ، بۇ قوي نەسلى ئۈستىدە تېخىمۇ ئەتراپلىق، ئىنچىكە تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەلا نەسىل ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇردى. 1990-يىللاردىن كېيىنمۇ شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى چارۋىچىلىق ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى مۇھەممەت بارات قاتارلىق چارۋىچىلىق ساھەسىدىكى داڭلىق مۇتەخەسسىسلەرنى ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەخسۇس مەسلىھەتچىلىككە تەكلىپ قىلىپ، مەكىت قويىدىن ئىبارەت بۇ ئەلا نەسلىنى بېقىپ-باشقۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ئىشخانىلاردا ئولتۇرۇپ تۈزۈلگەن سىياسەتلەرگىلا ئەمەس، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىلمىي مەسلىھەتىنى ئويلاشقان ئاساستا ئىش كۆردى. ئاپتونوم رايون ۋە قەشقەر ۋىلايىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرمۇ مەكىت ناھىيەسىگە كۆپ قېتىم كېلىپ بۇ ئەلا نەسىللىك قويلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۇنى پىلانلىق، باسقۇچلۇق ھالدا داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، دۆلەتتىن بىر تۈركۈم مەبلەغ ھەل قىلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ساپ قانلىق دەرىجىسىگە يەتكەن 15 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق قوچقار ۋە ساغلىقنى باشقا ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى مەكىت قويىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئېھتىياجلىق ئورۇنلارغا پىلانلىق يۆتكەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قوي نەسلىنى ياخشىلىشىغا ئاساس ياراتتى. ئەل ئارىسىدىكى مەكىت قويى باققۇچىلار بىلەن بولغان ئاكتىپ ئالاقىنى ئىزچىل ساقلاپ، ئۇلارغا كۆپ تەرەپلىمە يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن بىرگە، مەخسۇس مەكىت قويى نەسلىچىلىك فېرمىسى قۇرۇپ، بېقىش-باشقۇرۇش، نەسىللەندۈرۈش، تول ئېلىش... قاتارلىق كەسپىي ھالقىلاردىكى سانلىق مەلۇماتلارنى يىلمۇ يىل سېلىشتۇرۇپ ئىنچىكە پەرقلەرنى تېپىپ چىقىپ، بۇ قوي نەسلىنىڭ بارغانسېرى ئەلالىشىپ بېرىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

يۇقىرىقى بىر قاتار خىزمەتلەرنىڭ باشتىن-ئاخىر ياخشى ئىشلىنىشى نەتىجىسىدە، مەكىت قويى ئازلىقتىن كۆپلىككە، جۈملىدىن تار نوقتىلاردىن كەڭ دائىرىلەرگە كېڭەيدى. نەسىل سۈپىتىمۇ بارغانسېرى ياخشىلىنىپ، ئىقتىسادىي قىممىتى ئادەم ئىشەنمىگۈدەك دەرىجىدە ئۆستى. مەكىت قويى ھەققىدە تۇنجى كىتاب يېزىلغان يىللاردا ئەڭ داڭلىق ھېسابلانغان بىر تۇياق قوچقارنىڭ باھاسى 40 مىڭ يۈەنگە؛ 2002-يىلى 500 مىڭ يۈەنگە چىققان بولسا، 2011-يىلى داڭ چىقارغان «مىجىت قارىمنىڭ قوچقىرى»نىڭ 14 مىليون خەلق پۇلىغا سېتىلمىغانلىقى بۇنىڭ ياخشى دەلىلى.

مىجىت قارىم مەكىت قويى بېقىشتىن ئىلگىرى تۇرمۇشتا چىقىش يولى ئىزدەپ، سابىق مەكىت ناھىيەلىك يېمەك-ئىچمەك شىركىتىدىكى پېچىنە-پىرەنىك ئۇستىسى ئۆمەر ھاجىمغا شاگىرتلىققا كىرىپ ئىشلىگەن بولۇپ، ھۈنەر ئۆگىنىپ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاشۇ ھۈنەرگە تايىنىپ تاپقان پۇلى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغاچقا، بىر تەرەپتىن ھۈنەر بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن كۆپرەك پۇل تېپىپ باي بولۇشنىڭ يوللىرىنى ئىزدىگەن. ئاشۇ ئىزدىنىش داۋامىدا، مەكىت قويىنىڭ نۇرغۇن ئادەملەرنى كاتتا بايلارغا ئايلاندۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، 2005-يىلى مەكىت ناھىيەسىنىڭ شېھىتدۆڭ يېزىسىدىن بىر تۇياق قوچقارنى ئازغىنا كەم 10 مىڭ يۈەنگە سېتىۋالغان. ئەمما ئۇ چاغدا قوچقار تېخى تولۇق يېتىلىپ بولمىغاچقا، مىجىت قارىمنىڭ كۆزىگە كىچىك كۆرۈنۈپ، قويغا

هېرىسمەن بىر ئاغىنىسىگە پايدىسىغا سېتىۋەتكەن. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ قوچقار تولۇق يېتىلىپ، ئۆزىدىكى يوشۇرۇن ئىرسىيەت بەلگىلىرىنى نامايان قىلىپ، ئەتراپتىكى قويچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىشقا باشلىغاندا، مىجىت قارىم قايتىدىن بېرىپ كۆرۈپ، قوچقارنى بىر مىليون يۈەن خەلق پۇلىغا ئۆزى سېتىۋېلىپ قايتۇرۇپ كەلگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ بايلىق ئىلاھى مىجىت قارىمغا ئوڭ كۆزى بىلەن قاراپ، ئۇنىڭ كىرىمى ئايمۇ ئاي، يىلمۇ يىل ئېشىشقا باشلىغان. نەتىجىدە ئۇنىڭ ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان تۇرمۇشى ھەتتا ھاللىق سەۋىيەدىن ئېشىپ، ئائىلە سەرەمجانلىرى ئومۇميۈزلۈك يېڭىلانغاندىن باشقا، تۆت يۇرۇش ئۆيى، تۆت كىچىك ماشىنىسى بار بولغان. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئېسىل ماشىنىدىن بىرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن قەشقەر، ئۈرۈمچىلەرنى ئايلىنىپ كۆڭلىگە ياققۇدەك ماشىنا تاپالماي، ئالايىتەن شاڭخەيگە بېرىپ سېتىۋالغان. ئۇنىڭ شاڭخەيگە ماشىنا سېتىۋالغىلى بارىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان يەرلىكتىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ھەتتا ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئاپىرىپ-ئەكىلىش ئۈچۈن مەخسۇس ئامانلىق ساقلىغۇچىلارنى قوشقان.

قوچقار دېگەن ساغلىق ئەمەس، ئۇ ئۆزى بىۋاسىتە تۇغۇپ كۆپەيمەيدۇ. ئۇنداقتا قوچقارنىڭ ئىگىسى قانداق قىلىپ كاتتا بايغا ئايلىنالايدۇ؟ مانا بۇ نۇرغۇن ئادەم بىلىشكە قىزىقىدىغان مۇھىم ھالقىلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇنىڭ تەپسىلاتىنى تۆۋەندىكى قۇرلارغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن: پەننىي بىلىملەردىن ئاز-تولا خەۋىرى بار كىشىلەرگە ئايانكى، ئادەتتە ھەرقانداق تۆرەلمىنىڭ ئىرسىيەت بەلگىلىرى ئۇرۇقنىڭ سۈپىتى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، نەسىلچانلىقى كۈچلۈك بولمىغان ئادەتتىكى قوچقارلاردىن چۈشكەن قوزىلار ئادەتتىكى قوي بولۇپ يېتىلسە، نەسىلچانلىقى كۈچلۈك، ئالاھىدە قوچقارلاردىن چۈشكەن قوزىلاردا قوچقارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى تولۇق گەۋدىلىنىپ، چوڭ بولغانسېرى ئالاھىدە قوچقارغا ئايلىنىدۇ. بۇنداق قوچقارلارنى يەرلىك قويچىلار «بەك بالا تارتىدۇ» دەپ تەرىپلىشىپ ئەتىۋارلاپ باقىدۇ. نۆۋەتتىكى قوي بازىرىدا ئادەتتىكى بىر قوي مىڭ يۈەن ئەتراپىدا ئېلىم-سېتىم قىلىنسا، مەكىت قويى ئۆلچىمىگە يەتكەن ئالاھىدە قويلار يۈز مىڭ، ھەتتا مىليون يۈەنلەرگە يارايدۇ. بۇ يەردىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل ئۇرۇق بولغاچقا، قوي باققۇچىلار تەبىئىي ھالدا نەسىلچانلىقى كۈچلۈك بولغان ئالاھىدە قوچقارلارنى تاللايدۇ. «مىجىت قارىمنىڭ قوچقىرى» ئىرسىيەت بەلگىلىرى گەۋدىلىك، نەسىلچانلىقى ئەڭ ياخشى قوچقار بولغاچقا، ئۇنىڭدىن چۈشكەن قوزىلار جەنۇبىي شىنجاڭدا باشقا قوچقارلاردىن چۈشكەن ھەرقانداق قوزىلاردىن بىرنەچچە ھەسسە، ھەتتا ئون نەچچە ھەسسە قىممەت سېتىۋېلىنىدىغان بولغاچقا، ئۇ قوچقارنىڭ نەرخى 14 مىليونغا چىققان.



داڭلىق قوچقار ئىگىلىرىنىڭ قوچقاردىن پايدىلىنىپ پۇل تېپىشىدىكى كونكرېت ئۇسۇلىغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئادەتتە بىر داڭلىق قوچقارغا يانداپ 40ـــ50تىن ساغلىق باقىدۇ. بۇ ساغلىقلار ئاشۇ داڭلىق قوچقارغا قويۇلغاندىن كېيىن، مەكىت قويىغا قىزىقىدىغانلار قوتانغا كېلىپ، بوغاز ساغلىقلارنى سېتىۋالىدۇ. ئادەتتە 3~4 مىڭ يۈەندىن سېتىۋېلىنغان ساغلىقلار داڭلىق قوچقارغا قويۇلۇپ بوغاز بولغانلىقى ئېنىق بولغاندىن كېيىن 30~40 مىڭ يۈەنگە، ھەتتا بىر نەچچە يۈز مىڭ يۈەنگە سېتىلىدۇ. ناۋادا باشقا قويچىلار ئۆزى باققان ساغلىقلارنى داڭلىق قوچقارلارغا قويۇش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ، قوچقار ئىگىسى ئاۋال ساغلىقنى باھالاپ سېتىۋېلىپ، قوچقارغا قويۇپ بوغازلىقى ئېنىق بولغاندىن كېيىن، ساغلىق ئىگىسىگە قايتا سېتىپ بېرىدۇ. بۇ چاغدىكى باھامۇ ئالدىنقى قۇرلاردا دېيىلگىنىگە ئوخشاش، ساغلىق قوچقارغا قويۇلماستا 3~4 مىڭ يۈەن بولغان بولسا، بوغاز بولغانلىقى ئېنىق بولغاندىن كېيىن 30~40 مىڭ يۈەنگە سېتىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال، داڭلىق قوچقار ئىگىلىرىنىڭ نەزىرىدە

«قوچقارغا قويۇش ئۈچۈن ئېلىپ كېلىنگەن ساغلىق ئىگىلىرىدىن پۇل ئالساق يامان بولىدۇ» دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن ئويلاپ تېپىلغان چارە بولۇپ، كۆرۈنۈشتە قوي ئېلىم-سېتىم قىلىنغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ماھىيەتتىن ئېيتقاندا يەنىلا داڭلىق قوچقارلارنىڭ ئۇرۇقىنى سېتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئەلۋەتتە.

داڭلىق قوچقارلاردىن پايدىلىنىپ پۇل تېپىش پەقەت يۇقىرىقى بىر خىل ئۇسۇل بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. داڭلىق قوچقاردىن بوغاز بولغان ساغلىقلارنى سېتىپ پۇل تېپىشتىن باشقا، ساغلىقلارنى تۇغدۇرۇپ قوزا-پاقلانلارنى سېتىشتىنمۇ كىرىم قىلىدىغان قويچىلار ئۇچرايدۇ. بۇنداق قوزا-پاقلانلار ئادەتتىكى قوچقارلاردىن چۈشكەن قوزا-پاقلانلاردىن كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە چىرايلىق ۋە تېمەن بولىدۇ. ئۇلارنى تېزرەك پۇلغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، قويچىلار ئادەتتە سېغىن ئۆچكىلەردىن «ئېمىك ئانا» تەييارلاپ، داڭلىق قوچقارلاردىن چۈشكەن قوزا-پاقلانلارنى ھەم ئۆز ئانىسىنى ھەم «ئېمىك ئانىسى»نى ئېمىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن «قوش ئانا»نى ئەمگەن قوزا-پاقلانلار ھەم تېز، ھەم پورەك چوڭ بولۇپ، 4~5 ئايلىق بولغاندىلا بوي-بەستى يېتىلگەن چوڭ قويلار بىلەن تەڭلىشىدۇ، ھەتتا ئۇلاردىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ. يېشىغا توشقان چاغدا بولسا، بوي ئېگىزلىكى بىر يېرىم مېتىر ئەتراپىغا يېتىدۇ.

جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئۇچرىغان ئادەملەرنى كاتتا بايلار قاتارىغا قوشۇپ، تۇرمۇشنى ھاللاندۇرغان مەكىت قويىنىڭ ئاشۇنچىلا ئىقتىسادىي قىممەت يارىتالىشىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئامىل — بۇ قوي نەسلىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئەرمەك ھايۋان دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىدە دېيىش مۇمكىن. بۇ ھەقتىكى تەپسىلىي بايانلار كەمىنە مۇئەللىپنىڭ «دولانلارنىڭ قوي مەدەنىيىتى» دېگەن ماقالىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولغاچقا، بۇ يەردە قايتا تەكرارلاپ ئولتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىسا كېرەك. شۇنداقتىمۇ مەكىت قويىنىڭ ئەرمەك ھايۋان قاتارىغا قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان، ئالدىنقى ماقالىلەردە تىلغا ئېلىنمىغان بەزىبىر تەپسىلاتلارنى قىستۇرۇپ ئۆتسەك ئارتۇقلۇق قىلماس:

ھېزىم دېگەن كىشى يېقىنقى 5~6 يىلدىن بۇيان مەكىت قويى بېقىشقا قىزىقىپ باي بولغان ۋە يۈز-ئابرۇي تاپقان كىشىلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ «مىجىت قارىمنىڭ قوچقىرى»دىن چۈشكەن بىر قوچقىرى بولۇپ، قوچقار تېخى قوزا چېغىدىلا نەچچە يۈز مىڭ يۈەنگە ساتمىغان. قوچقار يېتىلىپ قوي قوغلىغۇدەك بولغاندا، قويچىلار دەسلەپتە بىر مىليون، كېيىنچە بىر مىليون 500 مىڭ ۋە ئىككى مىليون باھا قويغان. ئەمما «ھېزىم قاتتىق» قوچقارنى ساتقىلى ئۇنىمىغان. ئۇنىڭ بىلەن ياخشى ئۆتىدىغان ئاكا يوللۇق بىر دوستى ئۇنىڭغا: «ئىككى مىليون ئاز پۇل ئەمەس، قوچقارنى سېتىۋەتسەڭ بولاتتى» دەپ مەسلىھەت بەرگەندە، «ھېزىم قاتتىق» مۇنداق دېگەن: «توغرا، ئىككى مىليون ئاز پۇل ئەمەس. مەن بۇ ئۆمرۈمدە تېخى 100 مىڭ كوي پۇلنى قولۇمدىن تۇتۇپ ساناپ باقمىدىم. ئەمما مەن بۇ قوچقارغا ئېرىشىشتىن بۇرۇن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مېنى ‹ھېزىم قاتتىق› دېسە، مانا ئەمدى قوي كۆرگىلى كەلگەنلەر ۋە باشقا قوي ھەۋەسكارلىرىنىڭ ھەممىسى ھېزىمجان دەپ ئاتايدىغان بولۇشتى. دېمەك ئاشۇ بىر قوچقار مېنىڭ ‹ھېزىم قاتتىق› دېگەن قاملاشمىغان ئىسمىمنى ئەسلىدىكى نورمال ئىسمىغا ئۆزگەرتتى.» بۇ بايانلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەكىت قويى ئۇنىڭغا ماددىي بايلىق ئېلىپ كېلىپلا قالماستىن، بەلكى مەنىۋى شادلىقمۇ ئېلىپ كەلگەن.

ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر نۇقتا شۇكى، بۇ دۇنيادىكى ھەرقانداق ياخشى نەرسىنىڭ يامان تەرىپى، شۇنداقلا يامان نەرسىنىڭمۇ قىسمەن بولسىمۇ ياخشى تەرىپى بولىدۇ. دەرۋەقە مەكىت قويىمۇ باققانلىكى ئادەمنى مۇتلەق باي قىلىۋېتىدىغان ئىلاھىي جانلىق ئەمەس. نۇر بار يەردە ھامان كۆلەڭگە بولغىنىغا ئوخشاش، پايدا بار يەردە زىياننىڭمۇ بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال. دۇنيادا مەيلى تەبىئىي مەۋجۇداتتا، مەيلى ئىجتىمائىلىقتا ياتىدىغان سودا ئىشلىرىدا بولسۇن، ھەممە ئىشنىڭ ئۆز ئالدىغا قانۇنىيىتى بولىدۇ. بۇ خىل ئىچكى قانۇنىيەتنى چۈشەنمەي ئۆز خىيالى بىلەن ئىش كۆرگەندە، بولۇپمۇ سودا ئىشلىرىدا شۇ مالنىڭ خۇسۇسىيىتى، جۈملىدىن ئەۋزەللىك ۋە يېتەرسىز تەرەپلىرىنى تولۇق چۈشەنمىگەندە، خىيالىي ئارزۇنىڭ ئەكسىچە زىيان تارتىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. مەكىت قويى بېقىشمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. 80-يىللاردىن ھازىرغىچە بولغان ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا، مەكىت قويىنىڭ باھاسى ھەر 5~6 يىلدا بىر قېتىم ئۆسۈپ يۇقىرى پەللىگە چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ خىل ئۆسۈش بىرەر-ئىككى يىل داۋاملىشىپلا، يەنە باھا چۈشۈشكە يۈزلىنىدۇ. باھا ئۆسكەندە شۇنىڭغا ماس ھالدا مەكىت قويى ھەققىدىكى پاراڭلارمۇ ھەممە يەرنى قاپلايدۇ. بۇنداق چاغدا بەزى قىزىققان كىشىلەر كوچا-كويلاردىكى پاراڭنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن ھەتتا يېنىدا پۇلى بولمىسا قەرز ئېلىپ تۇرۇپ قوي سېتىۋالىدۇ. باھا داۋاملىق ئۆسۈۋاتقان ياكى تېخى چۈشۈشكە يۈزلەنمىگەن چاغلاردا، ئۇلارنىڭ ئالغان قويلىرى ئازدۇر-كۆپتۇر پايدا كۆرسىتىپ تۇرغاچقا، ئۇلار باھا تېخىمۇ ئۆسكەندە يەنىمۇ جىق پايدىغا سېتىشنى

كۆزلەپ، بىر نەچچە ئونمىڭ يۈەن پايدا چىقسىمۇ قويىنى ساتمايدۇ. ئەمما باھا تۆۋەنلەپ كەتكەندە، 100 مىڭ يۈەنگە ئالغان قوي 10 مىڭ يۈەنگىمۇ يارىماي، كۆتۈرۈپ قويغۇسىز زىيان تارتىدىغان ئىشلار بولۇپ قالىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، قوينى بېقىپ ـ باشقۇرۇشتىكى خاتالىقلار تۈپەيلىدىن، نەچچە يۈزمىڭ، ھەتتا نەچچە مىليونغا ئالغان داڭلىق قوي بىر كېچىدىلا ئۆلۈپ قېلىپ، قىپقىزىل زىيان بولىدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ. بۇنداق ئېغىر زىيان ئۆزىنى دەسمىدىي قارىغۇلارچە قىزىقىپ قوي باققانلارغا تولىمۇ ئېغىر كەلسىمۇ، ئەمما مەكىت قويىنىڭ ئەلمى ـ تەلمىنى چۈشىنىدىغان، ئۇزۇن يىل قوي بېقىپ يېتەرلىك تەجرىبە ـ ساۋاق توپلىغان كەسىپ ئەھلىلىرىگە ئۇنچىلا ئېغىر زەربە بولالىشى ناتايىن. مەكىت قويى باققانلار ئارىسىدا «قەييۇم مايلام» دەپ ئاتالغان بىر كەسپىي قويچى بولۇپ، ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرىدىن يۇقىرىقى پىكرىمىزنىڭ خاتا ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن:


«قەييۇم مايلام» دىگەن سۆزنىڭ ئۆزىدىن چىقىپ تۇرغاندەك، قەييۇم ئىسىملىك بۇ ئادەم دەسلەپتە تىجارەتنى مايلامچىلىقتىن باشلىغان، ئۆز تۇرمۇشىدىن ئېشىنغۇدەك پۇل تاپقاندا، ئاشۇ پۇللارنى يىغىپ، بۇنىڭدىن 20 يىللار مۇقەددەم مەكىت قويى بېقىشقا كىرىشكەن. ئالدىنقى 10 يىلدا ئۇ خېلى پايدىغا ئېرىشىپ، مايلامچىلىقتىن قول ئۈزۈپ، چوڭ يولغا يېقىن ياخشى جايدىن ئازادە، كەڭرى قورۇ ـ جاي سېتىۋېلىپ، ئۆي بىلەن قوتاننى موۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، مەخسۇس مەكىت قويى بېقىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ تىجارەتنى تۆۋەن قاتلامدىن باشلاپ تەدرىجىي يۇقىرىغا قاراپ تەرەققىي قىلغان. بۇ جەرياندا تىجارەتنىڭ، بولۇپمۇ مەكىت قويى سودىسىنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى پۇختا ئىگىلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ ماڭغاچقا، سودىسىدا پەۋقۇلئاددە زىيان تارتىدىغان ئىشلار بولمىغان. بۇ جەرياندىكى ھېسسىياتىنى ئۇ مۇنداق بايان قىلىدۇ: «مەكىت قويى مەن ئۈچۈن گويا ئەڭ ئىشەنچلىك بولغان بىر تىرىك بانكا. مەن تاپقان ـ تەرگىنىمنى بۇ تىرىك بانكىغا ئامانەت قويىمەن. بانكا بولسا بىر ـ ئىككى يىلدىن كېيىن مەن قويغان پۇلنىڭ دىرىدىنىمۇ كۆپ بولغان ئۆسۈمنى قايتۇرىدۇ. بۇ بانكا ماڭا ھازىرغىچە تېخى زىيان كۆرسىتىپ باقمىدى.»

ئەمما «قەييۇم مايلام» مەكىت قويى بېقىپ سودىدا زىيان تارتمىغان بىلەن، باشقا خاراكتېردىكى زىيانلار ئۇنىمۇ يوقلىماي قالمىدى. يەنى قوي سودىسىدا ئالغان پايدىنىڭ ئازغىنا بىر قىسمىنى سەرپ قىلىپ سېتىۋالغان ئېسىل ماشىنىسى ھادىسىگە ئۇچراپ، ئۆزى ئېغىر يارىلىنىپ چاقلىق ئورۇندۇققا چىقىپ قالدى. بۇنى ئاز دەپ، 3 مىليون يۈەن خەلق پۇلىغا سېتىۋالغان داڭلىق قوچقىرى ئېغىر كېسەل بولۇپ، كۆتۈرۈپ قويغۇسىز زىيان بولدى. كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا ھەتتا «قەييۇم مايلامنىڭ 3 مىليونغا ئالغان داڭلىق قوچقىرى ئۆلۈپتۇ» دېگەن گەپلەر تارالدى. گەرچە ئۇزۇنغا سوزۇلغان داۋالىتىشلاردىن كېيىن، قوچقار ئاستا ـ ئاستا ياخشىلىنىشقا يۈزلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن قوچقار بىر قېتىم ئېغىر كېسەل بولغانلىقتىن ۋە بازاردىكى باھا قاتتىق چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ قوچقارنى ئەسلىدىكى باھانىڭ يېرىمىغا سېتىۋېلىشنى خالايدىغانلار چىقمىدى. ئەمما «قەييۇم مايلام» مەكىت قويىدىن ئىبارەت بۇ داڭلىق تىرىك ماركىغا يەنىلا ئۈمىدۋارلىق بىلەن قاراپ، قوي بېقىشتىن ئەسلا ۋاز كەچمىدى. چۈنكى ئۇ بۇ زىيان ۋە كېلىشمەسلىكلەرنىڭ ۋاقىتلىق ئىكەنلىكىنى؛ بىر قوچقار ھەتتا ئۆلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئېغىلدىكى ساغلىقلارنىڭ ئۇنداق قوچقاردىن يەنە نەچچىنى تۇغۇپ بېرىدىغانلىقىنى؛ بۇ يىل باھا چۈشۈپ كەتكەن بولسا، كېلەر يىل ياكى ئۇنىڭمۇ ياندۇرقى يىلى ھامان يەنە ئۆسىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

مەكىت قويى بېقىپ باي بولغان، ياكى قىسمەن زىيان تارتقان كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان قىزىقارلىق ئەمەلىي ھېكايىلىرىنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ تۈگىتىش بەسى مۈشكۈل. چۈنكى بۇ خىل ھېكايىلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئارقا كۆرۈنۈشى، باشلىنىشى، راۋاجى ۋە ئاخىرقى يېشىملىرى بار بولۇپ، بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختىلىشقا توغرا كەلسە بىرەر كىتابقىمۇ سىغمايدۇ. شۇڭا بۇ يەردە بۇ خىل ھېكايىلەرنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرۇپ، پەقەت مەكىت قويىنىڭ سودىسىدىلا بولىدىغان، باشقا ھېچقانداق سودىغا ئوخشىمايدىغان، جۈملىدىن قوي بازىرىدا ئەمەس، بەلكى ئائىلىلەردىكى قوتانلاردا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئالاھىدە بىر سودىنىڭ ئەمەلىي كۆرۈنۈشلىرىدىن بىر نەچچە مىسال كەلتۈرىمىز. بۇ كۆرۈنۈشلەرگە ئەنئەنىۋى قوي باقمىچىلىقىنىڭ بۈگۈنكى زامانىۋى تەرەققىيات باسقۇچىدا ئەكس ئەتكەن ئادەمنى ھەرخىل ئويلارغا سالىدىغان ئاجايىپ قىزىقارلىق تەپسىلاتلىرى يوشۇرۇنغان بولۇپ، مەكىت قويىغا قىزىقىدىغانلارلا ئەمەس، باشقا كەسىپتىكى كىشىلەرنىڭمۇ بىر قېتىم كۆرۈپ بېقىشىغا ئەرزىيدۇ:

بىرىنچى كۆرۈنۈش: «بىر كەم بولا»نىڭ پۇلى
2009 ـ يىلى كۈز، يەكشەنبە.

ئوغلانجان ئادىتى بويىچە قوي بازىرىنى بىر كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن، بىر قويىنىڭ پۇلىغا سېتىۋالغان



«نىسسان» ماركىلىق كىچىك ماشىنىسىنى ھەيدەپ يولغا چىقتى. قوي بازىرى بىلەن ئۆينىڭ ئارىلىقى گەرچە بىر يېرىم كىلومېتىرچە كەلسىمۇ، لېكىن ماشىنىلىق، تىراكتورلۇق، هارۋىلىق، موتوسىكلىت ـ ۋېلىسىپىتلىق ۋە پىيادە بازارچىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن، ئالاھازەل يېرىم سائەتتىن كېيىن قوي بازىرىغا يېتىپ كېلىپ، ماشىنىسىنى داۋزا سىرتىدىكى ئەپلىكرەك بىر يەرگە توختىتىپ ـ دە، ئۆزى قوي بازىرىغا كىرىپ كەلدى.

بۇ قوي بازىرى باشقا ھەرقانداق جايدىكى قوي بازىرىدىن پەرقلىق بولۇپ، مەخسۇس مەكىت قويى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسپىي ئائىلىلەر مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا پۇل تۆلەپ، بازارغا ئايرىم ـ ئايرىم قوتانلارنى قىلدۇرغانىدى. بۇ خىل قوتانلارنىڭ ئۈستى يېپىلغان بولغاچقا، يازدا يامغۇر ۋە كۈچلۈك قوياش نۇرىدىن، قىشتا قار ـ شۇۋرغاندىن ساقلايتتى. بۇ قوتانلارنىڭ چوڭراقلىرى 40~50 كىۋادراتمېتىر كەلسە، كىچىكلىرىمۇ 20 كىۋادراتمېتىردىن كەم ئەمەس ئىدى. ھەپتىنىڭ باشقا ۋاقىتلىرىدا بىكار تۇرىدىغان بۇ قوتانلار يەكشەنبە كۈنلىرى شۇنداق قىزىپ كېتەتتىكى، ھەربىر قوتانىنىڭ ئەتراپىغا 40~50دىن ئادەم ئولىشىپ، سودىغا ئارىلىشاتتى. سودا بولمىغان تەقدىردىمۇ، كىشىلەر قوتان رېشاتكىلىرىغا يۆلىنىپ ئارام ئالغاچ، قوتان ئىگىسىنىڭ قايسى قوچقارنىڭ قۇلىقى قانچە سانتىمېتىر كەلگەنلىكى، قايسى ساغلىقنىڭ قاچان قوچقارغا چۈشكەنلىكى ۋە قايسى قوزىنىڭ قايسى قوچقار بىلەن قايسى ساغلىقتىن چۈشكەنلىكى قاتارلىقلار ھەققىدە ئاغزى بېسىقماي سۆزلەپ تۇرىدىغان ھېكايىلىرىنى ئاڭلايتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!— دېدى يەكەن تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدىغان ئوتتۇرا ياشلاردىكى دېھقان سۈپەت بىر ئادەم،— بىز ئۆزلىرىنى ئىزدەپ كەپتۇق. ياخشى ئاسانلا تاپتۇق...

ئۇلار ئۈچ ئادەم بولۇپ، ئوغلانجان بىلەن بىر ـ بىرلەپ كۆرۈشۈپ بولۇپ، مەقسەتلىرىنى بايان قىلىشتى:

— بۇ بازاردىكى قويلارنىمۇ كۆردۇق. دىتىمىزغا ياققۇدەك قوچقار تاپالمىدۇق. مالال كەلمىسە سىلىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، قوتاندىكى قويلارنى بىر كۆرۈپ باقساق بوپتىكەن.

ئوغلانجان ئۇلارنىڭ قوچقار سېتىۋېلىش نىيىتىنى چۈشىنىپ، ناھىيە بازىرىنىڭ مەركىزىدىكى مەيدانغا ئالاھازەل 500 مېتىرچە كېلىدىغان، چوڭ يول بويىدىكى قوتىنىغا باشلاپ باردى. ئۈستى بىر تۇتاش يېپىلىپ، ئاستى كۆك سىرلانغان تۆمۈر رېشاتكىلار ئارقىلىق 7~8 بۆلەككە بۆلۈنگەن مۇستەھكەم ھەم چىرايلىق قوتانغا بوغاز ساغلىقلار، قوزىلىق قويلار، سۈتتىن ئايرىلغان پاقلانلار ۋە قوچقارلار ئايرىم ـ ئايرىم سولانغانىدى. خېرىدار مېھمانلار قويلارنى تۈرى بويىچە بىر ـ بىرلەپ كۆرۈپ، ئاخىرى قوچقار سولانغان ئايرىم قوتان ئالدىدا توختاشتى. ئاندىن مەكىت قويى ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە، تەبىئىي ھالدا قوچقارنىڭ ئەجدادى، (ئاتا ـ ئانىسى) قانچە ياش بولغانلىقى، ئادەم ئۇسۇيدىغان ـ ئۇسمەيدىغانلىقى... ھەققىدە سوراپ چىققاندىن كېيىن، رەسمىي سودىغا كىرىشتى:

— بازاردا بىر قوينى سودا قىلىشىپ بولغىچە، 50 ئادەم ئارىلىشىپ، قوي ئىگىسى بىلەن خېرىدار بىر چەتتە قالىدىغان ئىشلار بار. بۇ يەردە ئۇ سالاچىلار بولمىغاندىكىن، ئوچۇق ـ ئاشكارا سوراپ باققۇمىز كەلدى. قوچقارنى ئۆزلىرى قانچە پۇلغا ئالغانتىلە؟

— تېخى ئالدىنقى ئايدا 180 مىڭ كويغا ئالغان.

— قانچە پۇل پايدا بەرسەك بېرەلا؟

— مېنىڭغۇ قوچقارنى سېتىش خىيالىم يوق. ھەرقايسىلىرىغا ياراپ، ئېلىپ كەتكۈلىرى بولسا، قېنى ئۆزلىرى بىر نەرسە دېيىشىپ باقسىلا.

— ئاز دەپ قالساق رەنجىپ قالىلا، جىق دەۋەتسەك بىزگىمۇ ئېغىر كېلىدۇ. قوچقارغا 200 مىڭ كوي بەرسەك بېرەلەمدۇ؟

— كەم بولا. بايا دېدىم، ئەسلىدە...

— گەپلىرىنى تارتىۋالدىم، رەنجىمىسىلە، قوچقارغا 210 مىڭ كوي بېرىلى.

— كەم بولا.

— بوپتۇ، 220 مىڭ بولسۇن.

— كەم بولا.

— يەنە 10 مىڭنى قاتساقچۇ؟

— كەم بولا.

ئوغلانجان ھەربىر «كەم بولا» دېگەندە، خېرىدارلار 10 مىڭ يۈەندىن قوشۇۋەردى. شۇنداق قىلىپ قوچقار ئاخىرى 300 مىڭ يۈەنگە چىققاندا ئىككى تەرەپ سودىدا پۈتۈشۈپ، قول قىقىشتى. خېرىدارلار ھويلىدىكى چوڭ سىېدىنىڭ سايىسىغا توختىتىلغان كارۋاتقا كېلىپ ئولتۇرۇپ، پۇل ساناشقا كىرىشتى. بىر ھازادىن كېيىن، 100 يۈەنلىكتىن 30 باغلام پۇلنى قاتار قىلدى-دە، ئارىدىن بىرى ئوغلانجانغا دېدى:

— پۇل مانا تەييار بولدى. ئەمما بۇ بىرەر-ئىككى مىڭ ياكى 10~20 مىڭ كويلۇق قوينىڭ سودىسى ئەمەس. 300 مىڭ كويلۇق سودا دېگەننىڭ ئۆزىگە يارىشا قەدىر-قىممىتى بولمىسا بولماس. مانا ماۋۇ 200 مىڭ كوينى ھازىر بېرىمىز. ماۋۇ 100 مىڭ كوينى داستىخان ئۈستىدە ئۆيدە بېرىمىز. شۇڭا ئۆزلىرىنى جۈمە كۈنى ئائىلەتكە بېرىپ، ئۆيىمىزدە مېھمان بولغاچ، قالغان پۇلنى ئېلىۋېلىشقا تەكلىپ قىلىمىز...

ئوغلانجان خېرىدار مېھمانلارنىڭ بۇ چىرايلىق تەكەللۇپلىرى ئالدىدا، دەمالىققا نېمە دېيىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. قولىدىكى سىگارىتنى بىر شوراپ قويۇپ، ئۆي تەرەپكە قاراپ ئۈنلۈك دېدى:

— ھەي باللا، نېمانداق يوق بولۇپ كېتىسىلە؟! چاي-پاي ئېچىقىلا!

— بولدى، بۈگۈن كايىشمايلى. تېخى چاي-پاينىمۇ قانغۇچە ئىچىشىۋالارمىز... ھە راست، جۈمە كۈنى بارغاندا ئۆزلىرى يالغۇز بارماي، ئەل-ئاغىنىلەردىن 10~20نى بىللە ئېلىپ بارسىلا. بۇ چاقچاق گەپ ئەمەس، رەسمىي تەكلىپ.

ئۇلار شۇنداق دەپ، كۆرپە ئۈستىدىكى پۇلدىن 10 باغلامنى ئېلىپ سومكىغا سالدى-دە، ئورنىدىن تۇرۇشۇپ، قوچقارنىڭ يېنىغا ماڭدى. ئوغلانجان كۆرپە ئۈستىدىكى 20 باغلام پۇلغا بىر قاراپ قويۇپ، خېرىدار مېھمانلار بىلەن قوچقارنىڭ يېنىغا باردى ۋە قوتاننىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ئېھتىيات بىلەن قوچقارنى تۇتتى. خېرىدار مېھمانلار كۆز مونچاق قويۇپ ئالاھىدە ئىشلەنگەن بويۇنچۇقنى سومكىسىدىن ئېلىپ، قوچقارنىڭ بوينىغا سالدى ۋە يېتىلەپ ئاپىرىپ كىچىك كوزۇپلۇق ماشىنىنىڭ ئارقىسىغا چىقىرىپ، ئوغلانجان بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قېلىشتى.

ئوغلانجان جۈمە كۈنى كەلگىچە قوي بېقىشقا قىزىققان بۇرادەرلىرىدىن 10~20گە خەۋەر قىلدى. جۈمە كۈنى 6 كىچىك ماشىنىدا 30 نەچچە ئادەم يولغا چىقىپ، بىرەر سائەتلەردىن كېيىن ئائىلەت يېزىسىغا يېتىپ بولۇشتى. خېرىدار مېھمانلار ئەمدى ساھىبخانىغا ئايلىنىپ، ئوغلانجان باشلاپ كەلگەن مېھمانلارنى باغقا باشلىدى. ئالما، ئانار، شاپتۇل، توغاچ، بادام، ياڭاق، قوغۇن، تاۋۇز... قاتارلىق يەرلىك مېۋىلەرگە تولدۇرۇۋېتىلگەن داستىخانغا پولو-لەڭمەنلەر ئېلىپ چىقىلغاندا، قويغىلى جاي تېپىلماي قالغاندى. يەپ-ئىچىش ئاخىرلاشقاندا ساھىبخانىلار ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ، يۈز يۈەنلىكتىن 10 باغلام پۇلنى داستىخانغا قويدى. ئوغلانجان تۆزۈت-تەكەللۇپلار بىلەن پۇلنى ئېلىپ سومكىغا سالغاچ، يېنىدىكىلەر بىلەن قىسقىچە قولاقدىشىپ پىچىرلاشتى. مەسلىھەت پىشقاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىززەت بىلەن جاكارلىدى:

— بۈگۈن مەكىتتىن چىققان مېھمانلار ئائىلەتتە كاتتا مېھمان بولۇپ، مەمنۇنىيەت تۇيغۇسىغا چۆمۈلدۇق. مەن مەكىتتىن كەلگەن بارلىق مېھمانلارغا ۋاكالىتەن، مۇشۇ سورۇننى راسلىغان بارلىق ساھىبخانىلارنى مەكىتكە مېھمان بولۇپ بېرىشقا تەكلىپ قىلىمەن. ۋاقىتنى ھەرقايسىلىرى مەسلىھەتلىشىپ ئۆزلىرى بېكىتىشسىلە. ئەڭ ياخشىسى، ئالدىمىزدىكى ھەپتە ئىچىدە بولسۇن. مېڭىشتىن بۇرۇن بىزگە خەۋەر بېرىۋېتىشسىلە، ئالدىلىرىغا چىقىمىز...

ئوغلانجانلار خوشلىشىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەتىسى بۇرادەرلەر قايتا يىغىلىپ، كېلىدىغان مېھمانلارنى قانداق كۈتۈش ھەققىدە مەسلىھەت قىلىشتى.

— پەرىزىمچە،— دېدى ئارىدىن بىرەيلەن گەپ باشلاپ،— ئۇلار كەلسە 30~40تىن كەم قالمايدۇ. 30~40 ئادەمنى كۆڭۈلدىكىدەك ئۈزىتىش ئۈچۈن ئاز دېگەندىمۇ نەچچە مىڭ كوي كېتىدۇ. شۇڭا چىقىمنى ئائىلەتكە مېھمان بولۇپ بارغانلا تەڭ كۆتۈرەيلى...

— ھەرقايسىلىرىنى ئائىلەتكە مەن باشلاپ بارغان،— دېدى ئوغلانجان گەپكە ئارىلىشىپ،— ئائىلەتلىك مېھمانلارنىمۇ مەن تەكلىپ قىلدىم. ھەرقايسىلىرىغا سىلىق سالمايمەن...

— بۇ سىلىق ئەمەس، مېھمان بولۇشتىمۇ تەڭ بولغاندىكىن، ساھىبخانىلىقنىمۇ تەڭ قىلمىساق بولمايدۇ.

— ساھىبخانىلىقنى تەڭ قىلىمىز. بولمىسا 30~40 ئادەمنى مەن يالغۇز قانداق ئۈزىتىمەن؟ ئەمما چىقىمغا مەن ئىگە، ھەرقانچە پۇل كەتسە «بىر كەم بولا»نىڭ پۇلى كېتەر؟ قوچقارنى مەن ساتتىم. ھەربىر قېتىم «كەم بولا» دېگەندە 10 مىڭدىن قوشۇلدى. ئاشۇ «كەم بولا»لارنىڭ بىرىنىڭ پۇلنى خەجلەپ قويسام ھېچ گەپ ئەمەس.

تالاش-تارتىش شۇنىڭ بىلەن بېسىلدى. ئارىدىن 4 كۈن ئۆتكەندە، ئائىلەتتىكى مېھمانلاردىن خەۋەر كەلدى. ئوغلانجان ۋە ئۇنىڭ بۇرادەرلىرى جىددىي

تەييارلىققا كىرىشتى.

بۇ يەردە داستىخانغا تارتىلغان تاماق تۈرلىرى، تىزىلغان مېۋە-چېۋە، پۈتۈن پېتى پوشۇرۇلۇپ داستىخانغىمۇ شۇ پېتى ئېلىپ چىقىلىدىغان «بىر پىيالە چاي» دەپ ئاتىلىدىغان قوي گۆشى ۋە باشقىلارنى بىر-بىرلەپ يېزىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك. ئەمما تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، مېھمانلار قايتقاندىن كېيىن چىقىمنى ھېسابلاپ كۆرگەندە، راستىنلا «بىر كەم بولا»نىڭ پۇلى سەرپ قىلىنغانلىقى، يەنى جەمئىي 9 مىڭ 800 يۈەن ئىشلىتىلگەنلىكى مەلۇم بولدى.

ئىككىنچى كۆرۈنۈش: «ئۆزلىرى ساناپ باقسىلا»
2009-يىلى، قىش.

«سانتانا» ماركىلىق بىر پىكاپ مەكىت ناھىيەسىنىڭ يەكشەنبىلىك مال بازىرى سىرتىدىكى كوچىدا داۋزىنىڭ يېنىدا توختىدى-دە، بىرى ئېگىز بويلۇق، ئورۇق، ئاقسېرىق كەلگەن؛ يەنە بىرى ئوتتۇرا بوي سېمىزغىنا ئىككى ئادەم ماشىنىدىن چۈشۈۋېتىپ، شوپۇرغا ئالىنىپمىلەرنى تاپىلىدى. ئاندىن چاڭ-توزان توزۇپ تۇرغان كوچىدا تۇتۇپ تۇرۇلغان قويلار تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپى قوي ئېلىپ كەلگەن ھارۋا، سوپەك ۋە ئۈچ چاقلىق توكلۇق موتوسىكلىتلار بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا ھەرخىل قوي ۋە قوي تۇتۇپ تۇرۇشقان سانجاق-سانجاق ئادەملەر خېرىدار كۈتۈپ تۇرۇشاتتى.

سانتانادىن چۈشكەن ئىككى ئادەم، بورۇننى ئېچىشتۇرىدىغان چاڭ-توزانغا ۋە پىيادە ئادەم تەستە ئۆتىدىغان قىستاڭچىلىققا چىداپ، قويلارنى بىر-بىرلەپ تەپسىلىي كۆرۈپ، كوچىنىڭ يەنە بىر بېشىغا چىققاندىن كېيىن، تەخمىنەن بەش مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كىلەك① يېنىدا كىچىك ئورۇندۇقتا چايان قۇيرۇقى قىلىپ ئورىغان موخوركىسىنى شوراپ ئولتۇرغان بىر ئادەمدىن سورىدى:

— قوي بازىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇمۇ، ياكى يەنە باشقا بازارمۇ بارمۇ؟

— بار، ئەسلى قوي بازىرى ئاۋۇ داۋزىنىڭ ئىچىدە ئىدى. كېيىنچە قوي بازىرى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. «ئىچىدە كىسەك ئالتۇن بار قوي»لار ئاشۇ بازار ئىچىدە سېتىلىدۇ. بۇ كوچىدا ئىچىدە ماياق بار ئەزان قويلار سېتىلىدۇ...

— مۇنداق دەڭ،— دېدى سانتانادىن چۈشكەن ئادەم مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ.

ئۇ بايىقى سۆزدىن داڭلىق، قىممەت قويلارنىڭ مال بازىرى ئىچىدە، ئادەتتىكى ئەرزانراق قويلارنىڭ مال بازىرى سىرتىدىكى بۇ كوچىدا سېتىلىدىغانلىقىنى چۈشەندى بولغاي، ھەمراھى بىلەن ئۇدۇل داۋزا تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

داۋزا ئىچىدىكى قوي بازىرىدا ھەقىقەتەن بىر-بىرىدىن خىل قويلارنى كۆرۈپ، ئۇلارنى تەپسىلىي كۆزىتىشكە كىرىشتى. قويلارنى كۆزىتىش بىلەن بىرگە، ئانچە-مۇنچە بولۇۋاتقان سودىغىمۇ دىققەت قىلىپ، باھا ئامىللىرىنى چۈشىنىشكە تىرىشتى. ئىككى سائەتچە كۆزەتكەندىن كېيىن، كىشىلەر «ياسىن دېھقان» دەپ ئاتاۋاتقان بوغداي ئۆڭلۈك بىر يىگىتتىن سورىدى:

— بىز ئاقسۇدىن مەكىت قويى ئالغىلى كەلگەندۇق. بوي-تۇرقى، رەڭگى، يېشى بىر-بىرىگە يەر كېلىدىغان 10 قوي ئالايلى دېسەك، بىر قوتاندىن چىقمايدىكەن. باشقا قوتانلاردىن بىر-بىرلەپ تاللاپ، سودا قىلىپ بولغىچە كۈن كەچ بولۇپ كەتكۇدەك. شۇڭا بىر ئادەمنىڭ بىز ئۈمىد قىلغان 10 قويى بولسا، شۇنى بىراقلا دېيىشىپ سېتىۋېلىپ كەتسەك ياخشى بولاتتى. شۇنداق قويى بار ئادەم تېپىلارمۇ؟

— تېپىلىدۇ. ھەرقايسىلىرىمۇ ھەقچان «شېھىتدۆڭ» دېگەن يېزىدىن ئۆتۈپ كېلىشتىلە. شۇ يېزىدا تۇرسۇنيار دەپ ئاتىلىدىغان بىر قويچى بار. شۇنىڭ قوتىنىدىن بىر-بىرىگە يەر كەلگۈدەك 10 قوي تاپالايلا.

سانتانادىن چۈشكەن ئىككى ئادەم يەنە سانتاناغا چىقىپ، كەلگەن يولى بىلەن ئارقىسىغا ياندى. يېرىم سائەتلەردىن كېيىن شېھىتدۆڭ يېزىسىغا يېتىپ كېلىپ، كىشىلەردىن سوراپ تۇرسۇنيارنىڭ ئۆيىنى تاپتى ۋە كۆرۈشۈپ مەقسەت-مۇددىئاسىنى بايان قىلىشتى.

— ئاۋۋال ئۆيگە كىرىلى،— دېدى تۇرسۇنيار ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولۇپ،— كونىلارمۇ ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام، دەپتىكەن...

— رەھمەت، ئاۋۋال قويلارنى بىر كۆرەيلى. دىتىمىزغا يېقىپ قالسا، سودىدا كېلىشىپ قالساق، قالغان گەپنى ئۆيگە كىرىپ داستىخان ئۈستىدە قىلىشارمىز.

ئۇلار كەڭرى كەتكەن دېھقان ھويلىسىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى قىشلىق قوتانغا كىرىشتى. چوڭ-كىچىك 30دىن ئارتۇق قوي جىمجىت كۆشەپ ياتاتتى. تۇرسۇنيار خېرىدارلارنىڭ ئېنىق كۆرۈشى ئۈچۈن قويلارنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، قايسى قوي قانچە ياش، قايسى پاقلان قايسى قوچقارنىڭ بالىسى... ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى. خېرىدار مېھمانلار دىتىغا ياققان قويلارنى بىر-بىرلەپ ساناپ، 9 قويىنى رەڭلەپ

① كىلەك — بىر ئاغامچا بىلەن 10~20 قويىنى قاتارى باغلايدىغان يەرلىك ئۇسۇل.

بولۇپ، قوتاندىن چىقىشتى. تۇرسۇنيار قولىغا سۇ بېرىپ، ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدى ۋە داستىخان سېلىپ چاي قۇيدى. خېرىدار مېھمانلار تاماقنى يەپ بولۇپلا، شوپۇر ماشىنىدىن ئېلىپ كىرگەن چوڭ قارا سومكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، 100 يۈەنلىك باغلام-باغلام پۇللارنى داستىخانغا تىزدى، ئاندىن:

— بايا قوتاندا رەڭلىگەن 9 قويغا مۇشۇ پۇلنى ئاتىدۇق. رازىمۇ سىلە؟— دەپ سورىدى.

— پۇلنىڭ سانىنى ئۇقالمىدىم... قانچە پۇل بۇ؟— دېدى تۇرسۇنيارمۇ ئۇلاردىن ياندۇرۇپ سوراپ.

— ئۆزلىرى ساناپ باقسىلا.

تۇرسۇنيار 100 يۈەنلىك پۇلدىن 150 باغلامنى ساناپ، يەنە داستىخان ئۈستىگە قويدى ۋە كۆڭلىدە ھېسابلاپ باققاندىن كېيىن:

— بوپتۇ، مەن رازى،— دېدى.

ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ھېسابى بويىچە بولغاندا، قويلىرىنىڭ ئالدىنى 150 مىڭ يۈەنگە، ئوتتۇرىغا يەتمەيدىغانلىرىنىمۇ 50—60 مىڭ يۈەنگە ساتقىلى بولاتتى. شۇڭا 9 قوي 1 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە بىراقلا سېتىلسا، ئوتتۇرىچە ھېسابىمۇ 160 مىڭ يۈەندىن ئاشقاچقا، يەنە باھا تالىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى يوق ئىدى.

3-كۆرۈنۈش: قويغا-قوي

2010-يىلى، باش ئەتىياز.

ئالتە ئاي ئىلگىرى 30 مىڭ يۈەنگە ساتقان قويىنىڭ پۇلىنى بەش قېتىم بېرىپمۇ ئالالماي كەلگەن ئەمرجان، بۈگۈن يا ئۇيان، يا بۇيان بولۇپ كېلىش نىيىتىگە كېلىپ، موتوسىكلىتىغا مىندى-دە، ئۇدۇل «ھاشىم مەرەم»نىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

— خاپا بولماي يەنە بىر ھەپتە تۇرۇپ تۇرسىلا،— دېدى ھاشىم مەرەم ئەمرجان بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپلا،— سىلىمۇ بىلمەيدىغان يەردە ئەمەس. قوي باھاسى چۈشۈپ كېتىپ، 3~4 يۈز مىڭ كوي زىيان تارتتىم. ئۆزۈمنى سەل ئوڭشىۋېلىپ، ئالدىلىرىغا ئۆزۈم بارىمەن.

— قوي باھاسىنىڭ چۈشۈپ كەتكىنىدىن خەۋىرىم بار،— دېدى ئەمرجان قاپىقىنىمۇ ئاچماستىن،— مەنمۇ 90 مىڭ كويلۇق قويىنى سىلىگە 30 مىڭغا بەرگەن. قويىنى ئالغاندا، «پۇلنى ئۆزۈمنى ئوڭشىۋېلىپ بېرىمەن» دېگەن بولسىلا، مەنمۇ مۇنچە كېلىپ ئاۋارە بولمايتتىم. ھەر قېتىم كەلسەم «بىر ھەپتە تەخىر قىلسىلا» دەيلا. بىر ئاي تەخىر قىلىپ كەلسەم، يەنە شۇ گەپ تەكرارلىنىدۇ...

— بولدى، بولدى، ئەتىگەندە سۆزلەۋەرمىسىلە. مەن سىلىدىن ئالتۇن-تىللا ئالمىدىم، قوي ئالدىم، قوي! قوي دېگەن مېنىڭ قوتىنىمدىمۇ بار. بەك ئالدىرىسىلا سىلىمۇ قوي ئېلىپ كەتسىلە بولىدۇ.

— بولدى، قويغا-قوي تېگىشىپ يۈرگىچە، ئۆزۈمنىڭ قويىنى ئېلىپ كەتسەملا بولمامدىمۇ؟!

— ئۆزلىرىنىڭ ئۇ قويلىرى ئاللىقاچان سېتىلىپ كەتكەن، بولمىسا مەنمۇ مانا قويلىرى دەپ ئەچىقىپ بېرەتتىم...

— ...

ئۇلار يەنە بىر ھازا تەگەشكەندىن كېيىن، ئەمرجانىنىڭ نەق پۇل ئېلىشقا كۆزى يەتمەي، قوي بولسىمۇ ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن قوتانغا كىردى. ئوقۇرغا بېشىنى تىقىۋېلىپ ھەلەپ يەۋاتقان قويلارغا بىر-بىرلەپ سەپسېلىپ چىققاندىن كېيىن، ئاخىرى بوغازلىقى بىلىنەشكەن بىر ساغلىقنى تاللاپ:

— بوي-تۇرقىمۇ، يېشىمۇ مەن بەرگەن قويغا تەڭ كېلىدىكەن، قويغا-قوي بېرىدىغان ئىشلىرى بولسا، مۇشۇ قويىنى ئېلىپ كېتەي،— دېدى.

— بۇ قويىنىڭ يېشى، بوي-تۇرقى تەڭ كەلگەن بىلەن، سىلىنىڭ قوي قىسى ئىدى. بۇ قوي بوغاز، يەنە بىر ئايدا تۇغىدۇ. ناۋادا مۇشۇ قويىنى ئەكېتىمەن دېسىلە، ئۈستىدىن 5 مىڭ كوي بېرىپ ئەكەتسىلە.

ئەمرجان ھاشىم مەرەمنىڭ 30 مىڭ كويغا ئالغان قويىنى ھېچ بولمىغاندا 5~6 مىڭ كوي پايدىسىغا ساتمىسا، قەتئىي ساتمايدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، لېكىن بۇ گەپلەرنى تىلغا ئالسا يەنە تەگىشىپ ئۇرۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇ ھەقتە ئېغىز ئاچماي، قويى ئۈستىدىن بېرىدىغان پۇلنى كەمەيتىشكە تىرىشتى. بىرھازا باھا تالاشقاندىن كېيىن، 4 مىڭ كوي بېرىپ، ھاشىم مەرەمنىڭ بوغاز قويىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

دېگەندەك، ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە قوي ئىككىنى قوزىلىدى. قوزىلارنىڭ بىرى ئەركەك، بىرى چىشى بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى قويچىلارنىڭ نەزىرىدىكى ئۆلچەمگە شەرتسىز توشاتتى. قوزىلار بىر ھەپتىلىك بولغاندا، قويچىلار تۇشىمۇ تۇشتىن ئېغىلغا كىرىپ كۆرۈشۈپ، قويىنىڭ باھاسىنى 80 مىڭ يۈەنگە چىقاردى. بۇنى ئاڭلىغان ھاشىم مەرەم تۇرالمايلا قالدى. دادىسىنىڭ ئېچى تىتىلداپ تۇرالماي قىلىۋاتقىنىنى كۆرگەن باللىرى قويىنى ياندۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئەمرجانىنىڭ ئۆيىگىمۇ باردى. ئىككى تەرەپ دەسلەپتە چىرايلىق سۆزلەشتى. كېيىن قىزىرىشىپ تىللاشتى. ئاخىرىدا ھەتتا كالتەك-چوماق كۆتۈرۈشۈپ كالتە جەڭمۇ قىلىشتى. ئەمما ئەتراپتىكى قولۇم-قوشنىلار جېدەلنى بېسىقتۇرۇپ، ھەر ئىككى تەرەپكە تەسەللى بەردى. نەتىجە شۇ بولدىكى، بۇ يەردىكى كىشلەرنىڭ

ئاغزىدىكى «تاياق پىششىق ئاش» دېگەن تەمسىل ئەمەلىيلىشىپ، ھەركىمنىڭ يېگەن تايىقى ئۆزىگە بولدى. قوي ۋە ئۇنىڭ بىر جۈپ قوزىسى ئەمرجانغا قالدى.

بىراق «تالاشقانغا قالدىغىنى تاغىل تاش» دېگەندەك، قوزىلار 3~4 ئايلىق بولۇپ، قوچقار پاقلان 120 مىڭ يۈەنگە چىققاندا، تۇيۇقسىز سىيەلمەيدىغان كېسەل بولۇپ قېلىپ، نەچچە كۈن داۋالىتىپمۇ ساقىيىشقا كۆزى يەتمىگەن ئەمرجان، لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ بوغۇزلىۋەتتى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا: «يۈز مىڭ كويلۇق پاقلاننىڭ گۆشى قانداق بولىدۇ، يەپ تېتىپ بېقىڭلا» دەپ ئۈلەشتۈرۈپ بەردى.

4-كۆرۈنۈش: قورساقتىكى قوزىنى سېتىش.

2010-يىلى، ئەتىياز.


رەھىم ھاجى قوي باققان 5 يىلدىن بۇيان شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما 10 مىڭ كويغا بىر قوي سېتىپ باقمىغانىدى. باشقىلارنىڭ بىر قوينى 100 مىڭ، ھەتتا نەچچە مىليونغا ساتقىنىنى ئاڭلىسا ئىچى ئېچىشاتتى. ئۇيان ئويلاپ-بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى ساغلىقنى ئەڭ داڭلىق قوچقارغا قويۇش نىيىتىگە كەلدى. چۈنكى مەيلى بازاردا، مەيلى قوتاندا بولسۇن، داڭلىق قوچقاردىن چۈشكەن پاقلانلارنى ئوخشاش دەرىجىدىكى باشقا پاقلانلاردىن نەچچە يۈزمىڭ كوي ئارتۇق ئالاتتى.

ئۇ قويچىلار بىلەن ئارىلىشىش داۋامىدا، مەنناپ قارىمنىڭ قوچقىرىنىڭ ئەڭ داڭلىق بولۇپ، 7 مىليون يۈەنگە چىققانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. شۇڭا بۇ قېتىم بىرەر ساغلىقى قوچقارغا چۈشسە، چوقۇم مەنناپ قارىمنىڭكىگە ئاپىرىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ساغلىقلىرىغا مايلىق پىنسلىن ئوكۇللىرىنى ئۇرۇش ۋە زاپاس سۈرگۈن قوچقارلارنى سەپلەش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، قوچقارغا چۈشۈشنى تېزلىتىشكە تىرىشتى. تىرىشىشنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلۈپ، 15 كۈندىن كېيىن بىر ساغلىقى قوچقارغا چۈشتى. رەھىم ھاجى ھېچ بولمىغاندا پۇلغا زورلاپ بولسىمۇ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، يېنىغا 5 مىڭ كوي پۇلنى سېلىپ، قوي توشۇيدىغان بىر ئارا ماشىنىنى كىرا قىلىپ مەنناپ قارىمنىڭكىگە باردى.

— يىراق يەردىن كەپلە، — دېدى مەنناپ قارىم رەھىم ھاجىنىڭ ئۆتۈنۈشلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ، — ياق دېسەم كۆڭۈللىرى رەنجىيدۇ. پۇل ئالسام شەرىئەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇڭا مۇنداق قىلىلى: قويلىرىنى مەن ھازىر نەق پۇل بېرىپ سېتىۋالاي. ئاندىن قوچقارغا قويۇپ، قويلىرىمغا قوشۇپ بېقىپ تۇراي. سىلى ئۈچ ئايدىن كېيىن كەلسىلە. ساغلىقنىڭ تۇتال بولغان-بولمىغانلىقى شۇ چاغدا رەسمىي ئايرىلىدۇ. ناۋادا تۇتال بولغان بولسا، قوينى قايتا سودا قىلىپ سېتىۋېلىپ ئېلىپ كەتسىلە بولىدۇ. تۇتال بولمىغان بولسا، شۇ چاغدا ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ بىر ئىش قىلمايمىزمۇ؟...

رەھىم ھاجى بۇنىڭدىن باشقا ياخشى ئامال يوقلۇقىغا كۆزى يېتىپ، مەنناپ قارىمنىڭ دېگىنىگە كۆنۈشكە مەجبۇر بولدى، ھەمدە بازاردىن 3 مىڭ كويغا سېتىۋالغان ساغلىقنى مەنناپ قارىمغا يەنە شۇ پۇلغا سېتىپ، 3 ئايدىن كېيىن كېلىشكە كېلىشىپ قايتىپ كەتتى.

كۈن ئۆتۈپ، ھەپتە ئۆتۈپ 3 ئايمۇ توشتى. رەھىم ھاجى يەنە ماشىنا كىرا قىلىپ، مەنناپ قارىمنىڭكىگە باردى. بىر قوتانغا سولىۋەتكەن



30—40چە بوغاز قويلار ئارىسىدىن ئۆزىنىڭ قويىنى تەستە تونۇپ تۇتۇپ چىقتى. دېگەندەك قويىنىڭ بوغازلىقى بىلىنىشىپ، يىلىنلىرى ئالىقانغا چىققۇدەك ئېسىلىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە ساغلىقنىڭ تۇغۇۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ، قولاقلىرى يەلپۈگۈچتەك، قاڭشىرى قارچىغىنىڭ ئىلمەك تۇمشۇقىدەك، پاچاقلىرى كېيىكنىڭكىدەك ئۆزۈن بىر قوزا نامايان بولۇپ، چىرايىغا كۈلكە ياماشتى. بىراق مەنناپ قارىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، قاپاقلىرى تۈرۈلدى:

— باشقا ئادەم بولسا 50 مىڭ كوي دەيتتىم، سىلى 30 مىڭ كوي بېرىپ قوينى ئېلىپ كەتسىلە بولىدۇ.

— 3 مىڭ كويلۇق قويغا ھەرقانچە قوشۇلسا 10 مىڭ كوي قوشۇلار دەپ، شۇنچىلىك پۇل ئېلىپ كەپتىكەنمەن. 15 مىڭ كوي بەرسەم بولماسمۇ؟

— سىلىنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىرى ماڭا ئايان. ھەقچان «ئۆزۈمنىڭ 3 مىڭ كويلۇق قويىنى ئۆزۈمگە 30 مىڭ كويغا ساتامدۇ؟» دەپ ئىدىيەلىرىدىن ئۆتمەيۋاتىدۇ. راست گەپنى دېسەم، قويلىرىنىڭ 70 مىڭ كويغا خېرىدارى بار. ئەگەر سىلىگە ئېغىر كەلگۈدەك بولسا، قويلىرىنى 30 مىڭ كويغا ئۆزۈم ئېلىپ قېلىپ، بىرلا تېلېفون قىلسام، خېرىدارى كېلىپ ئەكېتىدۇ. ئارىدىن ماڭا يەنە 40 مىڭ كوي پايدا چىقىدۇ. قالغىنىنى ئۆزلىرى ئويلاپ باقسىلا، قويىنى ئەكېتەي دېسىلە، گەپ بايىقى شۇ. ياق، ماڭا ئېغىر كېلىدىكەن، قوي سىلىگە قالسۇن دېسىلە، ھازىرلا ئۆيىدىن 30 مىڭ كوي ئەچىقىپ بېرىمەن.

رەھىم ھاجى يەنە گەپ قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. بىراق مەنناپ قارىم دېگەن ھەقنى تۆلەشكە يېنىدىكى پۇلى يەتمەيتتى. شۇڭا بىر كۈنلۈك مۆھلەت تىلەپ ئارقىسىغا ياندى ۋە ئۆيىگە بېرىپ كېچىچە ئۇرۇق-تۇغقانلاردىن پۇل سوراپ 30 مىڭ كوينى نەقلەپ، ئەتىسى بېرىپ قويىنى ياندۇرۇپ كەلدى.

ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندە، رەھىم ھاجىنىڭ ساغلىقى تۆم قارا قوزىدىن بىرنى تۇغدى. بۇ كۈنلەردە قارا باش، قارا قۇيرۇق، قارا بىقىن قويلار مودا بولۇۋاتقاچقا، رەھىم ھاجىنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى. قويچىلارمۇ تۇشمۇ تۇشتىن كېلىپ قوزىنى كۆرۈپ كېتىشەتتى. قوزىنى كۆرگىلى كەلگەنلەر ئەلۋەتتە باھا قويۇپ تالىشىپ باقاتتى. دەسلەپىدە 50 مىڭدىن باشلانغان باھا، ھەرھەپتىدە نەچچە 10 مىڭدىن ئۆسۈپ، قوزا 3 ئايلىق بولغاندا 120 مىڭ كويغا چىقىپ توختىدى. ئۆيدىكىلەر سېتىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. لېكىن رەھىم ھاجىنىڭ ساتقۇسى يوق ئىدى. چۈنكى پاقلاننىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇنىڭ قوتىنىغا كېلىدىغانلارمۇ كۆپىيىپ، «رەھىم ھاجى» دېگەن بۇ نام يىراق-يېقىنلارغا تارىلىشقا باشلىغانىدى...

5-كۆرۈنۈش: ئۆز قويىنى ئۆزى ئېلىش

2010-يىلى قىش.

قوي بېقىپ كېلىۋاتقان 5~10 يىلدىن بۇيان، كىمنىڭ داڭلىق قوچقىرى بولسا شۇنىڭ بىلەن يېقىنلىشىپ، ساغلىقلىرى قوچقارغا چۈشكەن ھامان ئاپىرىپ ئۇرۇقلاندۇرۇپ، پاقلانلارنى داڭلىق قوچقارنىڭ بالىسى دەپ داڭلاپ سېتىپ پايدا ئېلىپ كەلگەن مەخمۇت چەلەڭ مەنناپ قارىمنىڭ قوچقىرىنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، ساغلىقىنى شۇ يەرگە ئاپىرىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مەنناپ قارىمنىڭ قوچقارغا چۈشكەن ساغلىقلارنى ئەرزان سېتىۋېلىپ، قوچقارغا قويۇپ بولغاندىن كېيىن باھانى ئون نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ قىممەت ساتىدىغانلىقىنى، بۇنىڭغا ئۇنىمسا، قوچقارغا قويۇپ بەرمەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، بۇ ئىشتىنمۇ يالتىيىپ قالدى.

ئەمما تېزرەك چارە تاپمىسا بولمايتتى. چۈنكى ساغلىقلىرىنىڭ قوچقارغا چۈشىدىغان ۋاقتى يېقىنلاپ قالغان بولۇپ، ناۋادا ۋاقتىدا قوچقارغا قويالمىسا، تۆل ئالالمايتتى. تۆل ئالالمىسا پاقلانلارنى ساتالمايتتى. پاقلان ساتالمىسا قوي بېقىشتىن زىيان چىقاتتى. شۇڭا ئۇ كېچە-كېچىلەپ باش قاتۇرۇپ، ئاخىرى بىر چارە تاپتى-دە، ئۇدۇل مۆمىن مىرابنىڭ قوتىنىغا باردى. چۈنكى مۆمىن مىراب كىشىگە يامانلىقى يوق، ھالال ياشايدىغان ئاق كۆڭۈل ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ قوچقىرىمۇ داڭ چىقىرىپ، 600 مىڭ يۈەنگە سېتىلمىغانىدى.

مەخمۇت چەلەڭ گاھىدا يىلىنغاندەك، گاھىدا رەنجىگەندەك قىياپەتتە سۆزلەپ، نەچچە سائەت ھەپىلىشىپ مۆمىن مىرابنى زېرىكتۈرگەندىن كېيىن، دىۋاندەك سازا قىلىپ يۈرۈپ قوچقارنى 610 مىڭ يۈەنگە ئالغان بولدى. قايتا-قايتا قول قېيىشىپ، ئالدىن 10 مىڭ يۈەننى بەردى-دە، قالغان پۇلنى بىر ھەپتە ئىچىدە ئەكىلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلىپ، قوچقارنى ئېلىپ كەتتى. مۆمىن مىراب بىر ئاي ساقلاپ، ئاخىرى مەخمۇت چەلەڭنىڭ ئۆيىگە بالىسىنى ئەۋەتتى. «خاپا بولماي يەنە بىر ھەپتە مۆھلەت بەرسە...» دەيدۇ، دەپ كەلدى بالىسى. يەنە بىرئاينى ئۆتكۈزۈپ مۆمىن مىراب ئۆزى باردى.

— ۋاي كەلسىلە، — دېدى مەخمۇت چەلەڭ ساختا ھجىيىپ، — راست گەپنى دېسەم، 600 مىڭ كوينى نەقلىمەك ئاسان ئەمەسكەن، ئامالىنى قىلىۋاتىمەن. رەنجىمەي مۆھلەتنى يەنە بىر ھەپتە ئۇزارتىپ بەرگەن بولسىلا...

مۆمىن مىراپ كۆڭلىدە ئۇنىڭ ساختا ۋەدىسىگە ئىشەنمىگەن بولسىمۇ، ئامالسىز ھالدا مۆھلەتنى ئاخىرقى قېتىم يەنە بىر ھەپتە ئۇزارتىشقا قوشۇلۇپ قايتىپ كەتتى. بىر ھەپتە توشقاندىن كېيىن، يەنە 3 كۈن ئارتۇق ساقلاپ بېقىپ، ئاخىرى بولماي ئۆيىگە يەنە باردى. بۇ قېتىم مەخمۇت چەلەڭنىڭ كەيپىياتى ئۆزگىرىپ قالغان بولۇپ، مۆمىن مىرابنىمۇ رەسمىيەت يۈزىسىدىن سوغۇقلا قارشى ئالدى:

— كەلسىلە، — دېدى ئۇ قويلارنىڭ ئوقۇرىغا ھەلەپ تۆكۈۋېتىپ مۆمىن مىرابقا ئالدىنىمۇ قىلماستىن، — پۇلنى تەييار قىلالمىدىم.

— قانداق گەپ بۇ مەخمۇت ئاخۇن؟ — دېدى مۆمىن مىراب رەنجىپ، — ئۆز ۋاقتىدا «بىر ھەپتىلىك مۆھلەت بەرسىلە، سىلىنى كەلگىلى سالماي ئۆزۈم ئاپىرىپ بېرىمەن» دەپ...

— شۇنداق دېيىشنىغۇ دېگەن، لېكىن 600 مىڭ

كويىنى قاتار قىلماق ئۇنداق ئاسان ئەمەسكەن. پۇل ئالمەن دېسىلە يەنە بىر-ئىككى ئاي تۇرۇپ تۇرسىلا. بەك ئالدىرىسىلا، ئاينا قوچقار، يېتىلەپ كەتسىلىمۇ بولىۋېرىدۇ.

مۆمىن مىراپ مەخمۇت چەلەڭنىڭ مۇنچە تېز ئۆزگىرىپ قېلىشىدا چوقۇم بىرەر سەۋەب بارلىقىغا ئىشەنسىمۇ، لېكىن دەماللىققا ئۇ سەۋەبنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ئويلاپ تاپالمىدى. ئەمەلىيەتتە مەخمۇت چەلەڭنىڭ مەقسىتى ساغلىقلىرىنى قوچقارغا قويۇۋېلىش بولۇپ، مۆھلەتنى بىر ھەپتە-بىر ھەپتىدىن ئۇزارتىش ئارقىلىق 3 ئاي ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈۋالغان ئىدى. بۇ ئۈچ ئاي داۋامىدا ئۇ 4 ساغلىقىنى قوچقارغا قويۇپ بولدى. ئەمدى 600 مىڭ كويلۇق قوچقارنىڭ ئۇنچىغا كېرىكى قالمىغانىدى. ئۇنچىغا كېرىكى ئاشۇ داڭلىق قوچقاردىن چۈشىدىغان پاقلانلار بولۇپ، 4 ساغلىق ساق-سالامەت تۆللەپلا قالسا، ھەربىر پاقلاننى «مۆمىن مىرابنىڭ داڭلىق قوچقىرىنىڭ بالىسى» دەپ ماختاپ يۈرۈپ، نەچچە يۈز مىڭ كويدىن ساتالايتتى. پاقلانلارنىڭ بىرەرى قوچقار چىقىپ قالسا، 7~8 ئاي باقسىلا داڭلىق قوچقارغا ئايلىنىپ، قوي قوغلىغۇدەك بولۇپ قالاتتى. مەخمۇت چەلەڭ بۇ مەقسەتكە يېتىپ بولغاندىن كېيىن، ئەمدى مۆمىن مىرابنىڭ قوچقىرىنى قايتۇرۇۋېتىشنىڭ ئامالىنى ئىزدەۋاتاتتى.

مەخمۇت چەلەڭنىڭ ئىككى يۈزلىمچىلىكىدىن رەنجىگەن مۆمىن مىراپ، دەسلەپتە قوچقارنى قايتۇرۇپ كېتىش قارارىغا كېلىپ، ئۆيىگە بېرىپ مەخمۇت چەلەڭ ئالدىن بەرگەن 10 مىڭ كويىنى ئېلىپ كېلىشكە ماڭدى. يولدا كېتىۋېتىپ ئويلىنىپ قالدى: «قوچقارنى 610 مىڭ كويغا مەخمۇت چەلەڭ ئاپتۇ دېگەن گەپنى ھەممە ئادەم ئاڭلاپ كەتكەنىدى. ئەمدى ئۆزۈم قايتۇرۇپ چىقسام، خەقلەر مەخمۇت چەلەڭ يېنىۋاپتۇ، قوچقارنى 610 مىڭ كويغا ئالماپتۇ... دېگەن گەپلەر چىقىدۇ. بۇنداق گەپلەر تارالسا، دوست-دۈشمەننىڭ ئالدىدا ياخشى ئەمەس... قانداق قىلسام بولار؟...»

مۆمىن مىراب ئۆيىگە بارغۇچە ئۇنداق ئويلاپ-بۇنداق ئويلاپ، ئاخىرى بىر ئەقىل تاپتى-دە، ئۆيىگە كىرىپ، مەخمۇت چەلەڭ ئالدىن بەرگەن 10 مىڭ كويغا يەنە 10 مىڭ قوشۇپ قويۇن يانچۇقىغا سالدى. ئاندىن قويچى بۇرادەرلىرىدىن ئىككىنى يېنىغا چاقىرىپ، مەخمۇت چەلەڭنىڭ قوتىنىغا باردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — دېدى ئۇ ئۇچۇق چىراي ھالدا تەشەببۇسكارلىق بىلەن، — ئۆزلىرىنىڭ زىيان بىلەن تازا خۇشلىرى يوق. ئۆيگە باشلىسىلا چايغا زىيان بولمىسۇن، ئۇدۇل قوتانغا باشلىسىلا، سىلىگە پايدا بولىدىغان ئىشنى قىلىلى.

مەخمۇت چەلەڭ مۆمىن مىرابقا گەپتانلىق بىلەن جاۋاب بېرىپ ئۆيگە تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مۆمىن مىراپلار قوتانغا قاراپ مېڭىۋەردى. ئامالسىز ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭغان مەخمۇت چەلەڭ، مۆمىن مىرابنىڭ قوچقارنىڭ يېنىغا بېرىپ توختىغىنىغا دىققەت قىلدى.

— قوچقارنى 3 ئاي ئىلگىرى 610 مىڭ كويغا ئالغانتىلە، شۇنداقمۇ؟ — دېدى مۆمىن مىراب كۈلۈپ تۇرۇپ.

— شۇنداق، — دېدى مەخمۇت چەلەڭ ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىغان ھالدا.

— سىلىنى قوچقارنى ساتىدىكەن دەپ ئاڭلاپ، ماۋۇ بۇرادەرلەر بىلەن سودا قىلغىلى كەلدۇق. بايا چاقچاق قىلىپمۇ دېدىم، «سىلىنىڭ زىيان بىلەن خۇشلىرى يوق» دەپ. ئەمەلىيەتتىمۇ ھېچكىمنىڭ زىيان بىلەن خۇشى يوق. قوچقارغا 10 مىڭ كوي پايدا بېرىپ، 620 مىڭ كويغا ئۆزۈم ئالىمەن. مانا ماۋۇ 20 مىڭ كوي نەق پۇل. ساناپ باقسىلا.

— ھەرقانچە بولسىمۇ بىرەر پىيالە چاي ئىچىشىپ ماڭساڭلا؟ — دېدى مەخمۇت چەلەڭ ئۇلارنىڭ كەينىدىن چىقىۋېتىپ.

— خوش! چايىنىمۇ يەنە ئىچىشىۋالارمىز...

ئۇلار شۇنداق دېگىنىچە ئارقىسىغىمۇ قاراپ قويماستىن چىقىپ كېتىشتى. مەخمۇت چەلەڭ 4 ساغلىقىنى قوچقارغا قويۇۋالغانىنىڭ ئۈستىگە، 10 مىڭ كوي پايدا ئالغىنىغا، مۆمىن مىراپ بولسا، «قوچقىرىنى ئالماپتۇ، يېنىۋاپتۇ...» دېگەندەك سۆزلەردىن قۇتۇلۇپ قوچقىرىنىڭ داڭقىنى ساقلاپ قالالىغانلىقىدىن خۇشال ئىدى.

6-كۆرۈنۈش: چېنىپ قالغان ئۇستاتلىق
2011-يىلى ياز.

نەچچە يىلدىن بېرى قوي بېقىپ تارتقان جاپاغا تۇشلۇق نەپكە ئېرىشەلمىگەن قاھارجان، ئۆزىگە ئوخشاش قوي ھەۋەسكارلىرىدىن كىملەرنىڭ پايدا ئېلىپ، كىملەرنىڭ زىيان تارتىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ پايدا ئېلىش ۋە زىيان تارتىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىش نىيىتىگە كەلدى. ئاۋۋال قوي بازارلىرىنى ئارىلاپ، سودىنى ئىنچىكە كۆزەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پايدا ئالغان ۋە زىيان تارتقان قويچىلار بىلەن ئايرىم-ئايرىم پاراڭلىشىپ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى. باشقىلاردىن تىڭ-تىڭلاپ يۈرۈپ، قوتاندا بولىدىغان سودىلارنىمۇ كۆزىتىپ باقتى. بىر مەزگىل ئەمەلىيەتنى كۆزىتىش، پاكىتلارنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا قويچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ، جۈملىدىن جاپا تارتسىمۇ قويغا ھەقىقىي ئەجىر سىڭدۈرۈپ كۆيۈنۈپ باقىدىغانلارنىڭ پايدا ئالالمايدىغانلىقىنى؛ ئەكسىچە

قوينى قولدىن ـ قولغا ئۆتكۈزۈپ ئېلىپ ساتىدىغان ۋاستىچىلەرنىڭ پايدا ئالىدىغانلىقىنى؛ قوي بازىرىدىكى سودىنىڭ ناھايىتى چىڭ بولۇپ، مىڭ كوي ياكى يۈز كوي ئەمەس، ھەتتا 10 كوي، 5 كوي پۇلنى تالىشىپ، ھەرگىز «بوپتۇلا» دېيىلمەيدىغانلىقىنى؛ ئەكسىچە قوتانلاردا بولىدىغان سودىنىڭ باشقىچە بولۇپ، ھەربىر «كەم بولا» دېگەندە 10~20 مىڭ كويدىن ئۆرلەيدىغانلىقىنى؛ مۇنداق سودىنىڭ ھەممىلا قوتاندا ئەمەس، بەلكى بىرنەچچە مىليون، ھېچ بولمىغاندىمۇ نەچچە يۈز مىڭ كويلۇق قوي ئالغان نامى بار قويچىلارنىڭ قوتىنىدا بولىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى.

ئۇ بىلىپ يەتكەنلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە قانچىلىك ئەسقاتىدىغانلىقىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن، يانچۇقىغا 50 مىڭ كوي پۇلنى سېلىپ ئۆيدىن چىقتى. يولدا كېتىۋېتىپ ئىدارىسى ئالدىدا تاماكا چېكىپ تۇرغان جامال جوجاڭنى كۆردى ـ دە، شۇئان كۆڭلىگە بىر پىكىر كەلدى. جامال جوجاڭنىڭ قويغا قىزىقىدىغانلىقىنى، ئىدارە ئىچىدە قوتان قىلغۇدەك جاي بولمىغاچقا، قويلىرىنى بازارغا تۇتاش بولغان بىر كەنتتىكى دېھقان تۇغقىنىغا باققىلى ئاپىرىپ بەرگەنلىكىنى بىلەتتى. جامال جوجاڭ قوتاندا بار چاغدا بېرىپ سودا قىلسا، يۈزىگە كېلەلمەي قىممەت ئېلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا جامال جوجاڭ ئىدارىسى ئالدىدا قالغان پۇرسەتتە، دەرھال ئۇنىڭ قوينى بېقىۋاتقان دېھقانىنىڭ ئۆيىگە باردى. قوتانغا كىرىپ بىر پاقلانغا كۆزى چۈشۈپ باھاسىنى سورىۋىدى، «50 مىڭ كوي» دېدى. قاھارجان 20 مىڭدىن باشلاپ، 35 مىڭغا چىققاندا، قوتان ئىگىسى جامال جوجاڭغا تېلېفون قىلدى ۋە جامال جوجاڭنىڭ پاقلاننى 35 مىڭ كويغا سېتىشقا قوشۇلغانلىقىنى ئېيتتى. قاھارجان 35 مىڭ كوي پۇلنى ساناپ بېرىپ، پاقلاننى يېتىلەپ چىقىپ كەتتى.

قاھارجان پاقلاننى ئالغان بىلەن، ئۆزىنىڭ قوتىنىغا سولاپ قويسا ھەرگىز ساتالمايدىغانلىقىنى، بازارغا ئېلىپ كىرسە 15 مىڭ كويدىن ئاشمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا ئۇيان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ يەنە بىر چارە تاپتى ـ دە، پاقلاننى ئۇدۇل ئوغلانجاننىڭ قوتىنىغا ئېلىپ كەلدى.

— جامال جوجاڭ ماۋۇ پاقلاننى سىلىنىڭ قوتاندا بىر ـ ئىككى كۈن تۇرۇپ تۇرسۇن دېگەن، — دېدى ئۇ ئوغلانجانغا.

— جامال جوجاڭ شۇنداق دېگەن بولسا تۇرۇپ تۇرسۇن. خېرىدار چىقىپ قالسا سېتىپ قويامدىكەنمەن ياكى ساتمامدىكەن؟

— ساتىدىكەن. پەممىچە شۇڭا سىلىنىڭ قوتاندا تۇرۇپ تۇرسۇن دېدىغۇ دەيمەن.

— قانچە پۇللۇق پاقلانكەن؟ قانچە پۇلغا ساتىدىكەن؟

— ئۆزى 35 مىڭ كويلۇق پاقلانكەن. پايدا چىقسا ساتىدىكەن.

— بولىدۇ ئەمىسە، كېيىن تېلېفون قىلارمەن.

ئارىدىن بىر سائەت ئۆتۈپ، جامال جوجاڭنىڭ تېلېفونى سايراپ قالدى:

— ۋەي جامال جوجاڭمۇ؟ مەن ئوغلانجان. سىلىنىڭ پاقلانغا 80 مىڭ كويلۇق خېرىدار چىقىپ قالدى. قانداق ساتىمىزمۇ؟

— ساتىلى...

شۇنداق قىلىپ، 35 مىڭ كويلۇق پاقلان بازار يۈزى كۆرمەي تۇرۇپ، قوتاندا بىر سائەت ئىچىدىلا 80 مىڭ كويغا سېتىلدى. ئەمما پۇل جامال جوجاڭنىڭ يانچۇقىغا كىرىپ كەتتى. چۈنكى قاھارجان پاقلاننى «جامال جوجاڭنىڭ» دەپ ئەكەلگەچكە، ئوغلانجانمۇ جامال جوجاڭغا تېلېفون قىلىپ پۇلنى ئېلىۋېلىشنى ئېيتقانىدى. بۇنى قاھارجان ئاڭلاپ، دەرھال جامال جوجاڭنىڭ يېنىغا چاپتى. بىراق جامال جوجاڭ تۇيۇقسىز ئۆرۈمچىگە يىغىنغا كەتكەچكە، قاھارجان پۇلنى ئالالمىدۇ ـ يوق، بۇ ھازىرچە بىر مۇرەككەپ تېپىشماق بولۇپ قالغاندى.

※ ※ ※

يۇقىرىقى كۆرۈنۈشلەر مەكىت قويى سودىسىدىكى قوتانلاردا بولىدىغان بىر خىل ئۆزگىچە سودىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە تىپىك ئەمەلىي كۆرۈنۈشلىرى بولۇپ، گەرچە مۇنداق ئەمەلىي كۆرۈنۈشلەردىن يەنە كۆپلەپ مىسال كەلتۈرۈشكە بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى قەدىرلەش ئۈچۈن، يەنە ئارتۇقچە مىسال ئېلىپ ئولتۇرمىدۇق. بۇ يەردە ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك ئاخىرقى بىر ئىش شۇكى، مۇرەككەپ مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە «قۇدۇق ئىچىدىكى پاقا»نىڭ كۆزى بىلەن قاراپ، ئورۇنسىز ئىختىلاپ تېرىغۇچىلارغا دەستەك تېپىپ بەرمەسلىك ئۈچۈن، بۇ رېئال يازمىمىزدا ئادەم ئىسىملىرى ئۆزگەرتىۋېتىلدى. ئەمما باشقا بارلىق تەپسىلاتلار رېئاللىقتا قانداق يۈز بەرگەن بولسا، شۇ پېتى ئەينەن يېزىلدى. شۇڭا ھۆددە قىلالايمىزكى، مەيلى مەكىت قويى باققۇچىلار، ئېلىپ ساتقۇچىلار، ياكى قويغا قىزىققۇچىلار ۋە ياكى مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرى، جەمئىيەتشۇناسلار بولسۇن، ھەممىسىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئىشەنچلىك بىرىنچى قول ماتېرىيال بولالايدۇ، ئەلۋەتتە.

مۇھەررىرى: ئىمىرھەسەن مەخمۇت




## ئىشەنچىنىڭ كۈچى

كۆڭۈل گۈلشىنىدە قىيامغا يەتكەن ئاتەش نەپەسلەر قار توزۇنلىرى ئىچرە ئاپپاق يالىلدايدۇ.

كۆزلەرنىڭ چاقناشلىرىدىن نامايان بولۇۋاتقان پەرياد ساداسى قاراڭغۇ كېچىلەرنى زىلزىلىگە سالالايدۇ.

كامالەت ئىستەيدىغان قىزغىن سۆيگۈ غۇنچىسى كۆپكۆك يورۇقلۇق ئىچرە يېڭىدىن ئېچىلىدۇ ۋە باتۇرنى ئەس ـ ھوشىدىن ئايرىيدۇ.

سۆز تەبەسسۇمىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى ھەم لاتاپەت بىرلە لىلغان ھەربىر دۇردانىسىنىڭ گۈللىشى ئۈچۈن مېھرلىك قاراقلار نۇر چېچىپ تۇرىدىغان بولىدۇ.

تورغاينىڭ سايرىشى نېمىدېگەن مۇڭلۇق!
بۇركۈتنىڭ پەرۋازى نېمىدېگەن سەلتەنەتلىك!
قىزىلگۈلنىڭ ھىدى نېمىدېگەن پۇراقلىق.

قەلئەگە تاڭ قىيا باقتى. تىنلىقلاردا مىدىراش ئەۋج ئالدى. قوۋۇق قېقىلدى.

— پەرىشتىلەر بىزگە يول بېرىڭلار!

— نېمە ئۈچۈن؟

— بىز ئەر بولايلى، ئەردەك ياشايلى دەپ كەلدۇق...

كۆزلەردە ھاياجان، كۆڭۈل دولقۇنلىغان

— بىز ئۈچۈنمۇ؟

— بارلىقىمىز ئۈچۈن

قوۋۇق ئېچىلدى.

...   ...   ...

— بۇلبۇلنىڭ سايرىشى نېمىدىگەن يېقىملىق!

— سۇنىڭ سايرىشى نېمىدېگەن چىرايلىق!

— ھىلال ئاينىڭ سايىسى نېمىدېگەن ئۇزۇن!

قورغان خۇش پۇراققا تولدى. سۇزۇك چاچلىق قىزنىڭ تالىلىشى بۇيۇك ئىدى.

بىر قانچەيلەن بىر يىگىتكە پوپوزا قىلماقتا، ئىتتەرمەكتە. يىگىت ھاڭ ـ تاڭ.

— قولۇڭنى تارت!— قىز ھۆركىرىدى، ئۇنىڭ ئاۋازى ئانا بۆرىلەردەك، يۇلتۇزلارنىڭ يالت ـ يۇلت يورۇشلىرىدەك ئىدى. كۆزلىرى غەزەپتىن چاقنايتتى، ئۇنىڭ مەغرۇر تۇرقى باشقىلارنى ئەيمەندۇرەتتى.

ئۇلاردىن بىرەيلەن قىزدىن سورىدى:

— ئۇنى ياخشى كۆرەمسىز؟

— جېنىم بىلەن.

سورىغۇچى جىمجىت تۇرۇپ كەتتى. بۇ جىملىقتىن ئادەمنى ۋەھىمە باساتتى. ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازىدەك دۈپۈر ـ دۈپۈر سوققان يۈرەك رىتىمىنى ياندىكى ئادەم بىمالال ئاڭلىيالايتى

— بىز كېتەيلى،— دېدى سوراقچى ئەلەم بىلەن. ئەگەشكۈچىلىرى كېتىپ قالدى.

— بىزمۇ ماڭامدۇق؟— دېدى قىز يىگىتكە كۈلۈمسىرەپ. ئەمما بۇ قېتىمقى ئاۋاز يۇمشاقلىقتا پاختىدىن، سۈزۈكلىكتە سۇدىن، ئاقلىقتا قەلبتىن يۈكسەكرەك ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئىزغىرىن شامالدىن

يېڭى كۈي
«كۈيزار» يېڭى كۈچلەر ئەدەبىيات سالونى

ئىللىق، ئاسماندىن كۆك، يوپۇرماقتىن سۆيۈملۈك، ئوتتىن هارارەتلىك، لەۋدىن گۈزەل نۇر چوغلىناتتى.

## جاكار

ئەسلىمەسلىك، ئەسكە ئېلىشقا تىرىشماسلىق بىلەن ئىلگىرىكى خىياللىرىمنىڭ لەرزان پەر سىلكىشلىرىنى يىراقلارغا تاشلىۋېتىمەن.

ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەن قاقشال سىماغا بولغان خوراشلىرىم.

ئاخىرىدا ئېرىشكىنىم رەڭسىز تۇتۇن، قېنىق تۇمان.

بارلىق ئۈمىد-ئىستەكلىرىم ۋۇجۇدۇم گۈلخانىدا تاۋلىنىدۇ ۋە گۈزەللىك بولۇقىنى دەپ قىلىدەك تولغىنىدۇ.

مەيۈس كۆزلەرگە بىر تىكىلىشلىك مېھىر بەر، ئۇلار قەھرىتاندىمۇ قۇياشنىڭ ئىللىقلىقىنى بىلگۈدەك بولغاي. پەرىشان دەقىقىلەر قارىچۇقلاردىكى ئورنىدىن ئەبەدىلئەبەد مەھرۇم قالغاي.

ھەممىدىن ۋاز كەچكەندە باشقىغا ئېرىشىش ناتايىن.

ئارزۇغا تولغان سايىلەر كېچە كەڭلىكىگە چۈشكەن. بىتەرلىك خىيال بىلەن نەملەنگەن كىرپىكتىن چاچرايدىغىنى نەپرەت ئۇچقۇنى.

چۈشلىرىمدىن سېنى ئىزدەي، شۇنداقلا چېچەكلەرگە قۇشلاي. تېۋىنىشنىڭ بولۇپ، تىلىكىڭنى ۋەيران جىسمىمگە جاكارلاي.

يۈرىكىمگە ئەسەبىيلىك ئۇۋا سالغان، بۇزۇۋېتىشكە ناتىۋانمەن.

## سەن

كۆزلىرىڭنىڭ قىيا بېقىشلىرىدا مەن ھېس قىلغان، مەن زارىققان، مەن كۈتكەن ئىسيان پەسلى بار.

سېنىڭ جىمجىت سۆيۈلىۋاتقان، ئۇيۇققا تۇتاشقان لەۋلىرىڭ!

سۈتلۈك ياپراقلاردا مەن پۇرايدىغان، مېنى مەست قىلىدىغان، مېنى ئۆرتەيدىغان غۇر-غۇر شامال بار.

ئېھ سېنىڭ لەرزان كۆيۈۋاتقان، ئاپپاق قاشتېشىدەك چېھرىڭ!

قارىچۇقلىرىڭدا مېنى سۈزۈلدۈرگەن، مېنى غۇنچىلاتقان، مېنى ئۇچۇرما قىلغان زەڭگەر چېقىلىش بار.

ئېھ، سېنىڭ ئىزغىرىن مېھرىدەك پاكىز، ئېقىم سۇ كەبى چاچلىرىڭ!

كىرپىكىڭدە ماڭا تەبەسسۇم قىلغان، مېنى باراقسانلاتقان، مېنى ئۇۋۇلايدىغان سەممىي تىكىلىش بار.

ئېھ، سېنىڭ يۇلتۇزنىڭ چۈشىدەك لاتاپەتلىك، ئەبەدىيلىككە يەتكەن يۈرىكىڭ!

قەلبلەرنى قۇترىتىسەن، كۆڭۈللەرگە ناشۇدلۇق ئىلكىدە ئەرك بېرىسەن. روھلارغا ئاداققى ئويغىنىش چاچىسەن.

سەن- تىلسىم، سەن- ياراتقۇچىنىڭ بۈيۈك ئىلتىپاتى. سەن- چىنلىق، سەن- سېھىرلىك، سەن- مۇھەببەت، سەن- گۈزەللىك، مۆھتەرەم شېئىر.

## ئالما

ئىزغىرىن شامالدا يېنىككىنە تەۋرىنىۋاتقان قاتار-قاتار ئالما دەرىخى ۋە ھۇپپىدە ئېچىلغان ئاپپاق چېچەكلەر. لەرزان چېچەكلەردىن شېرىن چۈرۈك ئالمىلارنىڭ بولىدىغىنىغا ئىشەنمەيدىغان كىم بار؟

بىر تال ئالمىنىڭ سەۋەبى بىلەن شاھزادە پارس گۈزەل خانىش ھېلىننى ئېلىپ قېچىپ، ئون يىللىق تىرويا ئۇرۇشىغا پىلتە ياقتى. ئۆلمەس قەھرىمانلارنىڭ تېنىدىن بېشى جۇدا بولدى. قىرغىنلىق ئەۋجىگە يەتتى.

بىر تال ئالما چىن تۆمۈرنىڭ كۆزىنى ئاچتى ۋە ئاسىي مەختۇمسۇلانىڭ گۇناھىغا كاپالەت بولدى.

چېچەك ھىدى ئەتراپقا تارايدۇ.

سېھىرگەر پېرىخونلارنىڭ قولىدا ئېيىقتا، كېيىككە ئايلىنىپ قېلىۋاتقان سۇمباتلىق خانزادىلەر، چىرايلىق مەلىكىلەر.

ئالمىنىڭ يۈرەككە ئوخشايدىغىنىغا گۇماندا مەن.

ئالما چېچەكلىرىنى بارماقلىرىغا كەشتىلەۋاتقان نازۇك قىزلار، ئالمىدەك يارلىرى ئۇچۇن سىناق مەيدانىدا جېنى بىلەن ئېلىشىۋاتقان مەردانە يىگىتلەر.

سۇغا ئاتسا لەيلىيەلمەيۋاتقان ھەم چۆكەلمەيۋاتقان شېرىنجاننىڭ ئالمىسى.

چېچەكلەر تەقەززالىقىدىكى ئالما.

ئانىلارنىڭ نەزىرىدىكى بوۋاقلارنىڭ ئالمىدەك مەڭزى...

قىزلارنىڭ ئوغۇللارنىڭ قەلبىنى ئالما بىلەن قوبۇل قىلىشى ۋە ئالمىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى.

ئېيىق شاھزادىنىڭ ئالمىغا بولغان چوڭقۇر نەپرىتى، كېيىك مەلىكىنىڭ ئالمىغا بولغان كۈچلۈك يىرگىنىشى، ئۇلار ئۆمۈر بويى ئالما يېمەسلىككە قەسەم قىلىشقان.

قاسراقنى ھېچكىم ئالمىغا ئوخشاتمايدۇ.
يانتاقنى ھېچكىم ئالمىغا ئوخشاتمايدۇ.
ياپراقنى ھېچكىم ئالمىغا ئوخشاتمايدۇ.

ئالما چېچەكلەردىن بولىدۇ، لېكىن بارلىق چېچەكلەردىن ئالما پىشمايدۇ.
ئېھتىمال ھېلىقى چۈمۈلە تۇزلۇق ئالمىغا ماڭدى.
سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ كومزىكى ئىككى تال ئالما...
مەن ئالما ئەمەس، گۈل ئەمەس، كەپتەر ئەمەس، تىكەنمۇ ئەمەس، زىنھار ئەمەس:
قىزلارنىڭ ئوخشىشى يوق، ئەمما ئۇ ھەممىگە ئوخشىتىلىشى مۇمكىن، مەسىلەن پەرىشتىگە، يەنە جادۇگەرگە...
ئالمىدا سېھىر، ئالمىدا مېھىر، كۆيۈم مۇھەببەت،
ئالمىدا سېھىر، ئالمىدا مىكىر، ئۆلۈم ھەم نەپرەت.

## مۇھەببەتلىشىش

مەن يەنە مۇھەببەتلىشىش ھەققىدە سۆزلىدىم. مۇھەببەتلىشىش سۆزلەيدىغان نەرسە ئەمەس، خالىسا ئۆزى سۆزلەيدۇ.
سۆيگۈ گۈلىنىڭ ئېچىلىشى ئىككى سىرداشنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.
دەرد ئېيتىش، ئەخمىقانە پاراڭلار بىلەن ۋاقىتقا خىيانەت قىلىش مۇھەببەتلىشىش ئەمەس.
كېچە-كېچىلەپ باشقىلاردىن زارلاش، يالۋۇرۇش، ئەركىلەش مۇھەببەتلىشىش ئەمەس.
ۋارقىراپ-جارقىراپ ئۇرۇشۇش، باشقىلارغا دەخلى قىلىش مۇھەببەتلىشىش ئەمەس. بىلسەك، مۇھەببەتلىك قەلب ھېچكىمنى ئاۋارە قىلمايدۇ.
مۇھەببەتلىشىش ئادەت ئەمەس. يېپىنچىسىز ۋە تونسىز گەپلەرنىڭ جوغلانما ساندۇقىمۇ ئەمەس. ئۇ شېرىن كۆيۈش، بارلىقى بىلەن سۆيۈش، ئىزغىرىن پىچىرلاش، ئەزگۈ تىلەك، بىر تاللا يۈرەك خالاس.

## ئەتىۋارلىقىمغا

ساڭا كۆيىمەن
سېھىرلىك يامغۇرنىڭ تىۋىشلىرىدەك، چۈشۈۋاتقان لەرزان يوپۇرماقلاردەك، يامغۇر يېغىۋاتقاندىكى شېرىن خىياللاردەك ۋە ئۈزۈلمەس سۆيگۈ ئېقىنى بولۇپ، دەقىقىدە بىر گۈلزارلىقىڭغا قۇيۇلىمەن.
سېنى سۆيىمەن
ئەتىۋارلىق كەچ كۈزدىكى مول ھوسۇل شادلىقى چاقناپ تۇرغان جۇشقۇن قارىچۇقلىرىم بىلەن، تولۇن ئاي سۈزۈك يورۇقلىرىنى بەرگەن ئاپپاق، تىۋىشسىز كېچىلەر بىلەن، شۇ كېچىلەردىكى مەزمۇت دەرەخلەردىكى يوللۇق ئارمانلار بىلەن ۋە تۈگىمەس نۇر ئېقىمى بولۇپ، تىنىقتا بىر يۈرىكىڭگە تامىمەن.
ساڭا ئاشىقمەن

يېڭى ئۈنگەن، پۇراقلىرى دىماقنى يارغان يۇمران كوكاتلار ئارا، باش باھاردىكى بەكمۇ كۆركەم، تولىمۇ چەكسىز سەھەر پەسلى ئارا، گۈللەرنىڭ پورەكلەشلىرى ئىچىدىكى بىغۇبار شەبنەمنىڭ كۆيۈۋاتقان دولقۇنلىرى ئارا ۋە شۇ سەھەردىكى مۇزدەك جۇلالىق، قۇياشتەك چىرايلىق گۈزەللىك بولۇپ، ھەر تىكىلىشلىرىڭگە گۈررىدە ئاقىمەن.

## ھىلال قىزنىڭ ۋۇجۇدى

گۈگۈمغا پاتقان خىيالىمدا رەڭسىز دوقمۇشتىن سۈزۈۋالغان سەدەپتەك نۇرلارنى سۈمۈرۈۋالىمەن.
توساتتىنلا ئۇچرىشىپ قالدۇق
تارتىنچاق چۈشتىن كېيىن.
شەپەق ئاللىقاچان يوقالغان. قىزىرىشقا ھەققىمىز يوق، گاڭگىراش گۇمراھلىقىغا يۈزلەنگەن
دېڭىزغا تەقلىد قىپ تەبەسسۇمىڭنى
قۇم قىرغاق ياسايمەن شەبنەملىرىڭدىن.
ئەڭ غالىب تۇرقۇمدا مېھرىم بىلەن ساڭا قىيا باقتىم. شېرىن بىر ئازاب يۈزۈڭدە جىلۋە قىپ تۇراتتى.
پىچىرلاپ سايەڭنىڭ كۆلەڭگىسىگە،
ئۆرتىنىپ ھەر تۈندە ئېرىپ كېتىمەن.
پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى قاماللىۋالغان تىمتاس يۈرىكىڭنى ئىرغىتىپ تاشلاپ، مەۋجۇداتقا تەلمۈرسەم.
تۇپراققا سىڭمەكتە زەڭگەر يوپۇرماق،
ئاپپاق بىر ھالەتتە ئۆكسۈپ بۇقۇلداپ.
قوقاسلانغان تاقىتىمدە كۆلگە ئايلانغان قاقشال بىر ئارمان ئۆچتى. سېھىرلىك قەلئە بۇ رەت چاقنايدۇ.
قان پۈركۈپ يۈرگەندە سۈزۈك يېشىللىق،
چوغسىمان لەيلەيدۇ قىران ۋاز كېچىش.
قورغاندىن چىققۇدەك مادارىم بار. تېڭىرقايمەن، بوشلۇقتا روھىيىتىمنىڭ ئۆپۈقى لاۋۇلداپ پۇلاڭلايدۇ.
ئەسلەيمەن شۇ قەدەر تاتلىق پىچىرلاپ،
ئۈنلىگەچ قەلبىڭدە قىزىلگۈل بولۇپ؛
ۋۇجۇدۇمغا سۆيگۈ مۇجەسسەم. ھىلال ئاي چاقنىغان تىلسىم كېچىدە پايانلىقنى شەرەتلەپ ساڭا يوللايمەن.

## تەۋەلىك

يامغۇر بىلەن ياغقان يۇلتۇزلار گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان يۈرەككە يۇمران تۇيغۇلىرىنى ئەسلىتىپ قويدى. ئۇيقۇمدا بىرلا قىز ئىدىم.
خىيالىمدا گۈلگە ئايلانسام،
بۇلبۇل بىلەن ئۇچۇپ كېلىدۇ
سېغىنىشتىن ئاقارغان دەملەر.

**مۇھەررىرى: ئىمىرھەسەن مەخمۇت**



# «ئاشىق رىۋايىتى»نى بويلاپ...

بورلان

شېئىر ــ ئېستېتىكىلىق تۇيغۇدۇر. شائىرنىڭ ھاياتى شېئىرنىڭ ھاياتى بىلەن ھەمنەپەس ھاياتتۇر. مۇھەببەتنىڭ شېرىن تەمى شائىرنى ئۆزىگە رام قىلغان دەقىقە شائىر ئىچكى دۇنياسىغا يۇزلەنگەن لەھزە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شائىر ئىچكى دۇنياسىغا يۈزلەنگەندە، جانان بىلەن سىرداشىدۇ، مۇڭدىشىدۇ. ئۆزى جانانغا، جانانى بولسا ئۆزىگە ئايلىنىدۇ. مېكسىكىلىق شائىر ئوكتاۋىيو پاز (1914~1998): «قارىساڭ ماڭا، كۆرىسەن ئۆزۈڭنى» دەيدۇ. بۇ يەردە دەۋاتقىنى جانان بىلەن مەنىڭ روھىي جەھەتتىكى بىرلىشىش ھالىتىدۇر. ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ روھىي جەھەتتىكى بىرلىشىشى ــ مۇھەببەت ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغان تۇيغۇنلۇقتۇر.

شائىر ــ تىڭشىغۇچىدۇر. شائىرنىڭ تىڭشايدىغىنى تەبىئەتنىڭ ئەسلى ئاۋازى بولۇپ، بۇ ئاۋازدا ياراتمىشنىڭ سىرلىقلىقى بىلەن يارالمىشنىڭ مۇرەككەپلىكى ئۆزئارا گارمونىيەلىك بىرلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. ئىنسان بىلەن تەڭرى، تەڭرى بىلەن تەبىئەت ۋە ئىنسان بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ، كۆپ قاتلاملىق مۇناسىۋەتنىڭ مەركىزىدە يەنىلا مۇھەببەت كۆكلەپ تۇرىدۇ. بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى روھىي يادنامىلەر، روھىي ئىنتىلىشلەر مۇھەببەتتىن ئىبارەت مەركىزى دىۋېگاتىل ئارقىلىق بىر-بىرىسىگە يېتىپ بارىدۇ. شائىردىن ئىبارەت سەنئەتكار تەبىئەتتىن ئىبارەت ساپ سەنئەتنى ئۆز روھىغا كۆچۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن مۇھەببەت تونېلىدىن ئۆتمەي يېتىپ بارالىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. شائىرنى شېئىر يېزىشقا ئۈندەيدىغان ئامىللار ئىچىدە مۇھەببەت ئۇنى ئۆز دۇنياسىغا چوڭقۇر چۆكتۈرىدىغان ئېنېرگىيەلەرنىڭ بىرىسىدۇر. «ئون سەككىز ياشتا ناخشا ئېيتمىغان كىممۇ بولسۇن؟» دېگەنگە ئوخشاش، تەنھا دەقىقىلىرىدە ئۆز تۇيغۇسىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ ئۆزى بىلەن مونولوگ قۇرمىغان بىرمۇ ئىنسان بولمىسا كېرەك. بىراق، بۇ يەردىكى مەسىلە ئۆزى بىلەن مونولوگ قۇرۇش بىلەنلا توختاپ قالسا بولمايدۇ، مۇھىمى ئاشۇ مونولوگنى دىيالوگقا ئايلاندۇرۇش مەسىلىسىدۇر. شائىر بىلەن ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ پەرقى بار دەپ قارالسا، دەل شائىرنىڭ مونولوگنى دىيالوگقا ئۆزگەرتىشتىكى ماھارەت پەرقىدۇر. شېئىر چەكسىزلىككە بوي تارتقان ئېستېتىكىدۇر، شائىردىكى ماھارەت ئېستېتىكىنىڭ چەكسىزلىكىدە ئايان بولىدۇ. دېمەك، شائىر بىر

يېڭى كۆز

«كۆيزار» يېڭى كۆچلەر ئەدەبىيات سالونى

تەرەپتىن ئۆز ـ ئۆزى بىلەن مونولوگ قۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزگىلەر بىلەن دىيالوگ قۇرىدىغان تۇيغۇن مۇتەپەككۇردۇر. شائىردىكى تۇيغۇنلۇق ئۆز تۇيغۇسىغا بولغان سادىقلىقنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. شۇڭا شائىر ئۆز تۇيغۇسىغا سادىق بولۇش ئارقىلىق ئۆز مەۋجۇتلۇقىغا مەنە ئاتا قىلىشنى ئىستەيدۇ. مانا مۇشۇ ئىستەك خىيال بىلەن رېئاللىقنىڭ ئارىسىدا ماياكتەك تەۋرىنىپ تۇرۇش ئارقىلىق شائىرنى ئازابلايدۇ، سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ھەققىدە ئويغا مۇپتىلا قىلىدۇ.

سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ئىنسانىيەت شائىرلىرىغا ئورتاق تېما بولۇپ، ئۇيغۇر شائىرلىرىمۇ ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنى مەركەز قىلىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۆزگىچە قىياپەت بىلەن قىسقىغىنە چاقناپ ئۆتكەن ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيىتى ئۇزاق مۇددەتلىك چاڭقاق روھىيىتىمىزگە ئازراق بولسىمۇ مەلھەم بولدى. ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيىتى بىر تەرەپتىن بېكىنمە ھالەتتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا يېڭى تۇس ئېلىپ كىرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاز بولمىغان شېئىرىيەت ھەۋەسكارلىرىنى تاۋلاپ يېتىشتۇرۇپ، بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى شېئىرىيىتىنىڭ رەڭدارلىقىنى ئاشۇردى. شائىر ئەزىزى ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيىتى تۈپرىقىدا بىۋاستە ئۆسۈپ يېتىلگەن ۋە زامانداشلىرى ئارىسىدا كۆزگە كۆرۈنگەن ياش شائىرلارنىڭ بىرسى بولۇپ، ئۇنىڭ «ئاشىق رىۋايىتى» (مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2006 ـ يىلى نەشرى) ناملىق لىرىك شېئىرلار توپلىمى سۆزىمىزنىڭ دەلىلى بولالايدۇ.

«ئاشىق رىۋايىتى» ناملىق لىرىك شېئىرلار توپلىمى شائىرنىڭ ياشلىق چۇقانلىرى ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياتىنىڭ يېزىق شەكلىدىكى يالدامىسى بولۇپ، بۇ توپلامدا شائىر بىر تەرەپتىن مۇھەببەت چۆللىرىدە مەشرەپ كەبى روھىي سەرسانلىقنى بېشىدىن كەچۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئەجدادلارغا سېغىنىش ئىستىكىنى ئوقۇرمەنلەرگە تاپشۇرىدۇ.

شائىر يار ھەققىدە خىيالغا چۆمگەندىكى قەلب ئالەمدىكى چاڭقاق ھېسلارنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

بەلكىم شەيتان ئازدۇردى مېنى،
قاراپ قالدىم،
سەن سايەڭنى تاشلىغان كۆلگە.
شۇندىن بېرى ئۈمىدلىرىم كۆيدى چوغ بولۇپ،
ئوخشاپ قالدىم،
چاڭقاقلىقتا ئەسىرلەر بويى،
يامغۇر چۈشەپ جۆيلۈگەن چۆلگە.

«مەشرەپنىڭ مەشۇقىغا يازغان مەكتۇپلىرى»دىن

شائىرنىڭ سېغىنىشى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، ھەتتا «يارنىڭ سايىسى چۈشكەن كۆل»مۇ ئۇنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدىغان مۇھەببەت سۈپىسىغا ئايلانغان. شائىر ھىجران ئازابلىرى بىلەن ئۈمىد چوغلىرى ئارىسىدا پۇچۇلانغان يۈرىكىنى «ئەسىرلەر بويى يامغۇر چۈشەپ جۆيلۈگەن چۆل»گە تەققاسلايدۇ. بۇ يەردىكى يامغۇرغا تەشنا چۆل ــ دەل مەشرەپ كەزگەن ئىشق ـ مۇھەببەت چۆلىدۇر. مەشرەپنىڭ ۋۇجۇد ئالەمدىكى ئۆزىگە تەۋە ئۆزلۈك ــ «چۆل»دىن ئىبارەت باياۋان ئارقىلىق ئېستېتىك بوشلۇققا كۆتۈرۈلگەندە، شائىر ئەزىزى ئۆز تەقدىر ـ قىسمىتى ھەققىدە ئۈچۈر بېرىشكە ئۈلگۈرىدۇ:

مەن ئۆلسەم
يەرلىكىمنى چۆلدىن ئويۇڭلار.
ھاجەت ئەمەس نەقىشلىق گۈمبەز،
قەبرەمگە
ساتارىمنى سانجىپ قويۇڭلار.

«مەشرەپنىڭ مەشۇقىغا يازغان مەكتۇپلىرى»دىن

شائىر ئۆز مەۋجۇدىيىتى ئۈستىدە ئويلانغۇچى. شائىرنىڭ ئويى ــ تىل ئوقياسىدۇر. بۇ ئوقيا ئىنسانىيەت شائىرلىرىغا ئورتاق بولغان مىراس بولۇپ، شائىر ئەزىزىمۇ ئاشۇ مىراسقا ۋارىسلىق قىلغۇچى سۈپىتىدە مەشرەپنىڭ ئىزىغا قاراپ سېغىنىدۇ. بۇ سېغىنىشنىڭ ئارقا تەرىپىگە يوشۇرۇنغان ئېگىز پىرامىدا شەكىللىك قىسمەت ــ شائىرلار قىسمىتىدۇر.

شائىر بىلەن ئوقۇرمەننى بىر ـ بىرسىگە باغلاپ تۇرىدىغىنى ئېستېتىك تۇيغۇ ۋە ئېستېتىك زوق بولۇپ، شائىرنىڭ تۇيغۇسى ئوقۇرمەننىڭ زوقى بىلەن ئۇچراشقاندا ئوقۇرمەن شائىرنىڭ قەلبىنى ئوقۇشقا باشلايدۇ. شائىرنىڭ قەلبى كەڭرى كەتكەن سۆيگۈ ئېتىزىدۇر، بۇ ئېتىزغا يېقىنلاپ بارغان ئوقۇرمەن ۋىسالنىڭ شېرىن تەمى بىلەن ئۇچرىشىپ، قەلبىدىكى سېغىنىش ئىستەكلىرىنى ئۆز يارىغا يوللايدۇ. شائىر ئەزىزى «مەن، سەن، ئۇ» ناملىق شېئىرىدا شائىر، ئوقۇرمەن ۋە ياردىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنى ئۆزئارا گىرەلەشتۈرۈپ يېزىش ئارقىلىق گارمونىيەلىك سەنئەت

مۇھىتى ھاسىل قىلغان.

دېرىزىلەر چېكىلمەس ئەسلا،
ھېچكىملەرگە يېزىلماس مەكتۇپ،
باياۋاندەك چەكسىز بىر كۈتۈش،
قەلبلەرگە سالغاندۇر قۇلۇپ.

«مەن، سەن، ئۇ»دىن

شائىرنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى يار ئوبرازى ئۆچۈۋاتقان قۇشنى ئېسىمىزگە سالىدۇ. شائىر ئۆز ۋىسالىغا يېتىشنى ئىستەيدۇ، بىراق يەتمەكچى بولغاندا قۇش ئۇچۇپ كېتىدۇ. ۋىسال سېغىنىشى بىلەن ھىجران ئازابى بىرلىشىپ شائىر ئۈچۈن مەڭگۈلۈك كۈتۈش بېكىتى ھاسىل قىلىدۇ. شائىر ئۆزىگە قالدىغىنى كۈتۈشتىن باشقىسى ئەمەسلىكىنى تۇيۇپ تۇرسىمۇ، بىراق بۇ كۈتۈشنىڭ شېرىن تەمىنى تېتىش بىلەن بىرگە، يارغا بولغان سەممىي ۋە چىن سېغىنىشلىرىنى يوللايدۇ:

ھىجران كەبى پارلايدۇ قۇياش،
يۇيۇندۇرۇپ ئالەمنى نۇردا.
تېنەپ يۈرەر سۆيگۈ خەتلىرى،
سېغىنىشنىڭ دولقۇنلىرىدا.

«مەن، سەن، ئۇ»دىن

مۇھەببەت— ئىنساننى كۆكلىتىپ تۇرىدىغان ئېنېرگىيە بۇلىقىدۇر. بۇ بۇلاق بولمىسا ئىنسان گوياكى چۆلدىكى ئېچىرقىغان چىلبۆرىنىڭ ئۆزىدۇر. مۇھەببەت ئارقىلىق ئىنسان ئۆز-ئۆزىنى تاۋلاپ، ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىچىدىكى ھارارەتلەرنى قېزىپ چىقىشقا تۇتۇش قىلىدۇ. مۇھەببەت شائىرنىڭ تىنىقىدىن چىققان ئاتەش بولۇپ، بۇ ئاتاشكە ئىنچىكە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئاتەش مەركىزىدە لاۋۇلداپ تۇرغان شائىرنىڭ يۈرىكىنى كۆرىمىز. شائىر ئەزىزى بەزىدە ئايسىز كېچىدە تەنھا ياش تۆككۈچى ئاسمان سۈپىتىدە پەيدا بولسا، بەزىدە زۇلمەتلىك كېچىنى بۆسۈپ كېتىۋاتقان يۇگەنسىز ئات سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ:

ئېسىڭدىمۇ،
قويىنىڭدا ئاينى يىتتۇرۇپ؟
ئاسمان يىغلاپ ياش تۆككەن كېچە؟

«ماركىسىز مەكتۇپلار»دىن

سۆيگۈ—
خىسلەتلىك تۇيغۇ،
قەلبلەر قەسرىگە بەخشەندە ئۇممان،
گاھىدا تىپتىنچ، گاھى چايقىلىپ،
يۇگەنسىز ئات كەبى قىلىدۇ ئىسيان.

«ماركىسىز مەكتۇپلار»دىن

شائىر تەنھا دەقىقىلىرىدە تۇرغاندا قەلبىدىكى پارتلاش ئالدىدا تۇرغان ئۆزلۈك چۇقانلىرى شائىرنى ئازابلايدۇ. سەنئەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شائىرنىڭ ئۆزلۈكى— شېئىرىي ئۆزلۈكتۇر. شېئىرىي ئۆزلۈك بىلەن شائىر تەۋە بولغان مىللىي كۇلتۇر كىملىكى ئوتتۇرىسىدا شائىر ئۆز يىلتىزىنى سېغىنىدۇ. كۆز ئالدىدىكى رېئاللىق ئالدىدا تەشۋىشلىك ئويلارغا مۇپتىلا بولىدۇ. شائىرنىڭ تەشۋىشكە مۇپتىلا بولۇشى چوڭقۇرلىغانسېرى كۆز ئالدىغا كېلىدىغىنى يەنىلا شۇ ۋىسال ئۈچقۇنلىرىدۇر. ۋىسال غېرىبلىقى شائىر ئەزىزىنىڭ شېئىرلىرىدىكى تۈپ مەۋقەلەرنىڭ بىرىسىدۇر. شائىر ئۆز تۇيغۇسىدا كېچە-كۈندۈز ئاشىق تورغايدەك بوزلايدۇ، شائىر ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ھېچقانداق پەرقى قالمايدۇ، چۈش بىلەن رېئاللىق ئوخشاش ھالەتتە نامايان بولىدۇ. ھاياتلىق، مۇھەببەت ۋە چۈش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى شائىر مۇنداق خاتىرىلەيدۇ:

ھايات چۈشكە ئوخشار،
چۈش ھاياتقا ئوخشىغاندەك.
... ...
ھايات چۈشتۇر —
چۈشتۇر مۇھەببەت.

«مۇھەببەت»دىن

2005-يىللىق «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نىڭ ساھىبى ئەنگلىيەلىك شائىر، دراماتورگ ھارولد پىنتېر (1930~2008): «بۇ يەردە راست بىلەن يالغاننىڭ ئانچە پەرقى قالمايدۇ، بۇ يەردە راست-يالغان ئوخشاشلا مەۋجۇت. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئېنىق چەك-چېگرا بولمايدۇ» دەپ، شائىرنىڭ تەنھا دەقىقىلىرىدىكى مۇھەببەتلىك تۇيغۇسىنى روشەن كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. شائىر ئەزىزى شېئىرنىڭ تاشقى رىتىمىغا قارىغاندا ئىچكى رىتىمغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن شائىرلىرىمىزنىڭ بىرىسىدۇر. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا تىل شۇ دەرىجىدە سۈزۈك ھالەتتە سۆزگە كىرگەنكى، بۇنى

ئوقۇغان ئادەم گويا لەرزان مۇزىكىنى ئاڭلاۋاتقاندەك ياكى ئوماق بىر بالىنىڭ چۇچۇك سۆزلىرىنى تىڭشاۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ تۆۋەندىكى شېئىرىدا تىلىنىڭ ئىچكى مۇزىكىدارلىقى شۇ دەرىجىدە ۋايىغا يەتكەنكى، كىلاسسىك شائىرلارنىڭ ئاشىقلىق سەپىرى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ.

ئاشىقلارنىڭ بازارىدا
سەرسانە بولدۇم.
قىسمەتلىرىم ئالەم ئارا،
مىڭ دانە بولدۇم.

«نالەش»دىن

شائىر — مەڭگۈ چوڭ بولمايدىغان بالىدۇر. شائىرنىڭ روھىي تۇرالغۇسى زامان بىلەن ماكاننىڭ سىرتىدا بولىدۇ. زامان بىلەن ماكاندىن ھالقىيالمىغان ھەرقانداق سەنئەت ئۆز قىممىتىنى يوقىتا چىقارغان سەنئەتتۇر. شائىردىن ئىبارەت سەنئەتكار تىل قورالى ئارقىلىق شېئىردىن ئىبارەت ئۆزگىچە سەنئەتنى ئىختىرا قىلغاندا، بەزىدە چېچىغا ئاق كىرگەن چال سۇپىتىدە سالماقلىق بىلەن دۇردانىلەرنى تىزسا، بەزىدە ئەمدىلەتىن تىلى چىققان كىچىك بالىدەك چۈچۈلداشقا باشلايدۇ.

بىر
ئىككى
ئۈچ
بالا ھەيران،
تۇگەتمەستىن يۇلتۇزنى ساناپ،
قۇياش چىقتى قايتىدىن ئالدىراپ؟

«يۇلتۇز ساناش»دىن

يۇقىرىقى مىسرالارنى ئوقۇغان ھەرقانداق كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىدىغىنى بالىلىقتىكى گۈزەل ئاخشامدۇر. بالىلىقتىكى گۈزەل ئاخشامدا يۇلتۇز ساناشتىن ئىبارەت بالىلارغا خاس ئەڭ ساپ، ئەڭ سۈزۈك، ئەڭ سەممىي تۇيغۇنىڭ شائىر ئەزىزنىڭ قەلىمى ئاستىدا يورۇتۇلۇشى، بىر تەرەپتىن شائىرنىڭ مەڭگۈ چوڭ بولمايدىغان بالا ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن شائىرنىڭ تىل ئىشلىتىش جەھەتتە ئۆزگىچە يول تۇتقانلىقىدىن بېشارەت بېرىشكە ئۈلگۈرگەن.

شائىر تىلدىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ كۇلتۇر گەۋدىگە ۋارىسلىق قىلغۇچى سۇبيېكتىپتۇر. شائىر بىلەن شائىرنى قورشاپ تۇرغان رېئاللىقنىڭ بىر ئۈچى كەلگۈسىگە سوزۇلغان بولسا، ئۇنىڭ يىلتىزى يەنىلا كىلاسسىك سەنئەت مۇھىتىغا كۆمۈلگەن بولىدۇ. ئۆز سەنئەت ئەنئەنىسىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش سەنئەتكارنىڭ پەزىلىتى بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇھىم بۇرچىدۇر. ئەنئەنە — ھازىر سۈپىتىدىكى ئۆتمۈشتۇر. شائىر ھازىردا ياشاۋاتقان بولسىمۇ، قەلبىدە يىراق ئۆتمۈشكە سېغىنىپ، ئۆز قوۋمىنىڭ تارىخىي مىراسلىرىغا بولغان ئاشىقانە مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدۇ. شائىرنىڭ قەلبىدە تارىخ تىرىك سەنئەت سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ. تەكلىماكاندىن ئىبارەت سىرلىق ماكاندىن نەپەسلىنىپ، چاڭقاق روھىيىتىنى قاندۇرۇپ كېلىۋاتقان شائىر ئەزىزى قەلبىدىكى روھىي ئىستەكلەرنى خىيالىي سۈرەتلەپ مۇنداق يازىدۇ:

قۇم ئاقىدۇ ئۇنسىز، تىۋىشسىز،
چايقىلىدۇ بارخان شامالدا.
ئۈزۈلمەيدۇ ياۋايى بىر كۈي،
پەرىشتىلەر بەزمىسى بۇندا.

«تەكلىماكان — ئۇنتۇلمىغان چۈش»دىن

تەكلىماكان — سېھىرلىك خەزىنە بولۇپ، ئۇنىڭدىن ياڭرىغان كولدۇرما ئاۋازىدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۆگە ئۈستىدىكى قۇم - بارخانلىرىنى كېزىۋاتقان قىياپىتى نامايان بولسا، يىقىلماس توغراقلارنىڭ جەسۇر قىياپىتىدىن ئەرلەرگە خاس ياۋايىلىقنىڭ ئىزنالىرىنى ھېس قىلىشقا بولىدۇ. گېرمانىيەلىك سەنئەتكار ھىلبۇرىيكت «مودېرنىزملىق سەنئەت پىسخىكىسى» ناملىق كىتابىدا «بىز سىقىلغان بوشلۇق ئىچىدە ياشىماقتىمىز. بۇ بوشلۇقتىن ھامان ئىپتىدائىي ئورمانلاردىكى غۇۋا بارابان ساداسى ياڭراپ تۇرىدۇ» دەپ ئۆتكىنىدەك، شائىر ئەزىزىمۇ ئۇزاق ئۆتمۈشكە سېغىنىدۇ. شائىرنىڭ بۇ سېغىنىشى «ئۈزۈلمەيدۇ ياۋايى بىر كۈي، پەرىشتىلەر بەزمىسى بۇندا» دەپ جار سېلىشقا سەۋەبچى بولغان تۇپكى ئامىللارنىڭ بىرىسىدۇر.

ئىنسان رېئاللىقتا ياشىغانىكەن تۇرلۇك ئىزتىراپلارغا گۇۋاھچى بولىدۇ. رېئاللىقنىڭ رەھىمسىزلىكى دېگەندە، ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدىغانلىقى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. رېئاللىقنى رېئاللىق قىلىپ تۇرىدىغىنى ئىنسانلار تۇپىدۇر. ئىنسان رېئاللىقتىن، رېئاللىق ئىنسانلاردىن مۇستەسنا ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئەسلا مۇمكىن بولمىسا كېرەك. شائىر ئەزىزى ئۆزىنىڭ

ئوبيېكتىپ رېئاللىقى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلانغاندا، ئۆزىنىڭ «ئويغاق تۇرۇپ چۈش كۆرۈۋاتقان»لىقىنى ئاشكارىلايدۇ:

تۇرنىلار
باشلاپ كېلەر پەرۋازلىرىدا
پەرچەڭگىنىڭ مۇڭلۇق كۈيىنى.
پەرچەڭگى—
چېكىلمىگەن تار،
تۆكۈلمەس كۆز ياش،
رىۋايەتكە كۆمۈلگەن يۈرەك!

«ئويغاق چۈشلەر»دىن

شائىر «رىۋايەتكە كۆمۈلگەن يۈرەك» دەپ نېمىنى كۆزدە تۇتۇۋاتىدۇ؟ بۇ يەردىكى يۈرەكنىڭ مۇنداق ئىككى تۈرلۈك مەنە ئېھتىماللىقى بار: بىرسى، شائىرنىڭ رىۋايەتكە كۆمۈلگەن ئانا ماكانى—تەكلىماكان بولسا، يەنە بىرسى، شائىرنىڭ مۇھەببەت رىۋايىتىگە كۆمۈلگەن قەلبىدۇر. مانا مۇشۇ ئىككى خىل مەنە ئېھتىماللىقا ئىگە يۈرەكنى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلغاندا، شائىر تۇيغۇسىدىكى يۈرەكنىڭ ئېستېتىك كەڭلىكى تېخىمۇ زورىيىپ بارىدۇ. يەنى، شائىرنىڭ قەلبى بىلەن ئەقلى يار بىلەن ئانا ماكاندىن ئىبارەت بىر جۈپ ۋەتەندە ئۆزئارا ئۇچرىشىدۇ. شائىرنىڭ قەلبى «پەرچەڭگىنىڭ مۇڭلۇق كۈيلىرى»نى باشلاپ كەلگەندە، ئۇنىڭ ئەقلى پەرچەڭگىنىڭ مۇڭلۇق كۈيلىرى تىلىپ ئۆتكەن رىۋايەتكە كۆمۈلگەن يۈرەك—ئانا تۇپراق ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلارغا غەرق بولىدۇ. تەكلىماكاندىن ئىبارەت ئانا يۇرتنىڭ يىراق-يىراقلاردىكى غۇۋا ئۆتمۈشى شائىرنى بىردە خىياللار قوينىدا ئەللەيلەتسە، بىردە ئاچچىق ھېسلار چۆلىدە پۇچۇلاندۇرىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، كۆز ئالدىمىزغا رىۋايەتلىك بىر كارتىنا كېلىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ پەيدا بولۇشىدىن تارتىپ تاكى بۈگۈنگىچە بولغان مۇساپىسى تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان سىرلىق رىۋايەت تولغان جەرياندۇر. شائىر ئۆز تۇيغۇسىدىكى شېئىرىيەت قەلئەسىدە تەنھا ئولتۇرۇپ ئاشۇ رىۋايەت بىلەن ھازىرنى باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. رىۋايەتلەردىكى تەبىئىيلىك، گۈزەللىك شائىرنى ئۆزىگە رام قىلسا، ئەتراپىمىزدىكى سۈنئىيلىك، نازاكەتسىز ھادىسىلەر ئۇنى ئازابلايدۇ. رىۋايەتكە بولغان ئىنتىلىش بىلەن ھازىرغا بولغان ئويلىنىش شائىرنى سۆز ۋادىلىرىدا ئەركىن پەر قېقىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

«ئويغاق چۈشلەر» شائىر ئەزىزى شېئىرلىرى ئىچىدىكى ۋەكىللىك شېئىرلارنىڭ بىرسى بولۇپ، بۇ شېئىردا شائىرنىڭ تەڭرى، ئىنسان ۋە مۇھەببەت ھەققىدىكى ئۆزگىچە كۆز قاراشلىرى، ئالەمنىڭ يارالمىشى بىلەن ھاياتلىقنىڭ سىرلىق كەرەشمىلىرىگە بولغان تەسەۋۋۇرلىرى گارمونىيەلىك سەنئەت بوشلۇقىغا قويۇپ خاتىرىگە ئېلىنغان. بۇ جەرياندا شائىر ئەزىزى ئۆز تۇيغۇسىغا سادىقلىق بولۇشنى ئۆزىنىڭ سەنئەت پىرىنسىپى قىلغان دەپ قارىساق تامامەن بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ شېئىرنىڭ قۇرۇلمىسى شائىرنىڭ تۇيغۇسىغا ماس ھالدا نەسرىي شەكىل بىلەن نەزمىي شەكىل ئۆزئارا گىرەلەشتۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرگە ئۆزگىچە ئېستېتىك كەڭلىك ئاتا قىلغان.

شائىر ئۆز-ئۆزىنى يېڭىلىغۇچىدۇر. بۇ يېڭىلىق ھەرگىزمۇ تاشقى جەھەتتىكى قارىغۇلارچە يېڭىلىق بولماستىن، ماھىيەتكە يۈزلەنگەن ئۆزگىچە يۈزلىنىشتۇر. ئۆز-ئۆزىنى يېڭىلىماي تۇرۇپ ئىلغار ئىدىيەگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداقتا، شائىر ئەزىزى ئۆز-ئۆزىنى يېڭىلىدىمۇ؟ بۇنىڭ جاۋابىنى يېقىندا شائىرنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە سۇنغان يېڭى سوۋغىسى «چۈشۈمدىكى قىز» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىن تېپىپ قالساق ئەجەب ئەمەس. خەيرىيەتلىك كۈنلەرنىڭ بىرسىدە شائىرنىڭ شېئىرىيەت مۇساپىسى ھەققىدە سىستېمىلىق توختىلىش ھەربىرىمىزنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئويلىنىش سوئالى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە، شائىرنىڭ مۇنۇ مىسرالىرى بىلەن ماقالەمنى ئاخىرلاشتۇرىمەن:

رىۋايەتتىن تۇغۇلدۇق،
رىۋايەتكە كۆمۈلدۇق،
رىۋايەتتۇر ھەربىر سۆزىمىز!

«رىۋايەت»دىن

مۇھەررىرى: ئىمىرھەسەن مەخمۇت



# ئازاب گۈلى

(شېئىر)

مەمەتئۆمەر مەتتۇرسۇن

## باغرىمنى يارىمەن باغرىم سەن ئۈچۈن

چۈشلەرنىڭ قوينىغا ئاقماقتا كېچە،
سەرسان ئاي پىچىرلار ناتونۇش ئۈندە.
بەختنى ئازاب دەپ ئازابنى بەخت،
ئاھ ئۇرۇپ يۇرىمەن دەردلىك قەلبىمدە

مەجنۇنتال تۈۋىدە جىمجىت ئولتۇرۇپ،
مەن سېنى سۆيگەندەك سۆيدۈم ھەممىنى،
بىر چەكسىز ئازابنى ھېس قىلماقتىمەن.
بەختسىز شامالغا تۇتتۇم يۈزۈمنى.

يۇلتۇزلار توپىغا قېتىلدىم ئاستا،
كۆز يېشىم گۈللەرگە سىڭىشتى ئۇلۇغ.

باغرىمنى يارىمەن باغرىم سەن ئۈچۈن،
سەن ئۈچۈن مېھرىمنى يايىمەن تولۇق!

## بەختسىز كۆنلەر

مەن سېنى كىملەرگە ئوخشىتاي زادى؟
ئاي دەيمۇ، كۈن دەيمۇ ياكى پەرىشتە.
سەنسىزمۇ بۇ كۈنلەر بەختسىز ئىدى!
ئازابمۇ ئەزەلدىن مېنىڭ قەستىمدە.

باغرىمنى قان قىلغان يامغۇرلۇق كېچە،
ئاي نۇرى قەلبىمنى قىلغان مالىمان.
سەن نېمە، سەن نېمە؟ بەلكىم، ھېچنېمە!
گۇناھكار يۇلتۇزدەك قالايمىقان!

سۆيگۈگە ئىزاھات بېرەيمۇ، ياق، ياق!
سۇپەت ئۇ شەيئىنىڭ ئاددىي بەلگىسى.
شۇنچە يىل زارىقىپ كۈتكىنىم نېمە؟
يا خىيال يا ئازاب ئەخلەت ساندۇقى!

يېڭى كۆز
«كۆيزار» يېڭى كۆچلەر ئەدەبىيات سالونى

## يار، دەردىڭ يامان

دەھشەت بىر ئاۋازدا چىرقىراپ يوللار،
جەسەتلەر بېشىنى كۆتۈردى ئاستا.
مەن كېچە چۈشۈمدە تۇنجۇقۇپ كەتتىم،
قورقۇپ ھەم تەشۋىشتە چىقتىم كوچىغا.

كەچ كۈزنىڭ ئاخىرقى مەيۈسلىكى بار،
بىر غازاڭمەن، سەرسان ـ سەرگەردان.
ئۈلۈۋاتقان جىسمىمغا قاراپ.
پىچىرلىدىم: يار، دەردىڭ يامان!

قان قۇيغان كۆزۈمدە مۇزلىغان دۇنيا،
قانىغان تاغلاردا ھۇۋلار باياۋان.
ئىچىمدىكى قورام تاشلىقتا،
ئاھ، سەن قالدۇرغان چەكسىز ھاياجان!

## يەر بېغىرلىغۇچى

مەن ئەڭ ئاجىز يەر بېغىرلىغۇچى ھايۋانمەن،
ئافرىقا ئورمانلىقىدىكى كەڭ يوپۇرماق مېنىڭ
كۆلبەم.
سۈتتەك ئاي نۇرى، دىنازاۋۇر ۋە ئالتۇن تەنلىك
ماكاكا مايمۇنى،
ۋادەرىخا! ھېچكىممۇ يىغلىماس ئەگەر مەن
ئۆلسەم!

مەن ئەڭ ئاجىز يەر بېغىرلىغۇچى ھايۋانمەن،
چىلى ئورمانلىقىدىكى بىر ئېرىقتىن لەززەت بىلەن
سۇ ئىچىۋاتىمەن...
قۇسۇۋاتقان مەست كېپىنەك، كۆيۈكتاغ.
ئەتراپىدىكى سانسىز چۈمۈلە،
ئېچىرقىدىم تەنلەر بىھوش، مەن چىشىمنى
بىلەۋاتىمەن...

## ئىككىنچى ئايال

بىر جاڭگال غېرىبلىق باردۇر ئىچىمدە،
مەن كۆرگەن چۈشلەر بۇ قەدىمىي كېچە.

ئاي ئورغىقى ئوراپ چىقار غېرىبلىقىمنى،
يۇلتۇز مىختەك كۆكسۈمگىلا قادالغان.
ئاپپاق قاردا قاپقارىدۇر دەردلىرىم،
نەشتەر ئۇرار تەنلىرىمگە زىمىستان.

ساناپ چىقتىم ئاسماندىكى زېمىننى،
ئالىقىنىمدا قۇياش تاتلىق چۈش كۆرەر.
بىر جىڭ مەيگە تۆت سىر ئازاب شېرىكتۇر،
ئازاب بولغاچ دۇنيا گۈزەل كۆرۈنەر.

بەك تېتىقسىز داغدا قالغان خىياللار،
جان بېغىرلاپ ئۇنلەپ بولدى زەبانىم.
مەن كويۇڭدا ئەڭ نومۇسچان شەرمسار،
سەن قەيەردە ئاۋارىسەن جانانىم!؟

مۇھەررىرى: ئىمىرھەسەن مەخمۇت




# غەيرەت ئاسىم ئەسەرلىرىنىڭ ئالقىشى

ياسىنجان نىزامىدىن

## كىرىش سۆز

ئۇيغۇر يازغۇچىسى غەيرەت ئاسىم ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە ئىككى خىل تىلدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، مىللىي مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىياتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە مۇئەييەن تەسىر قوزغىدى. ئۇنىڭ خەنزۇچە ئەدەبىي ئەسەرلىرى مىللەتنىڭ ۋە يەرلىك رايوننىڭ ئۆزىگە خاس روشەن ئالاھىدىلىكى بىلەن مۇجەسسەملەنگەن، مەدەنىيەتنىڭ يەر شارىلىشىشىدىن ئىبارەت رېئال تەرەققىيات بىلەن ماسلاشقان بولۇپ، ئىلغار مەدەنىيەتنى ئۆگىنىپ ئۆز مىللىتىنىڭ ئىجادىيەت سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ۋە ئوخشاش بولمىغان مىللىي مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە يەنە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مۇستەقىللىقى (ئۆزگىچىلىكى) ۋە ئىجادىيەت ئەۋزەللىكى روشەن ھالدا ساقلاپ قېلىنغان.

**بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزدا**
**نېمە گەپ**

بۈگۈنكى دەۋردە مەدەنىيەتنىڭ يەر شارىلىشىشىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. مەدەنىيەتنىڭ يەر شارىلىشىشى مەدەنىيەتنى «ئوخشاش سۈپەتلەپ، بىر گەۋدىلەشتۈرۈش»نى پەيدا قىلىش بىلەن بىرگە، مىللىي ئەدەبىياتنىڭ ئاشقى مەدەنىيەت بىلەن ئۆزئارا ئۆچرىشىشى، تەسىر كۆرسىتىشى ۋە ئالمىشىشى جەريانىدا، مىللىي مەدەنىيەت مۇئەييەن دەرىجىدە خىرىسقا ۋە غىدىقلىنىشقا دۇچ كېلىپ، ئەگرى-توقايلىق ئىچىدە يەنە تەرەققىي قىلىش ۋە گۈللىنىش پۇرسىتىگىمۇ ئېرىشتى، بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۇ تېخىمۇ شۇنداق. شۇڭا، جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىمۇ غەيرىي مەدەنىيەت ۋە غەيرىي ئەدەبىياتنىڭ ئۆزئارا ئۆچرىشىشى ۋە ئالمىشىشى ئىچىدە تەرەققىي قىلدى. بۇ خىل ئەھۋال بولۇپمۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئىنتايىن گەۋدىلىك بولماقتا.

غەيرەت ئاسىم مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىچىلىكى ساقلاپ قېلىنغان، ھەم ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشقان يارقىن ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى باشقا

مىللەتلەرگە يەتكۈزۈش جەھەتتە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

**بىرىنچى، «كېپىنەك دەۋرى» ئەدەبىي مۇھاكىمە يىغىنى**

شائىخەي شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن ۋېنخۇي نەشرىياتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان «كېپىنەك دەۋرى — داڭلىق ئۇيغۇر يازغۇچىسى غەيرەت ئاسىم ئەسەرلىرى مۇھاكىمە يىغىنى» 2012-يىلى 6-ئاينىڭ 14-كۈنى شائىخەي شەھىرىدە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. مۇھاكىمە يىغىنىدا غەيرەت ئاسىمنىڭ يېڭى ئەسىرى «كېپىنەك دەۋرى»نى تارقىتىش مۇراسىمىمۇ بىرگە ئېلىپ بېرىلدى.

مۇھاكىمە يىغىنىغا شائىخەي شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى، «شائىخەي ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەھبەرلىرى، ۋېنخۇي نەشرىياتىنىڭ باشلىقى، شائىخەي شەھىرىدىكى بىر قىسىم داڭلىق يازغۇچىلار، ئەدەبىي ئوبزورچىلار، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پىروفېسسورلىرى ۋە ئەدەبىي مەتبۇئاتلارنىڭ باش مۇھەررىرلىرى، شىنجاڭلىق ئەدەبىي ئوبزورچىلار ھەمدە شائىخەي شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئاچقان شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ياش ۋە ئوتتۇرا ياش يازغۇچىلىرىنى تەربىيەلەش كۇرسىغا قاتنىشىۋاتقان بارلىق كۇرسانتلار قاتناشتى.

مۇھاكىمە يىغىنىغا شائىخەي شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «شائىخەي ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى جاۋ لىخوڭ رىياسەتچىلىق قىلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئازات سۇلتان ئۆز سۆزىدە ئالدى بىلەن شائىخەي شەھىرىنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى كەسىپداشلارنىڭ شىنجاڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە قوللىغانلىقىغا چىن كۆڭلىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈردى، ھەمدە غەيرەت ئاسىمنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. مۇھاكىمە يىغىنى داۋامىدا يىغىن قاتناشچىلىرى بەس-بەستە پىكىر بايان قىلىپ، چوڭقۇر مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشتى. يېڭى كۆزقاراشلارنى كەينى-كەينىدىن ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوخشاش بولمىغان كۆزقاراشلار ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇرۇش بىلەن كۈتۈلمىگەن يېڭى پۇرسەت يارىتىلدى.

ئەدەبىيات ساھەسىدىكى شائىخەيلىك داڭلىق ئوبزورچىلار بىردەك ھالدا مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: «غەيرەت ئاسىم ۋەكىللىكىدىكى بىر تۈركۈم شىنجاڭلىق ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى خەنزۇ تىلى ئارقىلىق يېزىقچىلىق ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەنزۇ ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جەسۇرانە ھاياتلىق ھىدىنى، شىنجاڭنىڭ كۈچلۈك يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان مەدەنىيىتى ۋە يوقىتىپ قويۇلغان شېئىرىيەت ئەنئەنىسىنى يەتكۈزۈپ بەردى، بۇ تېخىمۇ مۇكەممەل سىستېمىلاشقان بۈيۈك جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا تېخىمۇ پايدىلىق».

شائىخەي ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئەربابلار غەيرەت ئاسىمنىڭ ئەركىن ئۇسلۇبتا جانلىق يېزىلغان شېئىرىي تۈس ئالغان ئەسەرلىرىگە ئېتىبار بىلەن قاراپ مۇئەييەنلەشتۈردى. فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى، مەشھۇر ئەدەبىي ئوبزورچى گاۋ يۈەنباۋ ئەپەندى «سىمفونىيە» دېگەن سۆز ئارقىلىق غەيرەت ئاسىم ئەسەرلىرىنىڭ تىل «مۇزىكىسى»نى سۈپەتلىدى. مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن شىنجاڭدىن



شائىخەيگە بارغان ئەدەبىي ئوبزورچى ۋۇ شياۋچېڭ ئەپەندى غەيرەت ئاسىم ئەسەرلىرىدىكى روشەن يەرلىك مەدەنىيەت ئۇسلۇبى ۋە قويۇق مىللىي مەدەنىيەت پۇرىقىغا ئىگە بولغان ئالاھىدىلىكنى يەتكۈزۈپ بېرىشتە نامايان قىلغان سېھرىي كۈچى ھەققىدە مەخسۇس تېمىدا سۆزلىدى. شائىخەي شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى سۇن يۇ دادىللىق بىلەن پىكىر بايان قىلىپ، مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدە ئارقا-ئارقىدىن مەيدانىغا چىقىۋاتقان يېڭى ئادەم ۋە يېڭى ئىشلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شىنجاڭ

ئەدەبىياتى يۈكسەك هاياتىي كۈچكە ۋە چەكسىز ئۈمىدۋارلىققا ئىگە. شىنجاڭ ئەدەبىياتى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان مەزمۇنىنىڭ مولluqى هەم ئۆزگىچىلىكى بىلەن پۈتكۈل جۇڭگو ئەدەبىياتىغا تەسىر كۆرسەتتى.»

مۇهاكىمە يىغىنى داۋامىدا يەنە ۋاڭ جىرېن، ياڭ ياڭ، ياڭ جيەنلوڭ، جۇ شياۋرۇ، جۇۋ لىمىن، لى چىڭاڭ ۋە چېن شىنگېڭ قاتارلىق ئالىم ۋە مۇتەخەسسىسلەر ناهايىتى ئېسىل پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا بولغان ئىشەنچىسىنى بىلدۈردى.

ۋېنخۇي نەشرىياتىنىڭ مۇهەررىرى مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «غەربىي رايون ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاپ، شەرقىي رايون ئەدەبىياتى بىلەن غەربىي رايون ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنى




كۈچەيتىش ئۈچۈن، شاڭخەي شەهەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەلىپىگە ئاساسەن «ئۆزئارا ياردەملىشىپ، ئۆزئارا هەمكارلىشىش» پائالىيىتى ئېلىپ باردۇ. «كېپىنەك دەۋرى» ناملىق كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى دەل شاڭخەي شەهەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ساهەلەر بويىچە هەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقانلىقىنىڭ كونكرېت نەتىجىسىدۇر. بۇ كىتابقا غەيرەت ئاسىمنىڭ «ئاخىرقى ئەر»، «مەڭگۈ ۋە مەڭگۈ»، «ۋاقىت» قاتارلىق ئۈچ پارچە هېكايىسى، «مامۇت»، «هاۋاگۇل»، «ياخشى قىزچاق» قاتارلىق ئۈچ پارچە پوۋېستى ۋە «كېپىنەك دەۋرى» ناملىق رومانى قاتارلىق يەتتە پارچە ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، كىرىش سۆز قىسمىنى شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل رەئىسى دۆڭ لىبو ئەپەندى يازغان.

مۇهاكىمە يىغىنى داۋامىدا مۇهەررىرلەر بىردەك مۇنداق دەپ هېسابلىدى: «شىنجاڭلىق ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئۆز ئانا تىلى ئارقىلىق يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇنلىغان نادىر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ياراتقان بولسىمۇ، لېكىن تىل پەرقى سەۋەبىدىن خەنزۇ تىلىنى ئاساس قىلغان ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىشتە قىيىنچىلىق مەۋجۇت ئىدى. غەيرەت ئاسىم ئۆز ئانا تىلىدا ئەسەر يېزىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە، خەنزۇ تىلىدىمۇ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا ماهىر بولۇپ، ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئالاهىدە بىر خىل ئەدەبىي تىل سەزگۈرلۈكى ۋە ئىدىيەنى يەتكۈزۈپ، ئوقۇرمەنلەردە پۈتۈنلەي يېڭى تۇيغۇ پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ هېكايىلىرى ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى هەم ئەدەبىيات ساهەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىدى. غەيرەت ئاسىمنىڭ ‹كېپىنەك دەۋرى› ناملىق ئەسىرىنىڭ نەشر قىلىنىشى بىر تەرەپتىن شىنجاڭنىڭ مىللىي ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنىڭ نەتىجىلىرىنى نامايان قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن هازىرقى زامان ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى ۋە ئوبزورچىلىرىنى ئىنتايىن ياخشى بولغان ئاز سانلىق مىللەت ئەدەبىي ئوقۇشلۇقى بىلەن تەمىن ئەتتى».

غەيرەت ئاسىم شىنجاڭنىڭ كېرىيە ناهىيەسىدىن بولۇپ، 1966-يىلى دادىسىنىڭ خىزمىتى غۇلجىغا يۆتكىلىشى بىلەن غۇلجا شەهىرىگە بارغان. ئىلى مالىيە سودا مەكتىپىنىڭ تەرجىمانلىق كەسپىنى پۈتكۈزۈپ، 1976-يىلى قورغاس ناهىيەسىگە بېرىپ دېهقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، كېيىن ئىلى گېزىتخانىسىنىڭ باسما زاۋۇتىدا ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئىلى مالىيە سودا مەكتىپى ۋە بېيجىڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەربىيەلەش مەركىزىدە بىلىم ئاشۇرۇپ، ئىلى گېزىتخانىسى ئۇيغۇر تەهرىر بۆلۈمىدە مۇهەررىر، ج ك پ ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى مەنىۋى مەدەنىيەت ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئىلى ئوبلاستلىق پىلىچى كۆمۈر كانىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى (ۋەزىپە ئۆتەش)، ج ك پ كۈيتۇن شەهەرلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ج ك پ ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1979-يىلدىن باشلاپ ئۇنىڭ ئەسەرلىرى گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىشقا باشلاپ، 1995-يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە

ئەزا بولغان. «يادىكار»، «پەرىدە»، «ئالتۇن كان»، «قىزىل ئاسمان»، «كۆڭگە مەدھىيە»، «ئەۋرىشىم»، «دەۋر ھەممىگە گۇۋاھ»، «قىزىل ئەينەك» قاتارلىق ھېكايە ۋە پوۋېست توپلاملىرى نەشر قىلىنىپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەر ئىچىدە زور تەسىر قوزغىغان. «ئويغاق ئات ۋە ئۇخلاۋاتقان ئات» ناملىق ھېكايىسى 1984-يىلى شاڭخەي «بىخ» ژۇرنىلى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ۋە 1995-يىلى ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى باھالاشتا 2-دەرىجىلىك ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، 1987-يىلى «ياشىسۇن ھاياتلىق» ناملىق ئەسىرى شىنجاڭ بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا، «ئالتۇن كان» ناملىق ئەسىرى 1998-يىلى «ئىلى دەرياسى» ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. غەيرەت ئاسىمنىڭ بۇ قېتىم شاڭخەيدە نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان «كېپىنەك دەۋرى» ناملىق ئەسىرى ئۇنىڭ يېقىنقى ئىككى يىلدىن بېرىقى جاپالىق ئىجادىيەت ھاياتىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك نەتىجىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.




يېقىن ئاخىردا غەيرەت ئاسىم «ھېكايە بىزنىڭ ئايرىلماس دوستىمىز» دېگەن تېمىدا شېئىرىي تىل ئارقىلىق قىزغىن نۇتۇق سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت تەسىراتلىرىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە، شاڭخەي بىلەن شىنجاڭنىڭ بۇ يىغىننى ھەمكارلىشىپ ئۇيۇشتۇرغانلىقىغا، يازغۇچى ۋە ئوبزورچىلارنىڭ ئەھمىيەت بېرىپ كۆيۈنگەنلىكىگە تەشەككۈر ئېيتتى ھەم ھېكايىچىلىق ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ھېكايىچىلىق ھازىرقى دەۋرنىڭ جىددىي تەلىپى، مول مەزمۇنلۇق ھېكايە پۇرىقىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئالەمدىكى ھەممە نەرسە ۋە ئادەمىيلىكنىڭ ھەر خىل قىياپەتلىرى مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ تەپسىلاتلار بىزنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىمىزنى چىڭ تۇتۇپ تۇرىدۇ، ھېكايىچىلىق يەر يۈزىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق سەنئىتىدۇر.»

**ئىككىنچى، غەيرەت ئاسىم ئەسەرلىرىدىكى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك**

**1. سىمفونىيەلەشكەن ئەدەبىيات تىلى**

غەيرەت ئاسىم ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ يېزىقىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قوش تىللىق مۇنەۋۋەر يازغۇچى. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىمۇ كۆپ، ھەم ئىجادىيەت سۈپىتىمۇ ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، ئۇزۇندىن بۇيان ئىزچىل تۈردە نۇرغۇن يازغۇچىلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپ كەلدى. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى 1979-يىلىدىن باشلاپ ئېلان قىلىنىپ، ھازىرغىچە ئالتە پارچە ھېكايە، پوۋېستلار توپلىمى، 10 پارچە رومانى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

20 نەچچە يىل ئىلگىرى غەيرەت ئاسىمنىڭ ھېكايە، نەسر ۋە شېئىرلىرى شۇ چاغلاردا مەخسۇس ياش يازغۇچىلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش مەقسەت قىلىنىپ، مەملىكەت بويىچە «ياڭراق ئاۋاز» دەپ نام چىقارغان ئەدەبىي ژۇرنال «بىخ»تا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە بايان قىلىنغان ۋەقەلىك مەزمۇنغا باي، تەسىرلىك، قىزىقارلىق، ئۇسلۇبى ئۆزگىچە بولۇپ، نۇرغۇن خەنزۇ ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى ۋە يازغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان.

ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، بىر پارچە كىتاب ياكى بىر پارچە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ باشقىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلالىشى دەل شۇ ئەسەرنىڭ تىلىنىڭ باشقىلارنى قىزىقتۇرۇشىغا باغلىق. ئەدەبىي ئەسەر ھەۋەسكارلىرى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تىلىغا نىسبەتەن تەبىئىي ھالدا ئىنتايىن يۇقىرى سەزگۈرلۈككە ئىگە. تىل خۇددى بىر نەخسە قورۇمىنىڭ رەڭگىگە ئوخشايدۇ، ئۇستا ئاشپەزلەر ھەممىشە مۇشۇ نۇقتىنى چىقىش قىلىپ خېرىدارلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. قۇرۇلما ۋە ئىچكى ئامىلنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تەدرىجىي ھالدا تىرىشىش ئارقىلىق تۈزىتىپ كەتكىلى بولىدۇ. ئەمما تىلدىن ئىبارەت بۇنداق قويۇق تەبىئىي تۈسكە ئىگە ئالاھىدىلىكنى بۇنداق ئاسان ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس. غەيرەت ئاسىم ئۇزۇن مۇددەت قوش تىل ئارقىلىق يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ئەمەلىيىتى داۋامىدا، ئىككى خىل تىلنى ماھىرلىق بىلەن ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق، ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە بولغان بىر خىل ئەدەبىي ئىجادىيەت تىلىنى ياراتتى، ئۇنىڭ تىل

ئۇسلۇبى ئىزچىل تۈردە ساپ، راۋان، چۈشىنىشلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ كەلدى. ئەسەرلىرى ئوقۇرمەنلەردە خۇددى ئىلى دەرياسىنىڭ سۈپسۈزۈك سۈيىدەك بەھۇزۇر تۇيغۇ پەيدا قىلىپ، باشتا شىرىلداپ، ئارقىدىن ئۇلاپلا جۇشقۇنلاپ، توختىماستىن ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقاندەك ھېسسىياتنى شەكىللەندۈردى. ئوقۇغانسېرى ئادەمنى مەستخۇش قىلىپ، ئىختىيارسىز ھالدا ھاردۇقنى چىقىرىپ، ئەركىن ئازادىلىك ھېس قىلدۇردى. غەيرەت ئاسىمنىڭ ئەسەرلىرىگە باشتىن ـ ئاخىر مۇشۇنداق تىل گۈزەللىكى سىڭىپ كەتكەن. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۆز ئەسلىمىلىرى ئىچىدىكى نەرسىلەر مۇشۇ دەۋرنىڭ جەۋھەرلىرى بولۇپ، تارىخنىڭ ساقلانمىلىرى ھېسابلىنىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى يېزىق ئارقىلىق مەڭگۈلۈك ئەسلىمىگە ئايلاندۇرۇش، دەل ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ئېلىپ بېرىلغان بىر خىل مۇئەييەنلەشتۈرۈش بولۇپ، ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىگە تۇتقان ئىززەت ـ ھۆرمىتىدۇر. ئۇنىڭ «كىرىيە ئەسلىمىلىرى» ناملىق نەسرىي ئەسىرى ئۇنىڭ ئاددىيلا رەتلەپ يېزىپ چىققان ئەسىرى بولماستىن، بەلكى كىشىلىك ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى تەكرار ئەسكە ئېلىش ئاساسىدا قايتىدىن يۇرۇش قىلىش كۈچىنىڭ يىغىندىسىدۇر. ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بۇ ئەسلىمىدە، ئاپتور تولۇپ ـ تاشقان ھېسسىياتقا باي قەلىمى ئارقىلىق، يەرلىك خەلقنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە ئۇلارنىڭ يۇرتقا بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنى ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلەپ بەرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاپتورنىڭ كىشىلىك ھايات تۇيغۇسى جەھەتتىكى ئىستەك ۋە ئارزۇلىرى ئىپادىلەنگەن. ئەسەردە ئاپتور ئۆزىنىڭ مومىسى، كىچىك ئاپىسى، كىچىك دادىسى، تاغىسى ۋە ئانىسى قاتارلىق قېرىنداشلىرىنى ئېنىق ئەسكە ئېلىش ئارقىلىق، كېرىيە يېزا ـ قىشلاقلىرىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ۋە ئانا يۇرتقا بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنى چوڭقۇر سۈرەتلەپ، ئۆز ھاياتلىق سەرگۈزەشتىلىرى ۋە مىجەز ـ خاراكتېرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ئاشۇ دەۋردىكى تۇرمۇشنى ناھايىتى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق، قوش تىللىق يازغۇچىنىڭ باي ھەم مەزمۇنلۇق ھېسسىيات دۇنياسى ۋە ئۆزىگە خاس تىل تالانتى نامايان قىلىنغان.

فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى، مەشھۇر ئەدەبىي ئوبزورچى گاۋ يۈەنباۋ ئەپەندى غەيرەت ئاسىمنىڭ ھېكايىلىرىدىكى تىلنىڭ «مۇزىكىلىق» رىتىمىنى «سىمفونىيە»گە ئوخشىتىش ئارقىلىق، ئۆز پىكرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «كۆرۈنۈشتە غەيرەت ئاسىمنىڭ ئوبراز يارىتىش ئارزۇسى ئاجايىپ ئوچۇق ـ ئاشكارا ۋە ئىنتايىن تۈز كۆرۈنىدۇ، ئەمما ئوقۇرمەنلەرنى ئارزۇلۇق دۇنيانى ‹ماراپ كۆزىتىش›كە يېتەكلەپ كىرىش جەھەتتە ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئاددىي ئەمەس، بۇنى خەنزۇ تىلى يېزىقچىلىقى ھەمىشە يۇدۇپ ئۈستىگە ئېلىۋالىدىغان ئەخلاق ـ ئېتىكا قارىشىنىڭ ئېغىر ئاسارىتىگە، ئالدىراپ مەنىسىنى شەرھلەشكە، روھ تىلغا ئېلىنىشى بىلەنلا ناھايىتى سالماقلىشىپ كېتىشكە باغلاشتۇرغاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان ھاياتلىق ھىدىنى بىر ئاز ئۆزىمىزگە تارتىپ ئەكېلىشنىڭ پايدىسى بولسا بولىدۇكى ھەرگىز زىيىنى بولمايدۇ.»

دېمەك، تىل ئەسەرنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى شۇنداقلا بىر يازغۇچىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئۇل ئاساسى بولغان بولسا، غەيرەت ئاسىم ئەسەرلىرىدىكى سىمفونىيەلەشكەن تىل گۈزەللىكى دەل ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكىدۇر.

2. ئۆزگىچە يارىتىلغان پېرسوناژلار خاراكتېرى

غەيرەت ئاسىم ئەسەرلىرىدە ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، بايان قىلىش ئۇسلۇبى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە.

غەيرەت ئاسىم ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە ئەسەر بۆلەكلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ماھىرلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇشقا ۋە دەبدەبىلىك سۆز ـ ئىبارىلەرنى قايتا پىششىقلاپ قىستاپ ئىشلىتىشكە ئىنتىلمەستىن، بەلكى كۆڭۈل قويۇپ پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ چىن قەلبىدە ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان قايناق ھېسسىياتىغا تايىنىپ قەلەم تەۋرىتىش ئارقىلىق، ئۆزىگە خاس تىل ئۇسلۇبىنى ياراتقان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە خۇددى دۇلدۇل سامادا پەرۋاز قىلغاندەك ئەركىن ـ ئازادە تەپەككۇر يۈرگۈزۈلۈپ، ۋەقەلىك تەبىئىي ھالدا ئالدىغا سۈرۈلۈپ، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى خۇددى شاكىلدىن



ئاجرىتىلغاندەك ئاستا-ئاستا يورۇتۇپ بېرىلگەن.

شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدە خەنزۇ تىلىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇيغۇر يازغۇچىلار كۆپ ئەمەس، غەيرەت ئاسىم دەل ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگىنى. غەيرەت ئاسىم قوش تىل يېزىقچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەنزۇ تىلى ئەدەبىياتىغا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جەسۇرانە ھاياتلىق ھىدى ۋە كۈچلۈك يەرلىك پۇراققا ئىگە بولغان شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەدەنىيىتى ھەمدە يوقىلىپ كېتىۋاتقان نەزم-شېئىر ئەنئەنىسىنى ئېلىپ كەلدى.

شاڭخەي شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، داڭلىق ئەدىب جاۋ خوڭلى غەيرەت ئاسىم ئەسەرلىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ دەيدۇ: «شىنجاڭ ئەدەبىياتىنىڭ جەسۇرانە شەپىسى شاڭخەيگە يېتىپ كەلدى. غەيرەت ئاسىمنىڭ ئەسەرلىرى كىشىلەرنى شىنجاڭ ئەدەبىياتىنىڭ جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا، باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان قىياپەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى نۇرغۇن خۇسۇسىيەتلەر خەنزۇ يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە يوق.»

**3. چەكسىز ئۈمىدۋارلىققا تولغان تىل گۈزەللىكى**


غەيرەت ئاسىمنىڭ ئىجادىيەتلىرىدە ئۈمىدۋارلىق خۇددى ئاپتاپ نۇرىدەك كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئىللىتىدۇ، كۈرەش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن شاد-خۇراملىق ئازاب-ئوقۇبەت تەسۋىرلەنگەن كۆرۈنۈشلەرنى بېسىپ چۈشىدىغان بولۇپ، تۇرمۇشتىكى قاراڭغۇلۇق ئۈمىدۋارلىق ئىچىدە يورۇتۇپ بېرىلگەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىجابىي ئوبرازلار سەلبىي ئوبرازلاردىن، شاد-خۇراملىق قايغۇ-ئەلەمدىن كۆپ، ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان ئوبرازلار يەنىلا رەزىل، يىرگىنچلىك ئوبرازلاردىن كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كىشىلەرگە مەڭگۈ بىر خىل ئاكتىپلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشتەك توختاۋسىز كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ، كىشىلەرنى ئازادىلىك ئىچىدىكى بىر خىل شاد-خۇراملىق روھىدىن تەڭ بەھرىمەن قىلىپ، ئىنسانلار ئارىسىدىكى ۋاپادارلىق ۋە مېھرىبانلىق روھى مەدھىيىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە يارىتىلغان سەلبىي ئورازلارغا قارايدىغان بولساق، ئۇلار ۋاپادارلىقتىن ئىبارەت ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ئەڭ كۈچلۈك مەنىۋى قورالنىڭ قۇدرەتلىك كۈچ-قۇۋۋىتىنىڭ تەسىرىدە يامانلىقتىن ئۆزىنى تارتىپ ياخشى ئادەمگە ئۆزگىرىدۇ. ئادىمىيلىكنى ياخشى چۈشىنىشتە غەيرەت ئاسىم ئۆتكۈر بىر جۈپ كۆزگە، تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيۈشتە يالقۇنجاپ تۇرغان قەلبكە ئىگە. ئۇنىڭ قەلىمى قىرغىنچىلىق، زوراۋانلىق ۋە ئادىمىيلىك ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان بىر-بىرىگە ئورا كولاشتىن ئىمكانقەدەر ساقلانغان بولۇپ، كىشىلىك ھاياتقا ئىشەنچ ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قاراپ، كىشى قەلبىنى ئىللىتىدىغان باھار مەنزىرىسى سىڭدۇرۇلگەن. مانا بۇ بىر ئۇيغۇر يازغۇچىنىڭ مىللەت ئوبرازىنى مۇقەددەس بىلىپ، ئۆز مىللىتىنى ئۇلۇغلاپ، قىزغىن سۆيگەنلىكىنىڭ، ئۆز مىللىتىگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتى ۋە ھۆرمىتىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەسلىكىنىڭ روشەن ئىپادىسى بولۇپ، مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىغا ئىگە بىر يازغۇچىنىڭ روھىدۇر. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئەپۇچانلىق مەنىسىدىكى «ئۆزۈڭگە ياقمىغاننى ئۆزگىگە تاڭما» دېگەن كىشىلىك ھايات ئۆلچىمى بىلەن يۇغۇرۇلغان بولۇپ، «ئەپۇ قىلىش»، «كۆڭلى-كۆكسى كەڭ بولۇش» ئىدىيەسى سىڭدۇرۇلگەن. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى چەكسىز ئۈمىدۋارلىققا تولغان تىل گۈزەللىكىگە ئىگە بولۇپ «روھىي قۇتقازغۇچى»نىڭ ئوبرازى ئىجابىيلىق بىلەن يارىتىلغان.

**4. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەجدادلار روھى يەنە بىر قەدەم يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈپ مەدھىيىلەنگەن**

غەيرەت ئاسىمنىڭ ئەسەرلىرىدە يارىتىلغان ئەجدادلار ئوبرازىدىكى ئاجايىپ «ئوخشاشلىق»لار ئىچىدىكى «نۇقسانلىق»لارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىگە چوڭقۇر مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى يوشۇرۇنغان. ئۇيغۇرلاردا ئەجدادلارنى ھۆرمەتلەش ۋە قەدىرلەش ئادىتى ئىنتايىن چوڭقۇر ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇيغۇرلار ياشانغان كىشىلەرنى ئەقىل-پاراسەت ۋە بىلىمنىڭ سىمۋولى دەپ قارايدۇ. كىشىلىك دۇنياغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ياشانغانلار بىلىمى مول كىشىلەر بولۇپ، تۇرمۇش ۋە ۋاقىتنىڭ تاۋلىشى ئۇلارغا ھاياتلىقنىڭ چەكسىز ھەم بىباھا ئەقىل-پاراسەت گۆھىرىنى ئاتا قىلغان. مانا بۇ دەل ئۇيغۇرلارنىڭ ياشانغانلارنى قەدىرلەپ ھۆرمەتلەشتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى ئادىتىنىڭ مەنبەسىدۇر. غەيرەت ئاسىمنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇ ئىدىيە ئىنتايىن كۈچلۈك تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، يارىتىلغان ئانا ئوبرازى يەنە كىشىلەرگە خۇددى باھاردەك بىر خىل ئىللىقلىقنى يەتكۈزىدۇ. ئۇيغۇر ئانىلار مۇلايىم، ئىنائەتچان، چەكسىز مېھرىبان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ، ئۆمۈربويى تىرىشچان ۋە ئىقتىسادچانلىق بىلەن جان كۆيدۈرۈپ ئائىلە باشقۇرۇپ كەلگەن ئالىيجاناب ئانىلارنىڭ روھى مەدھىيىلەنگەن. غەيرەت ئاسىمنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلار روھى تېخىمۇ بىر يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ مەدھىيىلەنگەن.

ئۇيۇشتۇرغۇچى: **پولات ھېۋىزۇللا**

مۇھەررىرى: **ئىمىرھەسەن مەخمۇت**



# «ئاتامنىڭ بەشىنچى بالىسى»نىڭ مەخپىي ئارخىپى

(ئەدەبىي ئوبزور)

**ئۆمەر ئەمەت بەربەرى**

پىروزا رېئال تۇرمۇشنىڭ بەدئىيلەشتۇرۇلگەن، سەنئەتلىك ئىنكاسى. پىروزا ئەسەرلىرىنىڭ مەنبەسى رېئال تۇرمۇش بولغانلىقى ئۈچۈن يازغۇچىنىڭ كاللىسىدا شەكىللەنگەن تۇيغۇ ئۇنى قانچە قىلسىمۇ ھامان رېئاللىققا ئوخشىتىشى كېرەك. مەيلى ئۇ فانتازىيە ياكى ئەپسانە-چۆچەك بولسۇن ئۇنىڭ مەلۇم جايلىرى ھامان رېئاللىققا تۇتاشقان بولىدۇ. ئەمما تالايلىغان پىروزا ئەسەرلىرى قانداقتۇر مەلۇم دەرىجىدىكى رېئاللىق چەكلىمىلىكى سەۋەبىدىن ھامان چەكلىك دائىرىدە يېزىلسىمۇ ئۆز ئىچىدىكى تېرەن پىكىرلەر، ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان پېرسوناژلار، كۈچلۈك بەدئىي تىل، ئۆتكۈر ۋە مۇكەممەل ۋەقەلەر ئارقىلىق ئۆزىدىن كۆپ ھاللاردا ھالقىپ كېتىدۇ. كىچىككىنە ھەجىم ئۆزىگە سىغمىغان ھالدا چوڭىيىدۇ. پىكىرلەر قاناتلىنىپ ئوقۇرمەننىڭ روھىيەت بوشلۇقىدا پەرۋاز قىلىدۇ. ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان گۈزەل تىللار ئانا تىل يايلىقىدىن شىرىلداپ ئۆتۈپ ئوقۇرمەننىڭ كاللىسىنى يۇيۇپ پاكىزلاپ، ئۇنىڭغا چەكسىز ھۇزۇر بەخش ئېتىدۇ، سەگىتىدۇ... ئەمما ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خەزىنىسىدە بۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنى يەنىلا كۆپ دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ.

## ئەسەر ۋە باھا

ياش يازغۇچى ئەمەتجان مۇھەممەت كۆنچى كۈنىمىزدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئاز ۋە ساز ئەسەرلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا قىزغىن قارشى ئېلىنىۋاتقان ئۈمىدلىك يازغۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ يېقىنقى كۈنلەردە «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىنغان «QQ دىكى ئەر» (پوۋېست)، «ئۆي مەھەللە ۋە دۆڭ مەھەللە» (چاتما ھېكايە)، «ئاتامنىڭ بەشىنچى بالىسى» (ھېكايە) قاتارلىق بىر قىسىم ئەسەرلىرى تۇرمۇش رىتىمىنىڭ كۈنسېرى تېزلىشىشى نەتىجىسىدە رىقابەت كەسكىنلىشىۋاتقان، بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ مەنىۋىيىتى قۇرغاقلىشىپ تاپتىن چىقىۋاتقان، مال-دۇنيا، ئەيش-ئىشرەت قىزغىنلىقى ئۇلارنىڭ روھىغا كەلكۈندەك باستۇرۇپ كىرىپ ئەدەپ-ئەخلاق ۋە قەدىر-قىممەت يىمىرىلىۋاتقان تۇرمۇش مۇھىتىدا ئوقۇرمەننىڭ قىزغىن قارشى ئېلىنىشىغا ئېرىشىپ، كىشىلەرگە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ

قىممىتى ۋە ھۆزۈرىنى يەنە بىر قېتىم تونۇتتى. شۇڭا بىز بۇ يازمىمىزدا كۆنچىنىڭ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 2012-يىللىق 2-سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئاتامنىڭ بەشىنچى بالىسى» ناملىق ھېكايىسى ئۈستىدە توختىلىمىز.

ھەقىقىي يازغۇچى جەمئىيەتتىكى ئىنتايىن ئىلغار توپ- زىيالىيلار قاتلىمىغا تەۋە. بۇ يەردە نېمىشقا «ھەقىقىي» دېگەننى قوشۇپ قويىمىز؟ ئەمەلىيەتتە يازغۇچى-شائىرلار ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئېيتقاندا «دەۋرىنىڭ ۋىجدانى». ئۇ يازغۇچى بولۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان پەۋقۇلئاددە ئىشلارغا سەزگۈر بولۇشى، كۆنسېرى ئومۇملىشىپ كېتىۋاتقان سەلبىي ئىشلارغا دەل ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرالىشى، قوۋمى چۈشكۈنلۈككە ئۇچرىغاندا ئۈمىدۋارلىققا ئېرىشتۈرەلىشى، قاراڭغۇدا قالغاندا چىراغ ياندۇرالىشى كېرەك. مانا بۇ بىر زىيالىينىڭ ۋەزىپىسى ۋە بۇرچى.

خوش، ئۇنداقتا ھەقىقىي يازغۇچى قانداق ئىشلارنى قىلىشى كېرەك؟ ئۇلار يوقسۇللارغا كۆڭۈل بۆلەلمەيدۇ، يېتىملارنى باقالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار نامرات، قەلەم ھەققى ئۇلارغا ھېچنېمە بولالمايدۇ؛ ئۇلار ئەل ئارىسىغا چۆكۈپ ۋەزخانلىق قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپىنىڭ قەلىمى، نۇتقىغا قارىغاندا كۆپ راۋان ھەم ئۆتكۈر كېلىدۇ؛ ئۇلار ھەممىنى ئىچىگە سولاپ بۇ دۇنيادىن بىغەم ياشىسا ھەم بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار قەلىمى ئارقىلىق كىشىلەرگە ياخشى-يامان، ھەقىقەت ۋە ساختىلىق، مېھىر-مۇھەببەت ۋە رەزىللىكنى بىلدۈرگۈچىلەر.

يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان ھەرخىل بولمىغۇر قىلمىشلار، ئەدەپ-ئەخلاق چېگراسىدىن بۆسۈپ چىقىۋاتقان بەزى ھادىسىلەر ئەتراپىمىزدا پەيدا بولۇۋاتىدۇ. مانا شۇ خىل ۋەقە ھەم ھادىسىلەرگە شاھىت بولۇۋاتقان يازغۇچى بىر زىيالىي بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭغا ئۆتكۈر قەلىمى ئارقىلىق ئىنكاس قايتۇرۇشى كېرەك.

گېپىمىزگە قايتساق، بۇ يەردە بىز مۇھاكىمە قىلماقچى بولغان ھېكايىدە تۆت ئوغۇل بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان خاراكتېر بىلەن يارىتىلغان بولۇپ، ئۇلار ھەر باب بىلەن ئاتىسىنى يالغۇز قالدۇرۇپ، بار بىساتىنى بۆلۈشۈۋېلىشنى ئويلىغىنىدا ھازىر ئەتراپىمىزدا بىر قىسىم ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرى تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىپ، يالغۇزلۇق ۋە خار-زەبۇنلۇقنىڭ

ئازابىنى يەتكۈچە تارتىۋاتقانلىقى كۆزىمىزگە چېلىقسا؛ تۆت ئوغۇل ئۆزلىرى خالىغىنى ۋە ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن توختىماي پىلان تۈزۈشكەنلىرىدە ئەتراپىمىزدىكى بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ كۆنسېرى شەخسىيەتچى، مەنپەئەتپەرەس ۋە ئۆزۈمچىل بولۇپ كېتىۋاتقانلىقى نامايان بولىدۇ؛ يەنە ئۇلارنىڭ ئۆز مەقسىتىگە يېتىش يولىدا دەسلەپ دادىسىنى ئازابلاپ ئۆلتۈرگەندە، ئاندىن تاغىسىنى، ئاخىرىدا «بەشىنچى بالا»نى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىغىنىدا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كۈندىن-كۈنگە رەزىل ۋە پەسكەشلىشىپ، ئۆز مەقسىتى ئۈچۈن ۋاستە تاللىماي ياشاشقا يۈزلەنگەنلىكى بىزنى ئىنتايىن قورقۇنچلۇق تۇيغۇلارنىڭ قۇچىقىغا تاشلايدۇ.

مانا مۇشۇنداق جەمئىيەت خاراكتېرلىك، خەلقنى ئەندىشىگە سېلىۋاتقان، يامان سۈپەتلىك ئۆسمىدەك كۆنسېرى يامراۋاتقان ئىشلارغا كاللىسىنى سەگەك تۇتۇپ دەل ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرالىغان، ئۆز قوۋمىغا توغرا بىلەن خاتانى بىلدۈرۈش ئۈچۈن تىرىشقان يازغۇچى بىزنىڭ نەزىرىمىزدىكى ۋىجدانلىق زىيالىيدۇر.

* * *

ئەمدى ئەسەر ھەققىدىكى تەھلىلىمىزنى باشلىساق، يازغۇچىنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى بەدىئىي دىتى ئەسەردە مۇنۇ بىر نەچچە نۇقتىدا ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ.

1. ۋەقەلىك ۋە پىكىرنىڭ يىلتىزى.

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك يازما ئەدەبىيات خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى تەرەققىيات ۋارىسى. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئوزۇقلىنىدۇ ۋە ئۇنى مەنبە قىلىدۇ. ئۆز مىللىتىنىڭ فولكلور ۋە تارىخىغا بىۋاستە تۇتىشىدىغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بۇلاقلىرىدىن ئېغىزلانمىغان يازغۇچى ۋە شائىر مەغلۇبىيەتچى خالاس.

ئۇشبۇ ھېكايىدە ئاۋۋال كۆزىمىزگە چېلىقىدىغىنى «بەشىنچى بالا». ئەمدى بۇ بالىنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا قانداق باغلايمىز؟

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئىچىدىكى «سىرلىق ساندۇق» ناملىق بىر چۆچەكتە مۇنداق بىر ۋەقەلىك بايان قىلىنىدۇ: بىر ئادەمنىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، ئۇ ئوغۇللىرىنى يېمەي يېگۈزۈپ، كىيمەي كىيگۈزۈپ مىڭ جاپادا بېقىپ چوڭ قىلىدۇ. بالىلار ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇپ، ئۆزىگە تەۋە نېسىۋىلىرىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىنلا بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان ئاتىسىنى تاشلىۋېتىدۇ، ھالىدىن خەۋەر ئالمايدۇ، ئۆيدە يالغۇز قالدۇرۇپ يوقلاپمۇ كەلمەيدۇ. ئەمما ئاتىسىدىن ئازراقلا نەپ

تېگىش ئېھتىمالى بولسا شۇ ھامان ئاتىسىنىڭ يېنىدا تەييار بولىدۇ. باللارنىڭ بۇ نىيىتىنى بايقىغان بوۋاي بىر ئەقىل تاپىدۇ. يەنى كىچىككىنە بىر ساندۇققا يوغان بىر قولۇپنى سېلىپ نەگىلا بارسا يېنىدىن ئايرىماي بىللە ئېلىپ يۈرىدۇ. كېچىسى بېشىغا قويۇپ ياتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ساندۇقتىكى «بايلىق»نى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن باللار ئاتىسىنى تالىشىپ يۈرۈپ باقىدۇ. بوۋاي قازا قىلىپ ساندۇق ئېچىلغاندا بولسا ئىچىدىن بايلىق ئەمەس رەھمەتلىك ئانىسىنىڭ بىرمۇنچە كىيىملىرىلا چىقىدۇ.

ئەمدى قاراپ باقايلى: ناۋادا بىز ئۈچ بالىنى تۆتكە تەققاسلاپ، بوۋاينى ئەسەردىكى ئاتىغا، ساندۇقنى «بەشىنچى بالا»نىڭ ئورنىغا قويساق ئاخىردا قانداق ھاسىلات پەيدا بولىدۇ؟

يەنە مۇنداقمۇ مىسال بار:

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ «ئىبرەتلىك چۆچەكلەر» تۈرىگە تەۋە «ئاتىغا قىلساڭ بالىدىن يانار» ناملىق بىر چۆچەكتە، بىر ئادەم قېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئاتىسىنى سولاپ دەرياغا تاشلىۋېتىش ئۈچۈن بىر ساندۇق ياسىتىدۇ. بۇنى كۆرگەن كىچىك بالىسى ساندۇقتىن يەنە بىرنى قوشۇپ ياسىتىشنى، دادىسى قېرىغاندا ئۇنىمۇ ساندۇققا سولاپ دەرياغا تاشلىۋېتىدىغانلىقنى ئېيتقاندا ھېلىقى ئادەم نىيىتىدىن يېنىپ دادىسىغا يېڭىباشتىن كۆيۈنىدۇ.

يەنە بىر چۆچەكتە بىر بالا دادىسىنى دەرياغا تاشلىۋېتىش ئۈچۈن يۈدۈپ ماڭغاندا ھېلىقى دادا: «مېنى ئاۋۇ جىگدىنىڭ تۈۋىدىن تاشلا، مەنمۇ بۇرۇن ئاتامنى شۇ جايدىن تاشلىۋەتكەن...» دەيدۇ.

يەنە بىر چۆچەكتە...

ئېشقىلىپ، بۇنداق مىساللار تالاي. بۇ چۆچەكنى كىمگە تەققاسلايمىز دېگەندە، بۇنى «بالا دادىسىنىڭ خۇيىنى ئالار» دېگەن ماقال بويىچە ئاتىغا تەققاسلايمىز. چۈنكى ھېكايىدىكى تاغىسىنىڭ: «ماڭا قارا! ھەتتا پىچاق تۇتۇشنىمۇ بىلمەيدىكەنسەن. ئاتاڭ ھەرھالدا سەندىن ئوبدان تۇتاتتى. رەھمەتلىك بۇندىن 20 يىل بۇرۇن مۇشۇ ئۆيدە، مۇشۇ يەردە بوغۇزۇمغا پىچاق تەڭلىگەن بولسىمۇ قول سالالمىغان ئىدى. ئەمدى سەن ماڭقىلار نېمىش قىلالايتتىڭ؟» دېگەن سۆزىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ يۇقىرىقى چۆچەكلەردىكى ئاتىنىڭ ئىزىنى باسىدىغان باللارغا ئوخشاش ئەسەردىكى تۆت ئوغۇلنىڭمۇ دەل ئاتىسىنىڭ روھىي ۋارىسلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايمىز. يەنى ئاتىنىڭمۇ ياشلىقىدا

باللىرىدىنمۇ ئۆتە نەپسانىيەتچى، قارام ۋە قانخور ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيمىز.

دېمەكچىمىزكى، ھېكايىنىڭ قۇرۇلمىسى، ۋەقەلىكى، پىكىر يۆنىلىشى ۋە پېرسوناژلارنىڭ يارىتىلىش جەريانى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن سۇغىرىلغانلىقىنى بايقىيالايمىز. مۇنداقچە ئېيتقاندا بۇنى 21-ئەسىردىكى، يەنى ھازىرقى رېئاللىقىمىزدىكى چۆچەك دەپ ئاتىساق خاتالاشمايمىز.

2. پېرسوناژلارنىڭ رېئاللىقتىكى سۈرىتى.

ئاپتور ئەسەر ئۈستىدە قەلەم تەۋرىتىشكە باشلىغاندا ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغىنى چەكلىمە بىلەن چەكسىزلىك ئارىسىدىكى بوشلۇق بولىدۇ. ئۇ ھامان چەكلىك ئىمكانىيەت ئىچىدە چەكسىز رېئاللىقنى ئاۋۋال ئۆزىگە باشلاپ كىرەلىشى، شۇ ئارقىلىق ئۇنى بەدىئىيلىككە يەتكۈزۈشى، ئاندىن ئوقۇرمەنلەرگە چەكلىك ئىمكانىيەت ئىچىدە ياراتقان چەكسىزلىكنى تولۇق ھېس قىلدۇرالىشى كېرەك.

يازغۇچى بىر پارچە ئەسەر ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقاندا ئۇنىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان ئارىلىقى مەۋھۇملىشىدۇ. يەنى يازغۇچى رېئاللىقنىڭ بەتلىرىنى ۋاراقلايدۇ-دە، ئۆز سەزگۈسىگە ئاساسەن تەسىرلىك نۇقتىلار، تىپىك ئادەملەر، تىپىك شارائىتلارنى تاللاپ ئەسىرىگە قوشۇۋالىدۇ. يازغۇچى ئەسەر يازغان ۋاقىتتا پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ تۇيغۇسىغا تايىنىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ ئۆزىگە ئەڭ يېقىن تۇرغان رېئاللىقتىن چېكىنىپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئىچكى رېئاللىقىغا كىرىپ كېتىدۇ. ئەمما يازغۇچىنىڭ يېزىۋاتقىنى رېئال تۇرمۇش بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنىڭ ئىچكى رېئاللىقىدا تۇرۇپ سىرتتىكى ئەينەن رېئاللىققا قول سوزىدۇ. گۈزەل ئەسلىمىلىرىنى، خاتىرىسىدىكى مۇھىم نۇقتىلارنى ئىزدەيدۇ. تىپىك ئادەم، ۋەقە ھەم مۇھىتنى يېنىغا چىللايدۇ ۋە ئەسىرىگە سىڭدۈرىدۇ. مانا بۇ يازغۇچىنىڭ رېئاللىقتىن يىراق تۇرۇپ رېئاللىقنى يارىتىشىدۇر.

مەسىلەن: «ئاتامغا ئوخشاشلا بەستلىك، كۆزلىرىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان، پۈتۈن ئەزايىدىن رەھىم-شەپقەت دېگەننىڭ سايىسىنىمۇ تاپقىلى بولمايدىغان، قاتىل چىراي چوڭ ئاكامنى بەلكىم...»، «...تولىمۇ كېلىشكەن، يوغان، چىرايلىق كۆزلىرىدىن دائىم شەھۋەت ئېقىپ تۇرىدىغان ئىككىنچى ئاكامنى بەلكىم...»، «...پايدا بەرسە كەلگۈسىدىكى خوتۇن-باللىرىنىمۇ سېتىۋېتىشتىن يانمايدىغان ئۈچىنچى ئاكامنى...»، «...باللارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاجىز،

قورقۇنچىقى مەن. تەق - تۇرقۇمۇ ئاتامنى تارتمىغان...»

قاراپ باقمىغان بولساق ھېكايىدىكى بۇ تۆت ئوغۇل ئۆزىگە خاس مەۋقەدىكى كىشىلەردىن تۇرگە ئايرىپ پىرسلاپ بارلىققا كەلتۈرۈلگەن تىپلاردۇر.

ئۇلار تامامەن ئۆزىگە خاس بىر تىپ. ئەتراپىمىزغا قارايدىغان بولساق بۇ خىلدىكى ئادەملەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى؛ يەنى ھازىرقى رېئاللىقىمىزدا چوڭ ئوغۇلغا ئوخشاش «قانخور، لۆكچەك، رەھىمسىز» ئادەملەر، ئىككىنچى ئوغۇلغا ئوخشاش «شەھۋەتپەرەس، خوتۇنپۇرۇش» ئادەملەر، ئۈچىنچى ئوغۇلغا ئوخشاش «مال - دۇنيا ۋە پايدا - مەنپەئەتنىڭ قۇللىرى» ۋە كىچىك ئوغۇلغا ئوخشاش «قورقۇنچاق، نىمجان، مېھىر - شەپقەتلىك ۋە زېرەك» ئادەملەرنى ئەتراپىمىزدا ئۇچرىتالايمىز. بۇ خىل ئەھۋالدا يازغۇچىنىڭ دىققەت مەركىزىدە تۇرۇۋاتقان رېئاللىقنى تۆت خىل تۇپتىكى، تۆت خىل تىپتىكى ئادەملەرنىڭ ھەربىر تۇپىنى يۇغۇرۇپ بىر ئادەم قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن، بىر جەمئىيەتتە بىر - بىرىگە تايىنىپ ھەم بىر - بىرىنى يەكلەپ ياشاۋاتقان تۆت تۇپنى كىچىكلىتىپ بىر ئائىلىگە سولاش ئاساسىدا رويابقا چىققان مىكرو جەمئىيەتنىڭ كۆرۈنۈشى دەپ ئېيتالايمىز.

3. «بەشىنچى بالا»نىڭ مەخپىي ئارخىپى.

ئىنسانىيەت قوۋمى قەدىمدىن تارتىپ ئۆزگىچە بىر غايىۋىلىك ئىچىدە ياشاپ كەلدى. بۇ خىل غايىۋىلىك ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى تەبىئەت ئىلاھىيەتچىلىكىدىن باشلاپ يېقىنقى دەۋرلەردىكى سىستېمىلاشقان ئوبيېكت ئىلاھىيەتچىلىككىچە قەدەر، يۇقىرىسى غايىۋىلىك ئارقىلىق ئۆزىنى قوغدىسا، ئەڭ تۆۋىنى غايىۋىلىك ئارقىلىق ئۆزىنى ئىپادىلىدى. غايىۋى شەخسلەرگە تېۋىندى، غايىۋى ئىلاھلارغا چوقۇندى. ئۇلاردىن نىجاتلىق تىلىدى. ئەپسانە چۆچەكلىرىدە تالايلىغان غايىۋىي قەھرىمانلارنى ياراتتى. ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ھايات - ماماتىغا باغلاپ چۈشەندى. يەنە تالايلىغان غايىۋى، ئەقىل - ئىدراكلىق، مۇھەببەتلىك ئادەملەرگە سېغىنىپ ئۇلاردىن ئەقلىي كامالەت ۋە مېھىر - مۇھەببەتنى ئۆگەندى.

ئەمدى ئەسەردىكى «بەشىنچى بالا» كىم؟

ئۇنىڭغا شۇنداق دەپ ھۆكۈم چىقىرالايمىزكى، ئۇ ھېچكىم ئەمەس. ئۇ تامامەن ئاپتورنىڭ ئادەملەر ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن مۇكەممەل غايىۋى ئادىمى. ئۇ ئەر بولۇشىمۇ، ئايال بولۇشىمۇ مۇمكىن. تۆت بالىنىڭ ئىچىدە «مەن» ئېيتقاندەك ئەڭ كىچىكى بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. دادىسى ئۆزى تاپقان بالا، ھەتتا بېقىۋالغان بالا بولۇشىمۇ مۇمكىن... ئەسەر ئىچىدە ھەممىنى گاڭگىرىتىپ، قىزىقتۇرىدىغان بۇ بالا پەقەت ئاپتورغىلا خاس بولغان، ئاۋامنىڭ ئىلتىجالىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن غايىۋى ئوبراز، خالاس.

بىز دەسلەپتە ئېيتقاندەك ئەسەر كۆچلۈك ئەپسانە - چۆچەك پۇرىقىغا ئىگە بولۇپ، فولكلور يىلتىزى چوڭقۇر. بۇ يەردىكى غايىۋىلىك دەل ئەسەرنىڭ يىلتىزىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇۋاتقان ئىككىنچى ئامىل. بىز مىسال كەلتۈرگەندە «سىرلىق ساندۇق» ناملىق چۆچەكتىكى ساندۇقنى «بەشىنچى بالا» دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا ساندۇق ئېچىلغاندا ئۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇن - كۈمۈش تېپىلمايدۇ. پەقەت بۇ يەردە ئوغۇللاردا بىر قىزىقىش ۋە بىر - بىرىدىن قىزغىنىش پەيدا بولىدۇ. شۇڭا بۇ يەردىكى ئوغۇل نوقۇل تىلغىلا ئېلىنغان، ئەمما باشقا ھېچقانداق تەپسىلاتلار ئارقىلىق ئاشكارىلانمىغان سىرلىق، جىنسى، يېشى، بوي - بەستى، ياكى ئىقتىدارى دېگەندەك ھەممىلا نەرسە مەۋھۇم بولغان غايىۋى ئوبراز بولىدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا ساندۇق كونا كىيىم بىلەن تولغاندەك بۇ بالىدىنمۇ سادا چىقمايدۇ خالاس.

ئەسەردە تۆت ئوغۇل بىرلىشىپ بۇ بالىنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشىدۇ. لېكىن بۇنداق ئەزەلدىن مەۋجۇت بولمىغان ئادەمنى ئۆلتۈرۈش نە ھاجەت؟ مىراس بۆلۈش مۇمكىنمۇ؟!

* * *

دېمەكچىمىزكى، ھېكايە ئۆزىگە بىرخىل كۆچلۈك سىر ۋە سېھرنى يېغىنچاقلىغاندىن باشقا يازما ئەدەبىياتنىڭ ئانىسى بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىنمۇ چوڭقۇر ئوزۇقلىنىپ چۆچەكسىمان بىر خىل جەلپكارلىقنى بۈگۈنكى يېڭىچە ھېكايىچىلىق بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا ئەسەر ئىنتايىن كۈچلۈك ساتىرىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئوقۇرمەننى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ ئېتىدۇ.

ھېكايىنىڭ تىلى، قۇرۇلمىسى ۋە سۇژىت لىنىيەسى ھەققىدە بۇ يەردە ئارتۇقچە كاللا قاتۇرمىساقمۇ ئەدەبىياتنى ئوقۇش ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ھوزۇرلىنىش ۋە چۈشىنىش ئۈچۈن ئوقۇيدىغان ھەرقانداق بىر مەسئۇلىيەتچان ئوقۇرمەن مۇۋاپىق ئىنكاسقا ئىگە بولالايدۇ.

مۇھەررىرى: ئىمىرھەسەن مەخمۇت

## پىشقەدەملەر قەلىمى



# جەنۇبنى سېغىنىش

(شېئىر)

ئابدۇقادىر سادىر

### چۈش كۆرۈپ ئويغاندى سەھەردە شەھەر

بۈگۈن كېچە قار ياغدى يەنە،
يەكشەنبىنىڭ ئېتەكلىرىگە.
ئۈيۈپ قالدى سوغۇق ئەسلىمە،
كوچىلارنىڭ گىرۋەكلىرىگە.

بىنالارغا ئۇرۇپ ئۆزىنى،
يۈرەر قۇتراپ تەلۋە شىۋىرغان.
ئاچالمايدۇ شەپەق كۆزىنى،
دىل قەسرىگە غەشلىك ھۆكۈمران.

ئوق يېگەندە يۈرەكلىرىگە،
مۇللاق ئېتەر ياختەكلەر كۆكتىن.
يۇلتۇز تاقاپ كۆكرەكلىرىگە،
غالىب بوران كىرەر تۈڭلۈكتىن.

ئاپرېلدىمۇ باھار ھىدىنى،
سىزەلمەيدۇ دىماغلار گاھى.
قاغلاپ ياقىساك تىرناقلىرىڭنى،
كۆيدۈرەلمەس كۈننىڭ نىگاھى.

باھار چۈشەپ چىقار كېچىچە،
قىلىن قاردىن زېرىككەن شەھەر.
بىنالارنىڭ زىكرى ئۆزگىچە؛
«چېچەك پۇرقۇپ ئاتسا ھەر سەھەر!»

گەجگىسىگە مىنىپ ۋاقىتنىڭ،
كەلدى دەۋرەپ شەھەرگە گۈگۈم.
بېكەتلەردە ئادەملەر رەت ـ رەت،
ئىسسىق ئۆيگە ئالدىرار چوقۇم.

ئۈيۈپ قالدى سوغۇق تەبەسسۇم،
كوچىلارنىڭ گىرۋەكلىرىگە.
ئىزدەپ يۈرەر جەنۇبنى تۇيغۇم،
ئارمان لىقلاپ ئېتەكلىرىگە.

چېچەك پۇرقۇپ باغلار ئېھتىمال،
نەۋا قايناپ كەتتى جەنۇبتا.
ناخشا ئېيتار ئاپتاپ بىمالال،
شامال كۆيەر تولغىنىپ ئوتتا.

### دىلبەر قاچار خوش دىمەي

قىسمەتلەرگە ھامىلدار ئۈرۈمچىنىڭ ھەر كۈنى،
تاڭلار ئاتار ئىشەنچىسىز سۈبھى چىشلەپ ھۆپپىدە.
بۇلۇتلارغا چۈمكىلىپ بىتاپ ياتقان ھاۋادىن،
لەھزە تۇرۇپ تارقىلار باھار ھىدى گۈپپىدە.

ئېلىپ قوپار پېشىدە تۆت پەسلىنى سۈبھىلەر،
گۈل پۇرقۇسا ئەتىگەن كەچتە خازان غەشلىكى.
ئارمانلارنىڭ شىخىدا مەي ياغلىغان مېۋىلەر،
ياز لېۋىدىن سۆيدۈرەر ھىلال كۈلگەن كەچلىكى.

تاغ كەينىدىن تۈنجۇقۇپ چىققان سۇرلۇك بۇلۇتلار،
مەيدىسىگە ئاسماننىڭ قۇسۇپ قويار قوغۇشۇن.
ئۈچقۇندايدۇ دەم ئۆتمەي ئالىجىپ يۇرگەن «كۈمۈت»لار،
ياش تۆكىدۇ گاھ قۇياش كۆزلىرىدىن زەپ يوچۇن.

تۇتامى يوق چوكاننىڭ خوي ـ پەيلىدەك ئېگىز ـ پەس،
ئۈرۈمچىنىڭ ئاسمىنى ئالار كۈندە تۈمەن رەڭ.
قوغلاپ يۈرەر قۇياشنىڭ ئارقىسىدىن مەست ـ ئەلەس،
تاغ كەينىدىن قارا تون كىيىپ چىققان سۇر لەھەڭ.


تۇرۇپ قالسا كۆك ئاسمان قوشۇمىنى لىككىدە،
دەريا ئاقار كۆۋەچەپ يوللىرىدا يېشىدىن.
تاكسى توسۇپ ئالدىراش كۆڭلى دەككە ـ دۈككىدە،
قاچىدىكەن خۇش دېمەي دىلبەر يىگىت قېشىدىن.

مۇھەررىرى: ئەكبەر سالىھ

# شىنجاڭ پىروزىچىلىقىدىكى نەسىردىن ئەپەندىم روھى

## (زوردۇن سابىرنىڭ پىروزا ئىجادىيىتى ھەققىدە)

دىڭ زىرىن



*دىڭ زىرىن*، ئەر، خەنزۇ، 1933-يىلى خۇنەن لىنخۇدا تۇغۇلغان. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، پروفېسسور. 1950-يىلى ھەربىي سەپكە قاتناشقان. 1960-يىلى بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەنزۇ تىلى كەسپىنى پۈتكۈزگەن. شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشلەپ 1994-يىلى پېنسىيەگە چىققان. دۇنيا خەنزۇ تىللىق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى. شىنجاڭ بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

زوردۇن سابىر (1937~1998) شىنجاڭدا «پىروزا دۇنياسىنىڭ نەسىردىن ئەپەندىمى» دېگەن چىرايلىق نامى بار داڭلىق ئۇيغۇر يازغۇچىسى. نەسىردىن ئەپەندى ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىدىكى زېرەك، يۇمۇرىستىك، قىزىقچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە، ھەققانىيەت تۇيغۇسىغا باي، بەزىدە تەۋەككۇلچى، ئەپسانىۋى شەخس. ئۇ ئېشىكىنى مىنىپ ھەممە يەردە ساياھەت قىلىدۇ، نەگە بارسا كۈلكىسى شۇ يەردە. نەسىردىن ئەپەندىمنىڭ ھېكايىسى شىنجاڭدىلا ئەمەس، ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ كەڭ تارقىلىپ، خەلقنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىپلا قالماستىن، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە، بولۇپمۇ پىروزا ئىجادىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. زوردۇن سابىر ئەپەندىمچە قىزىقچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە يازغۇچى. ئۇنىڭ ئىسمى «زوردۇن» ئۇيغۇر تىلىدا «خۇشال-خۇرام» دېگەن مەنىدە. ئۇ ھەمىشە نەسىردىن ئەپەندىمدەك ئاشۇنداق خۇشال-خۇرام ھالدا سەنئەتنى ۋە تۇرمۇشنى قۇچاقلاپ، نەسىردىن ئەپەندىم ھېكايىلىرىدىكى ئىدىيەۋى سەنئەت جەۋھەرلىرىنى ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان تۇرمۇشى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، تەدرىجىي ھالدا پىروزىچىلىقنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبىنى يېتىلدۈرۈپ، «نەسىردىن ئەپەندىم روھى»نىڭ سەنئەتلىك ھاياتىي كۈچى ۋە نۇرىنى تېخىمۇ چاقناتتى. دەل زوردۇن سابىرنىڭ پىروزا ئىجادىيىتى كۈنسېرى پىشىپ يېتىلىۋاتقاندا، كېسەل بىلەن تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتۈپ، قەلبلەردە چوڭقۇر يارا قالدۇردى. بۇ ماقالەمدە دەل ئاشۇنداق بىر خىل ئېچىنىش ھېسسىياتى بىلەن ماكرو جەھەتتىن چىقىپ تۇرۇپ بۇ پىروزا يازغۇچىسىنىڭ ئىجادىيىتى ئۈستىدە بىر قىسىم تەھلىللەرنى ئېلىپ بارىمەن.

زوردۇن سابىرنىڭ پىروزا ئىجادىيىتى 20-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدا باشلانغان. غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنى پۈتكۈزۈپ شۇ مەكتەپتە قېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان زوردۇن سابىر، «تۆتنى تازىلاش» ھەرىكىتى تۈپەيلى خورلىنىپ يۇرتى غۇلجىغا قايتىپ، بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

ئىككى يىلدىن كېيىنكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ھەرىكىتىدە ئۇ يەنە چەت يېزىغا پالانغان. ئەينى چاغدا ئۇ يېزىدا ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ، ئۆمۈر بويى دېھقان بولۇشنى ئويلىغان. بۇمۇ يامان ئىش ئەمەس ـ ئەلۋەتتە؟ شۇڭا، 1971 ـ يىلى «تاغ كەينىگە ئۆتكۈچە» ناملىق ھېكايىسىنى ئېلان قىلغاندا، ئۇنىڭ تۇرمۇش ئامبىرىدا جۇغلانمىلار خېلىلا مول ئىدى. «تاغ كەينىگە ئۆتكۈچە»دىن باشلاپ 1980 ـ يىلى ئېلان قىلغان «دولان ياشلىرى»غىچە زوردۇن سابىرنىڭ 20 پارچىدىن ئارتۇق ئەسىرى دۇنياغا كۆز ئاچتى. يېڭى دەۋرگە كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىشقا باشلىغان. 1980 ـ يىلى ئۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇنجى ھېكايىلەر توپلىمى «شەبنەم»نى نەشر قىلدۇردى ھەم تۇنجى رومانى «ئاۋرال شاماللىرى»نى يازدى. «ئەدەبىيات ـ سەنئەت گېزىتى»نىڭ 1980 ـ يىللىق 12 ـ سانىنىڭ «ئەدەبىياتتىكى يېڭى ئاۋانگارتلار» سەھىپىسىدە، زوردۇن سابىر «نەتىجىسى پەۋقۇلئاددە گەۋدىلىك بولغان يېڭى ئاۋانگارتلار» دەپ تونۇشتۇرۇلدى. بۇ چاغدا ئۇمۇ غۇلجىدىن ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ كېلىپ خىزمەت قىلىۋاتقان ئىدى.

زوردۇن سابىرنىڭ بىرىنچى ئون يىلدىكى ئەسەرلىرى ئومۇمەن ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى تۈردىكى، يەنى يېزىلاردىكى دېھقانلارنىڭ يېڭىچە ئىش ـ پائالىيەتلىرى يېزىلغان ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ قويۇق پۇرىقى بار بولۇپ، سەنئەتتە نەسىردىن ئەپەندىم ھېكايىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى گەۋدىلىنىشكە باشلىغان. ھېكايىلىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىدىكى بىر قىسىم تەرەپلەر خېلىلا جانلىق ئۇيۇلغان. مەسىلەن «باھار بوۋاي»دىكى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەيدىغان باھار؛ «تۆھپە»دىكى باش چۆكۈرۈپ تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان، نام ـ شەرەپ بىلەن كارى يوق تېخنىك ئالىمجان؛ «ئورمانچى»دىكى پىرىنسىپچى جاپپار قاتارلىقلار. يەنە بىر تۈردىكىسى بولسا «تۆت كىشلىك گۇرۇھ»نىڭ ئەكسىيەتچىلىكى ۋە «سول»چىللارنىڭ خاتا سىياسىتىنىڭ ئۇيغۇر يېزىلىرىغا ئېلىپ كەلگەن ئاپەت خاراكتېرلىك سىياسىتىنىڭ تەسىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەرلەردۇر. «چۈشىنىش»، «قەرزدار»، «دولان ياشلىرى» بۇنىڭ ياخشى مىسالى. «قەرزدار»دا بىر مەسئۇلىيەتچان، جاپالىق قان ـ تەرى ئارقىلىق نومۇرغا ئېرىشىدىغان پۇقرا تۇرغاننىڭ ئون يىللىق قالايمىقانچىلىقتا قاتمۇ ـ قات قەرزگە بوغۇلۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا نامراتلىق ئىچىدە كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىدەك تىراگېدىيەلىك ۋەقە بايان قىلىنغان. ھېكايىنىڭ ۋەقەلىك چىنلىقىدا تۇرۇپ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئۈستىدىن قىلغان ئۆتكۈر شىكايىتى ئەينى چاغدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان. «دولان ياشلىرى»دا بولسا ياشلارنىڭ ھېكايىسى يېزىلغان. باش پېرسوناژ كەنجى «سول»چىل ئىدىيەنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان نادان بىر ياش. ئۇيغۇرلارنىڭ داڭلىق «دولان ئۇسسۇل» ماكانىدا ياشاۋاتقان ئاق كۆڭۈل، ئىخلاسمەن كەنجى ياش قىز ـ ئوغۇل دوستلىرى ئارىسىدا شۇنچە يالغۇز ھەم بىچارە. ھېكايە قالتىس نەپىس ۋەقەلىك ۋە قويۇق نەسىردىن ئەپەندىمچە مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، بۇ قېرى مىجەز كۆرەڭ يىگىت كەنجىنى قايناق ئۆرپ ـ ئادەت قوينىغا سۆرەپ كىرگەن. كەنجى ئاخىرى دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، مۇتەئەسسىپ، قاتمال ئىدىيەدىن قۇتۇلۇپ، ياشلىقنىڭ ھاياتىي كۈچىگە قايتىپ، ئۇسسۇلغا ماھىر «دولان يىگىتى»گە ئايلىنىدۇ ھەم مۇھەببەتكە ئېرىشىدۇ. بۇ ھېكايە بىر خاراكتېرى «سىنىپى كۈرەش» ئىدىيەسىدە بۇرمىلانغان ياشنىڭ ئۆزگىرىشى ئارقىلىق، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىكى «سول»چىللىقنىڭ زەھەرىگە زەربە بەرگەن. بۇ كەسكىن باش تېما بولسا نەسىردىن ئەپەندىمچە كومېدىيەلىك ئەدەبىي ئۇسلۇبنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ياردەمدە بولغان. «دولان ياشلىرى» زوردۇن سابىرنىڭ يېڭى دەۋردىكى پىروزا ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ نادىر ئەسەر بولۇش سالاھىيىتى بىلەن 1981 ـ يىلى «تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى مۇكاپاتلاش پائالىيىتى»دە «1 ـ دەرىجىلىك ھېكايە مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن.

1980 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، زوردۇن سابىر مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيىتى يىغىنىغا قاتناشقاندىن كېيىن، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان يېزىقچىلىقنى ئۆگىنىش سىنىپىنىڭ 6 ـ قارارلىق سىنىپىدا ئۆگىنىشتە بولدى. نەزەر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى، ئىدىيەۋى ۋە ئەدەبىي تەربىيەلىنىش زوردۇن سابىر ئىجادىيىتىگە يېڭى ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلغان. قەلبىدە جۇغلانغان ئۇزاق مەزگىللىك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇش تەقدىرى بىر خىل يېڭى ھېسسىي غەمخورلۇقنىڭ يۇكسەلدۈرۈشىگە ئېرىشتى. «نەسىردىن ئەپەندىم روھى» خۇددى سەنئەت ئېچىتقۇسىدەك يازغۇچىنىڭ ھاياتىدىكى پاراكەندىچىلىكنى قەلەم ئۇچىغا توختىماي ئاققۇزۇشقا باشلىدى. پۈتكۈل 80 ـ يىللاردىن تارتىپ 90 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، ئۇنىڭ ئىجادىيەت مېۋىسى بەرىكەتلىك بولۇپ، ئېسىل ئەسەرلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. «ئاۋرال شاماللىرى»دىن كېيىن، 1984 ـ يىلى ئىككىنچى رومانى «ئىزدىنىش» (بىرىنچى قىسمى) يېزىلدى ھەم 1985 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن «ئىككىنچى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئازسانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى

باھالاش»تا مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئارقىدىنلا ئۈچىنچى رومانى «ئاتا» نەشردىن چىقتى ھەم شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان 40 يىلدىن بۇيانقى نادىر ئەدەبىي ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ھېكايە-پوۋېست ئىجادىيىتىدە بولسا، «شەبنەم»دىن كېيىن، «ساداقەت» (1983-يىلى) «ئارچا ياپرىقى» (1984-يىلى) «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ» (1987-يىلى) «ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە» (1989-يىلى) قاتارلىق توپلاملىرى نەشر قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ» ناملىق پوۋېستى زوردۇن سابىرنى يەنە ئۈچىنچى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئازسانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى باھالاش»تا مۇكاپاتقا ئېرىشتۈرۈپ شان-شەرەپ كەلتۈردى. ئۇنىڭ بىر قىسىم ئېسىل ئەسەرلىرى 80-يىللارنىڭ باشلىرىدا ئارقا-ئارقىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە شىنجاڭدىكى بىر قىسىم ئەدەبىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. 1990-يىلى خەنزۇ تىلىدا «زوردۇن سابىر ھېكايىلىرىدىن تاللانما» نەشر قىلىنغان ھەم شۇ يىلى «ئىزدىنىش»نىڭ بىرىنچى قىسمىنىڭ خەنزۇچە نەشرى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. زوردۇن سابىر ۋاپات بولۇشتىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى، «خىرە دېرىزە»، «قۇياش ۋەھىمىسى» قاتارلىق ھېكايە-پوۋېستلىرىنى ۋە «ئىزدىنىش» رومانىنىڭ ئىككىنچى قىسمىنى يېزىپ تاماملاشتىن سىرت، تۆت توملۇق رومانى «زېمىن مۇھەببىتى» ئۈچۈن كۈچىدى، ئەپسۇسلىنارلىقى يېزىپ تاماملىيالمىدى (ئاپتور بۇ ماقالىسىنى يېزىۋاتقاندا «ئانا يۇرت»نىڭ داغدۇغىسى قۇلىقىغا يېتىپ بارالمىغان بولسا كېرەك — تەرجىماندىن). 2001-يىلى ئۇنىڭ يەنە بىر خەنزۇچە توپلىمى «ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە» نەشردىن چىقتى، ھېسابتا بۇ، زېمىنىنىڭ شىنجاڭ پىروزا دۇنياسىنىڭ نەسىردىن ئەپەندىمى»نىڭ كۆڭلىنى ياسىشى بولۇپ قالدى...

«ئىزدىنىش» روماندا بىر ئۇيغۇر زىيالىي ياشنىڭ تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، بۇ بىر بىيوگرافىيەلىك تۈس ئالغان ئەسەردۇر. بىرىنچى قىسمىدا ئەلا ئىسىملىك بىر ياشنىڭ، 50-يىللاردا غۇلجىنىڭ يېزىسىدىن چىقىپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۈرۈمچىدىن يەنە غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا كېلىپ ئىزدىنىش جەريانىدىكى ۋەقەلىك بايان قىلىنغان بولۇپ، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر زىيالىي ياشلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش، ئىزدىنىش جەريانىدىكى ئۆزىگە خاس ئۆگىنىش يولىدىكى ئەگرى-توقايلىقلار خېلى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئىككىنچى قىسمىنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى بولسا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىكى ئالاھىدە ئاي-يىللار بولۇپ، پېرسوناژنىڭ دۇچ كەلگەن قار-بورانلىق تەقدىرى، ئىزدىنىش يولىدا ئۇنى تېخىمۇ كۆپ قىينچىلىق ۋە سىناقلارغا دۇچ كەلتۈرگەنلىكىدىن ئىبارەت بىر جەريان يېزىلغان. رومان 50-يىللاردىن 70-يىللارغىچە دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي رايونىنىڭ كۆپ مىللەتلىك قىياپىتىنى، بولۇپمۇ ئاشۇ دەۋرنىڭ جەمئىيەت سىياسىتى بورىنىنىڭ ياشلارغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى، شۇ سەۋەبتىن بىر ئەۋلاد ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىنىڭ دەۋر دولقۇنىنىڭ ھۇجۇمى ۋە تاۋلىشى ئاستىدىكى مۇرەككەپ ئىزدىنىش جەريانىنى ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، تەسىرلىك بىر سىمفونىيەنى ئورۇنلىغان. ئەسەردىكى ئەلانىڭ دوستى ھاشىر باشقا بىر خاراكتېردىكى ياشلارنىڭ تىپى بولۇپ، ئۇنىڭدا ياشلىق ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىدۇ، ئىزدىنىدۇ، لېكىن ئۇ دەۋردىكى «سول»چىل پىكىر ئېقىمى ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، خاراكتېرىدە مەلۇم دەرىجىدە بۇرۇلۇش يۈز بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆگىنىشى، «ئىزدىنىش»ى ئەلانىڭكىدىن پەرقلىق بولۇپ، شۇ دەۋر ياشلىرىغا تەۋە ساددا غايىۋىزىم تۈسى بار ئىدى. ئۇندىن باشقا، كۈندىن-كۈنگە چاكىنىلاشقان قىز گۈزەلئاي، ئۆزىنى نىقابلاشقا ئۇستا، قارا نىيەت ياش رەقىپ ھەم قېرى زىيالىي ساۋۇت قاتارلىقلار ئالاھىدە خاراكتېرگە ئىگە كىشىلەرنىڭ ئوبرازى. بىر پارچە رومان بولۇش سۈپىتى بىلەن، ۋەقەلىك بىلەن پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ راۋاجلىنىشچانلىقىنىڭ زىچ بىرلىشىشى ئۆز ئارا نەپكە ئېرىشكەن. پېرسوناژلارنىڭ مۇرەككەپ تۇرمۇش رېئاللىقى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتكە قويۇپ سۈرەتلىنىشى، خىلمۇ خىل زەربە ئىچىدىكى ياشلارنىڭ ئۆتكۈر تۇيغۇ دۇنياسىنى يېتەرلىك ئاشكارىلىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرچە جازىبىدارلىققا ئىگە تۇرمۇش تەسۋىرلىرى ۋە نەسىردىن ئەپەندىمچە يۇمۇرىستىك بايانلار ئەسەرنى كۈچلۈك سەنئەتلىك جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە قىلىپ، ئوقۇرمەنلەردە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان.

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ۋە قەلب تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەرلەردىن، زوردۇن سابىرنىڭ يەنە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان «سۇبھى» ۋە «سەھەردىكى چۈش» قاتارلىق پوۋېستلىرى بار. «ئىزدىنىش»تىن بۇرۇن يېزىلغان «سۇبھى» (1983-يىلى) ئاگرونوم ئەسئەتنىڭ ئەگرى-توقاي، ئوڭۇشسىزلىق ئىچىدە ئۆتكەن يېرىم ئۆمۈرلۈك كەچۈرمىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن 20 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئەسەردە يازغۇچىنىڭ زىيالىيلارغا خاس پەزىلەت ۋە تۆھپە يارىتىش روھىغا ئاپىرىن ئوقۇغانلىقىدىن ئىبارەت چوڭقۇر ھېسسىياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇلارنىڭ ئاشۇ بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن يىللاردا ئۇچرىغان ناھەقچىلىك، ھەسرەتلىرى قاتارلىقلار ئەينى چاغدا ئوقۇرمەنلەرنىڭ

ھېسداشلىقنى قوزغىغان. بۇ ئەسەر 80 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىدا زىيالىيلارنىڭ تەقدىرى ۋە ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلگەن، زىيالىيلار ئۇچۇن چۇقان سالغان سالمىقى بار بىر ئەسەر. بۇ بىر پوۋېست بولۇش سۈپىتى بىلەن ۋەقەلىك ۋە ئەسەر پۇتۇنلىكىنى قوغلاشماي، ئەكسىچە باش پېرسوناژ ئەسئەتنىڭ 20 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدىكى ۋەكىللىك سەرگۈزەشتىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، پېرسوناژلار ھېسسىيات ئېقىنىنى مەركەز قىلىپ، پىروزىنىڭ ئەنئەنىۋى قۇرۇلمىسى ۋە ئەنئەنىۋى بايان قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ۋاقىت بوشلۇق چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلىغان، شۇنىڭ بىلەن پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرىنى كۆپ تەرەپ، كۆپ قاتلامدىن كۆرسىتىپ بەرگەن. پېرسوناژلارنىڭ ئۆزىنى بېغىشلاش روھىغا مەدھىيە ئوقۇغان. يازغۇچى ئەسەرگە يەنە ئۇزۇن خەت ـ چەك شەكلىنى سىناق قىلىپ كىرگۈزگەن، ئۇزۇن خەت شەكلى بىر بابنى تەشكىل قىلىپ («سۈبھى»، «گۇمان» دېگەن بابلار)، سەنئەت قۇرۇلمىسىغا يېڭىچە جانلىنىش ئېلىپ كەلگەن. پېرسوناژلارنى يارىتىشتا ھەم پېرسوناژلارنىڭ سۇبيېكتىپ تەسىراتىنىڭ بايانىدىن ياكى ئىچكى مونولوگىدىن، ھەم ئوبيېكتىپ تەپسىلىي بايانىنىڭ سەنئەتلىك ئالاھىدىلىكىنى يېتەرلىك قوللىنىش، يەنە پات ـ پات گەپتىن ـ گەپ شاخلىتىپ باھا ـ تەنقىدلەرنى قىستۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، بىر دەۋر ئوتتۇرا ياش ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئىزدىنىشىنىڭ شادلىقى ۋە ئازابى، كۈچلۈكلەرنىڭ ئىچ پۇشۇقى ۋە ئاجىزلارنىڭ چىدامچانلىقىنى، بۈگۈنكى دەۋر زىيالىيلىرىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش مېلودىيەسى... نى شۇنداق كۈچەپ ئىپادىلىگەن.

«سەھەردىكى چۈش» سەنئەت نۇقتىسىدىن تېخىمۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇنىڭدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىنژېنېرى ئۆمەرجان «راستىنلا ناھايىتى قىزىقارلىق چۈش» كۆرۈپ، ناھىيەنىڭ ھاكىملىقىغا كۆرسىتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەرجان «باشلىق بولۇش» خىيالىدىن قۇتۇلالمايدۇ. چۈشنى ئاڭلىغان ئازادەمۇ «ياخشى چۈش»نىڭ ئوڭغا مېڭىپ ئېرىنىڭ ئەمەلدار بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇ گەپ ئازادەنىڭ ئاغزى بىلەن ئەتراپقا تارقىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ھېكايىدە ناھىيە ھاكىمىنى تاللاش مەسىلىسىنى چۆرىدەپ، قىزىقارلىق ۋەقەلەر كەينى ـ كەينىدىن چىقىدۇ، ھەرخىل پېرسوناژلار ئۆز خاراكتېرى بىلەن كەينى ـ كەينىدىن پەيدا بولىدۇ، ئۆمەرجان بىلەن ئازادەدىن باشقا، خۇشامەتچى، ھاكىملىق ئورنىنى بۇرۇندىن تەمە قىلىپ كېلىۋاتقان ئىشخانا مۇدىرى ئىمام، پېنسىيەگە چىقىش ئالدىدا تۇرغان شۇنداقلا يېڭى ھاكىمنى تاللاش ئىشى ئۈچۈن غەم يەۋاتقان كونا ھاكىم ھەسەن، يەنە زاۋۇت بوغالتىرى خەمىت چاققان، ئاداۋەت ساقلاپ ئۆمەرجانغا تۆھمەت قىلغان ئاخۇنباي قاتارلىقلار. مۇرەككەپ ئىنسان تەبىئىتى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى گۈزەللىك ۋە خۇنۈكلۈك، سەممىيەتلىك ۋە ئالدامچىلىق، ئالىيجانابلىق ۋە پەسكەشلىكلەر خۇددى نەسىردىن ئەپەندىم ھېكايىلىرىدىكىدەك تەرەققىي قىلىپ، بەزىدە ئۇقۇرمەننى كۈلكىسىنى باسالماي كۈلۈۋېتىشكە زورلىسا، بەزىدە تەشۋىشتە ئويلاندۇرىدۇ. ئەسەردە يېڭى دەۋر ۋە شارائىتتىكى زىيالىيلارنىڭ پۇرسەت ۋە بۇرچلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھەم كادىرلار تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى، ئىختىساسلىقلار چۈشەنچىسىنىڭ يېڭىلىنىشىدىكى بىر قاتار زىددىيەت توقۇنۇشى... قاتارلىقلارغا چېتىلغان. «ئۈمىدۋار چۈشلەر» «رېئاللىققا ئايلانغۇسى»... ھېكايە مانا مۇشۇنداق ئاخىرلىشىدۇ.

بەلكىم، زوردۇن سابىرنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدىكى تەرپىلەشكە ئەڭ ئەرزىيدىغانلىرى بولسا ئاشۇ «نەسىردىن ئەپەندىم» ئالاھىدىلىكىنىڭ بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ ئۆزگەرگەن قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەرلەر بولسا كېرەك. «ئارچا ياپرىقى»، «قوشنىلار»، «تۆمۈر تاپان»، «ئىھ، توپىلىق يول»، «ئايدىڭ كېچە»، «چايخورلار»، «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ»، «ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە» قاتارلىق نادىر ئەسەرلىرى دەل ئاشۇنداق ئەسەرلەردۇر. ئۇ ئەسەرلەر كۈنسېرى ئۆزگىرىۋاتقان رەڭگارەڭ، مۇرەككەپ زىددىيەتلەرگە تولغان ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ بىر پارچە تۇرمۇش كارتىنىسىنى، خىلمۇ خىل جانلىق پېرسوناژلارنىڭ يېزا، شەھەرلەرنىڭ ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئېيتقان جانلىق ھەم سالماق ناخشىلىرى ئارقىلىق سىزىپ چىققان.

بۇرۇن يېزىلغان پوۋېستى «بۆيلۈق خاتىرىلىرى» (خەنزۇچىغا «خەيرلىك ئىش» دەپ تەرجىمە قىلىنغان ــ تەرجىماندىن) دېھقان ھەمدۇل بوۋاينىڭ ئۆيىدە بېشىدىن كەچۈرگەن بىر مەيدان بوران ـ چاپقۇنلىرى تەسۋىرلەنگەن. ھەمدۇل بوۋاي «يەر دېگەن دېھقاننىڭ ھاياتلىق يىلتىزى ۋە بايلىقى»، «دېھقاننىڭ ئەخلاقى ئېتىزدىن يېتىلىپ چىقىدۇ» دېگەنگە قاتتىق ئىشىنىدۇ. ئوغلى مەنسۇر بولسا قېرىشقاندەك يەرنى كۆزگە ئىلماي ناتوغرا يولدا ماڭىدۇ. تىراگېدىيە مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ. دەل بىر قىسىم يازغۇچىلار ئۇزۇن تەسۋىرلەر ئارقىلىق دېھقانلار ئەمگەك بىلەن بېيىدى، ئەقىلگە تايىنىپ خۇتۇن ئالدى دېگەندەك تەسۋىرلەر بىلەن پارتىيەنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك ئۈچىنچى ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى يېزا ئىسلاھاتىنىڭ دېھقانلار تۇرمۇشىغا ئېلىپ كەلگەن يېڭىچە ئۆزگىرىشنى كۈيلەۋاتقاندا، زوردۇن سابىرنىڭ تەكىتلىگىنى بولسا بۇ خىل تارىخىي ئېقىمدىكى مۇرەككەپ ۋەزىيەت بولدى. بىر تەرەپتىن،

پارتىيەنىڭ خەلقنى بېيىتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا، ئاشۇ «ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىدىكى كېسەكلەر» ئۆز ئالدىغا ئىشلەپچىقىرىلىپ، دېھقانلار قان ـ تەرى بىلەن تۇپراقتىن كۆپ ھەققە ئېرىشىپ بېيىش يولىغا ماڭسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئون يىللىق قالايمىقانچىلىقتىن قېلىپ قالغان ئىجتىمائىي زەھەر ۋە ئۆز نەپسىگىلا چوغ تارتىش كېسىلى، يېزا سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ يوقالماقتا يوق، ئەكسىچە، پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ كېڭىيىپ، يامراپ، كارىز سۈيىنى «بۇلغىدى». ھەمدۇل بوۋاينىڭ ئوغلى مەنسۇر «بۇلغانغان» كارىز سۈيىدە «يېڭى بەگ» بولۇپ پەيدا بولدى. ئاتا بولغان ئادەمگە ئايان، بۇنداق ھارامنىڭ يولى 1970 ـ يىلى باشلانغان، پەقەت ساختا گەپلا چوڭ ئىش ھېسابلىنىدىغان ئاشۇ يىللاردا ئوغلى باشقىلارنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن يولدىن ئازدى. بۈگۈنكى كۈندە كونا كېسىلى قوزغىلىپ، ئالدامچىلىق بىلەن نۇرغۇن پۇل تاپقان بولسىمۇ، بوۋايغا بۇنىڭ ناتوغرا يول ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. ئاخىرىدا «ئاچ كۆز قېرى چاشقان» ــ رۇسۇل «قىسماققا» چۈشۈپ، ۋەيران بولۇپ رەسۋايى چىقىپ قايتىدۇ. ھېكايە نەسىردىن ئەپەندىمچە ئۇسلۇبتا ئاخىرلاشقان: رۇسۇل ۋەيران بولۇپ ئۆيگە قايتىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولۇپ، چۈنچە ئاستىغا كىرىپ يىغلايدۇ، ئەسەر مۇنداق بىر جۈملە بىلەن ئاخىرلاشقان: يىغلىما، چۈنچىگە قاراپ كۆل! «بۇيلۇق خاتىرىلىرى»دا پەقەت دېھقان ئائىلىسىدىكى ئاتا ـ بالا، ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش يېزىلغان بولۇپ، پەقەتلا جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىش دولقۇنىنىڭ كىچىككىنە «بۇژغۇنى»، بىر تۇتام «پارچە ـ پۇراتلىرى» تۈيۈلسىمۇ، لېكىن تۇرمۇش قانۇنىيىتىنىڭ مۇقەررەرلىكىگە ئالاقىداردۇر. مانا بۇ يازغۇچىنىڭ دانالىقى ۋە كەسكىنلىكىدۇر.

شۇندىن كېيىنلا يازغان ھېكايىسى «چايخورلار»دىكى بۇتىيامۇ گەرچە ناتوغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى رۇسۇلدەك نەس باسمايدۇ. «بۇتىيا دېگەن تەلەيلىك، كۈچىگە تايىنىپ پۇل تاپتى» چايخورلار ھەۋەس قىلغىنىچە شۇنداق دېيىشىدۇ. دەرۋەقە، بۇتىيا كۈچىگە تايىنىپ چېلىشتا مەيدىسىگە مۇشتلاپ، مۇتتەھەملىك، ئالدامچىلىق قىلىپ «بېيىپ»، چايخانىدا زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىدىغان كىشىگە ئايلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ، «جازا» يەنىلا كېلىدۇ. بىر قېتىملىق چېلىشتا ئويلىمىغان يەردىن ئەزەلدىن كۆزگە ئىلمىغان «خوتەك»كە يېڭىلىپ «ئۆيىدە قوپالماي يېتىپ قالىدۇ». «ئەتىدىن كەچكىچە داڭقى چىقىرىشنى ئويلايدىغان بۇ ئادەمنىڭ بۇ قېتىم راستلا نامى چىقىپ، يىراقلارغا تارقىلىدۇ». ھېكايە يەنە بىر نەسىردىن ئەپەندىمچە سۇئالنى كۆتۈرۈپ چىققان: بۇتىيا ھاياتمۇ ياكى ئۆلۈكمۇ؟ چايخورلارنىڭ زوقلانغىنىچە دېيىشكەن ئىككى بىسلىق جاۋابىمۇ نەسىردىن ئەپەندىمچە بولۇپ: «بۇتىيا ھايات ھەم ئۆلدى!»، «ئۇنىڭ روھى ئۆلدى، بۇرۇنقى ئاچ كۆز بۇتىيا ئۆلدى، بىر يۈرەك قانائەتلەندى، قەلبى پاك يېڭى بۇتىيا ھايات». «ئۇ يەنە چايخانىغا كېلىپ چايخورلار ئالدىدا پو ئېتىشقا پېتىنالمايدۇ، كىتابخانىدا باش چۆكۈرۈپ كىتاب ئوقۇۋاتىدۇ!»

تۇرمۇشنى ماكرو ۋە تارىخىيلىق نۇقتىسىدىن تۇرۇپ تەتقىق قىلىش زوردۇن سابىرغا بۈگۈنكى زامان جەمئىيەتشۇناسلىرىغا خاس بىر جۈپ كۆز بەرگەن. ئۇ سىنچىلاپ قارىغان، ئىزدىگەن، نەزىرى چۈشكەن ئۆزگىرىشچان جەمئىيەتنىڭ تۇرمۇش ھادىسىسىنى تەھلىل قىلغان. ئۇ نەسىردىن ئەپەندىمچە كۆزىتىش، تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئارقىلىق كۆپلىگەن سەنئەت ئوبيېكتىپلىرىنى، ئاشۇ ئەمگەك، پۇل، ئەخلاق، دوستلۇق، مۇھەببەت، نىكاھ، «ئىنقىلابىي ۋەزىپە»، «رەھبەرلىك ئىستىلى»، «دېموكراتىك تاللاش» قاتارلىق خىلمۇخىل تۇرمۇش رىتىمىنى سۈرەتلىگەن. بۈگۈنكى زامان يېزا ۋە شەھەر تۇرمۇشىدىن تۇتقا قىلغىنى پەقەتلا سىياسىي ئەخلاق ـ ئەھكام ئىچىدىكى كىشىلىك تۇرمۇش مۇناسىۋىتى بولماستىن، مۇھىمى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت. شۇڭا، ئۇنىڭ پىروزا ئىجادىيىتى سۈرەتكە ئالغاندا ئاپپاراتى بەزىدە يېشىل بارگاھنىڭ بىر پارچىسىدىكى ئۈزۈمزارلىقتا، بەزىدە شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك قايناق يېزا بازىرىدىكى كارخانا ـ زاۋۇتتا، بەزىدە مول ھوسۇللۇق بۇغداي تەجرىبە ئېتىزىغا توغرىلىنىدۇ. بەزىدە چاڭ ـ توزانلار ئۇچۇپ تۇرغان يېزا يوللىرىغا توغرىلانسا، يەنە بەزىدە پاشا، پاقىلارنىڭ دۇنياسى بولغان شورلۇق يەرگە يۆتكىلىدۇ... ئەلۋەتتە زوردۇن سابىر ئاشۇ نامراتلىقتا ۋاقتىنچە تاشلىنىپ تۇرغان دېھقان ئۆيلىرىگىمۇ سەل قارىمايدۇ. «ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە»دە يازغۇچى شەھەردىن قايتىپ كەلگەن نىجاتجاننىڭ ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ چوڭقۇر مۇھەببەتلىك، ئادەمنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان مۇنداق بىر ئابزاس گەپنى يازىدۇ:

«ئىھ، قانائەتچان دېھقان، تۇرمۇشنىڭ راھىتىنى بىرلا خاتىرجەملىك دەپ قارايدىغان ساددا ئادەم، بۇ دۇنيانىڭ ئىنسان بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك راھەت ـ پاراغىتىنىڭ تۈرلىرى نەچچە مىڭ، نەچچە مىڭ، سېنىڭ مۇنۇ پاكار جىگدىلەر ئارقىسىدا مۇساپىر مومايدەك مۈكچىيىپ تۇرغان پاكار قاراڭغۇ ئۆيۈڭگە نېمە ئۈچۈن نەچچە مىڭ خىلنىڭ بىرەرى يولاپ قويمايدۇ...؟»

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى تەكشۈك بولمايدۇ، تەقدىر ئەزەلدىن ئادىل بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ نامرات بالىلارنىڭ مەسلىسى نىجاتجان ھەربىرىگە بىر كويلۇق

پۇلدىن بېرىپ: «ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىڭلار، باللار!» دېگىنى بىلەن ھەل بولمايدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىشى يەنىلا مۇشكۈل بىر جەريان.

ئومۇمەن، زوردۇن سابىرنىڭ بۇخىل ھېكايىلىرى شۇبھىسىزلا بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ كۆپ قىرلىق ئەينىكى بولالايدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە قانداقسىگە سەنئەت ئارقىلىق يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن يېڭى نەسىردىن ئەپەندىم ھېكايىلىرى بولمىسۇن؟

زوردۇن سابىر ھېكايىلىرىدىكى ھەممە پېرسوناژلارنىڭ ھەم ئۆزىگە خاس خاسلىقى بار ھەم «نەسىردىن ئەپەندىم روھى»نىڭ مەيلى كۈچلۈك مەيلى سۇس بولسۇن، بەزىدە ئېنىق بەزىدە يوشۇرۇن سايىسىنى داۋاملاشتۇرغان. بۇ نۇقتا ئۇ (يازغۇچىنى دېمەكچىمەن) ناھايىتى ياقتۇرىدىغان «مويسىپىت» ئوبرازىدا دېگۈدەك ئىپادىلەنگەن. بۇ بىر نەچچە ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان باھار بوۋاي، قەرزدار تۇرغان، بۇيلۇقتىكى ھەمدۇل بوۋاي قاتارلىق كونا دېھقانلارنىڭ ئوبرازىدىن باشقا، يەنە كونا ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ باشلىقى بەسىر؛ «بارلىقنى ۋەتەنگە بېغىشلىغان» ئالدىنقى سەپ شۇجىسى ساتتار؛ «تۆمۈر خوراز» روزەك؛ قىزى ھەدىيەنىڭ توينى «ئەمەلدارلىق مېلى» قىلغان قۇناخۇن؛ بالدۇر باي بولغان بولسىمۇ، مۇتتەھەملىك قىلىپ ئوغلىنىڭ سۆيگىنىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ياچپىكا شۇجىسى جامال؛ «50 يىل بىللە ياشىغان ساداقەتمەن بېغى»غا گۈل بەرگەن ئىسرايىل قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ خاراكتېرى سەنئەتتە چوڭقۇرلۇقى بار ئوبرازلار. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كۆز قارىشىدا، مويسىپتلەر ھەمىشە ھۆرمەتلىنىدۇ. بولۇپمۇ دېھقان ئۆيىدىكى مويسىپىتلەر مىللەت پىسخولوگىيەسىنىڭ جۇغلانمىسى. ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ساپاسى بولسا: ئىشچان، ئاق كۆڭۈل، جاپاغا چىدايدۇ، تىز پۇكمەس... تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىتلار تۈپەيلى، ئۇلار يەنە داۋاملىشىپ كەلگەن روھىي يۈكنى ئۈستىگە ئالغان. دىن، تەقدىر قاتارلىق ئىدىيە، ئاڭ تۈرىدىكىلەر ئۇلارنىڭ خاراكتېرىگە چوڭقۇر ئويۇلغان. پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنىڭ چولتىلىقى ۋە كىچىك تىپتىكى ئىشلەپچىقىرىش تۇرمۇش شەكلىمۇ ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى چەكلەپ قويغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىدىمۇ نەسىردىن ئەپەندىمچە «قىزىقارلىق ئىش»لار بولۇپ تۇرىدۇ. مۇشۇنداق مويسىپتلەرنىڭ ئوبرازىنى كىشىلەر ئەسەرلەردىن بىلگەن. لېكىن زوردۇن سابىرنىڭ قەلىمى پېرسوناژلارنىڭ مىللىي خاسلىقى ۋە تارىخىي جۇغلانمىسىدا توختاپ قالمىغان، ئەكسىچە جەمئىيەت ئىسلاھاتى ئەمەلىيىتىنىڭ ئۇلارنىڭ روھىدىكى، خاراكتېرىدىكى، غىدىقلاش ۋە ئەكس تەسىر پەيدا قىلغان ھېكايە پېرسوناژلىرىدىكى مىللىي خاراكتېرنىڭ يېڭى تۈۋرۈنۈشلىرى ۋە يېڭى ئېلېمېنتلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

مەسىلەن: «شورلۇق يەردىكى شەبنەم»دىكى، «تۇغان» دەپ چىرايلىق لەقەمى بار ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ باشلىقى بەسىرنى، توساتتىن باشقىلار سىقىپ سەھنىدىن چۈشۈرۈۋېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەسىر پەقەت بىر پارچە شورلۇق يەرنىلا ھۆددىگە ئالالايدۇ. بۇ «تۇغان» بولسا كەتمەن بىلەن، ئۆزىنىڭ ئەقلى ۋە قان ـ تەرى بىلەن شورلۇق يەرگە تاۋۇز تېرىپ مول ھوسۇل ئالىدۇ. ھېكايىنىڭ چوڭقۇر مەنىسى ئاخىرىدا چىققان ۋەقەلىكتە: بەسىرنى تۇزاققا دەسسىتىپ زىيانغا ئۇچراتقان رازاق بۇ كونا ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ باشلىقىدىن ياردەم سورايدۇ. بەسىر بۇرۇنقى ئىشلار بىلەن ھېسابلاشماي ئۇنىڭغا دىققەت ـ ئېتىبارىنى بېرىپ، پۇل بېرىپ تۇرۇپ، رازاقنىڭ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. رازاق كەتكەندىن كېيىن، بەسىرنىڭ ھەمراھى ئاچچىقلاپ: «سەن نېمىشقا بۇنداق ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلىسەن، سەن ئۇنىڭدىن تاياق يېگەنغۇ؟» دېگەندە، بەسىر: «بولدى، خوتۇن! ئۇنداق بىمەنە گەپلەرنى دېيىشمەيلى» دەيدۇ. چۈنكى توختامغا ئەمەل قىلىش كېرەك. بەسىرنىڭ يەنە «ئەمەن ۋە ئۆسۈملۈكلەر بىلەن بەش بالىنى باققۇسى» يوق. ئەنئەنىۋى ئەخلاق تەربىيەسىگە ئىگە بۇ مويسىپىت دېھقان خاراكتېرىدە بىر خىل دەۋر روھى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئالىيجانابلىقنى مۇجەسسەملىگەن. نەسىردىن ئەپەندىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش ئاشۇنداق ئالىيجاناب بولۇپ، ئۆز «رەقىبى»گە، يەنى «سىنىپىي قېرىندىشى»غا ياردەم قولىنى سوزۇشنى ماقۇل كۆرگەن ھەم شۇنداق قىلالىغان.

«ئايدىڭ كېچە»دىكى ساتتار ۋە «ئىھ، توپىلىق يول»دىكى روزەكلەر قوش بىسلىق خاراكتېرى بىلەن ئوقۇرمەننىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى مىللىي خاراكتېرنىڭ مۇرەككەپلىكىگە ئوخشىمايدۇ. ساتتار پەرىشان، تەرسا، ھەمىشە ئاچچىقلاپ يۈرىدۇ. چۈنكى ئۇ «بۇ زامان نېمە بولۇپ كەتتى» دەپ تېڭىرقايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئاشۇ پەرىشانلىق، ئاچچىقلىنىش، جاھىللىق ۋە ئازاب ئىچىدە ياشايدۇ. ھېكايە پېرسوناژلارنى قەدەممۇ قەدەم بۇ «زاماننىڭ سىرلىرى»نى يەشكۈزۈپ، ئاخىرى قەلبىنىڭ چوڭقۇر جايلىرىدىن «كونا نەرسىلەرنى تاشلاپ! قالايمىقان، مەقسەتسىز، باش ـ ئاخىرى يوق، ئېگىز ـ پەسلىكتىن قۇتۇلۇپ»، «كونا دوست» بىلەن ئايدىڭدا قالتىس مۇڭدىشىپ «كۆڭۈل ئىزھار» قىلىشنى چاچرىتىپ چىقىرىدۇ. ساتتارنىڭ خاراكتېرىنىڭ مۇرەككەپلىكىگە بولسا «زامان» ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئۇنداق «زامان»غا ماس كەلمەيدىغان ئالاقىزادىلىك بولسا، تارىخنىڭ بۇرۇلۇش مەزگىلىدىكى مەلۇم بىر

خىل جەمئىيەت پسىخولوگىيەسىنىڭ تىپىك ھالىتىنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر. كىشىلەر «تۆمۈر خوراز» دەپ ئاتىۋالغان روزەك ئەقىلسىز، ساددا، يېڭى ئالغان ئۆزىدىن كۆپ كىچىك گۈلئايشەمنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشەنمەي، بىر يېڭى ئائىلىنىڭ تىراگېدىيەسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. لېكىن ھېكايىدە پېرسوناژلارنىڭ ساددا، نادانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەندە يەنە ئەمەلىيەتنىڭ تۇرمۇش پوزىتسىيەسى كىشىلەرگە كەڭ قورساقلىق بولۇشتەك گۈزەل ئەخلاقنى ئىپادىلەشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ئايالنىڭ سەۋەنلىكىنى كەچۈرۈۋەتكەن. ساتتار بىلەن روزەكنىڭ خاراكتېرىدىكى ئاشۇ تەرەپلەشكە ئەرزىمەيدىغان تەرەپلەر تەبىئىيكى ئىنسانلاردىكى ئاجىزلىق، بۇ ئاجىزلىقلار مىللەت تارىخى جەمئىيىتىنىڭ بىر قىسىم چەكلىمىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. لېكىن زوردۇن سابىرنىڭ قەلىمى پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ چەكلىمىلىكىدە چەكلىنىپ قالمىغان، ئەكسىچە يېڭىچە جەمئىيەت تەرىپىدىن يورۇتۇلغان خاسلىقىنىڭ «يارقىن نۇقتىسى»نى تىرىشىپ قازغان. مەيلى «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ»دىكى قۇناخۇن بولسۇن، مەيلى «خىرە دېرىزە»دىكى ئىسراپىل بولسۇن، مەيلى «ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە»دىكى جامال بولسۇن بۇ «مويسىپىتلەر» يا ئەمەل تۇتقان ياكى بەك باي ۋە ياكى بۇ ھەر ئىككىلىسىگە ئىگە بولغان پېرسوناژلار. شۇنداق قىلىپ ئەنئەنە بىلەن رېئاللىق پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىدىكى قاتمۇ قات زىددىيەتلەرنى قويۇپ ياساپ چىقىدۇ. پىروزا ئەسەرلىرى قەلەمىي كەمسىتىش (مازاق قىلىش — تەرجىماندىن) يولى ئارقىلىق ھەرخىل نۇقتا، قاتلاملاردىن پېرسوناژلار خاراكتېرىدىكى «يىرگىنچلىك تەرەپلەر»نى تەھلىل قىلىدۇ، ھەمدە سۆكىدۇ ۋە تەنقىدلەيدۇ؛ شۇنىڭ بىر ۋاقىتتا يەنە تۇرمۇش لوگىكىسىنى دەررە قىلىپ، ئۇلارنى ۋىجدانىي ئەيىبكە بۇيرۇپ، خىجىل قىلىدۇ، ھەتتا ئىش-ھەرىكىتى ئارقىلىق سەۋەنلىكىنى تولدۇرىدۇ... بۇلار پەقەت ئەنئەنىنىڭ مىللىي خاراكتېرلىك كاتېگورىيەسىدىلا توختاپ قالماستىن، بۇگۈنكى ئىسلاھات تەرەققىياتىنىڭ دەۋر چەمبىرىكىگە كىرىدۇ.

ھەممىگە ئايان، مىللىيلىك مەسىلىسى تەتقىقات قىلىشقا ئەرزىيدىغان تېما ھەم پىروزىچىلار ئىجادىيەت جەريانىدا ئۆزىنى (مەنىۋىيىتىنى — تەرجىماندىن) سۇغىرىدىغان سەنئەت تېمىسى. زوردۇن سابىرنى بۇ جەھەتتە ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەت قازاندى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى خىلمۇخىل پېرسوناژلار، ئاشۇ «نەسىردىن ئەپەندىم روھى»نى داۋاملاشتۇرغان ئەر-ئايال، قېرى-ياشلارنىڭ ھەممىسىگە ئەنئەنە ۋە دەۋردىن ئىبارەت قوش بىسلىق شەرەپ تامغىسى بېسىلغان. پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىدىكى سۇندۇرۇلغان (ئىپادىلىگەن — تەرجىماندىن) ۋە ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېڭى دەۋردىكى قەدىمىنىڭ تىۋىشى ۋە تەقدىرىنىڭ ئۆزگىرىش سەنئىتىنىڭ يېشىمىدۇر — ئەسلىدە بۇنى ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىنىڭ پېرسوناژ گالېرىيەسىنىڭ (كارىدورى — تەرجىماندىن) مىللىي خاراكتېرىنىڭ زور دەرىجىدە بېيىتىلىشى دېيىش كېرەك ئىدى.

گەپدانلىق بولسا نەسىردىن ئەپەندىمنىڭ «قابىلىيىتى». زوردۇن سابىرمۇ بوش ئەمەس. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ماقال-تەمسىل، شېۋىلەرنىڭ نىقابىغا تايىنىپ قىزىقچىلىق قىلىپ ئەمەس، بەلكى بايان تىلى ھەم پېرسوناژلار دىيالوگى ئارقىلىق ئوقۇرمەننى باركاللا ئېيتقۇزىدۇ.

قىزىقارلىق، كىنايە سۆزلەر ياكى چاقچاق ئارقىلىق يۇمۇرىستىك پۇراقنى تەبىئىي رەۋىشتە پەيدا قىلىشنى كىشىلەر تۇرمۇشتا دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىدۇ. زوردۇن سابىرنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇنداق مىساللار تەبىئىيلا سان-ساناقسىز. كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ئاگرانوم ئەسئەتنىڭ تەقدىرى يېزىلغان ھېكايە «سۇبھى»دە، ئوماق تالىپچاق راھەت تۇرمۇشتا نېمە ئىشلار بولغىنىنى چۈشىنەلمەيدۇ. ئاپتور ھەممىشە پېرسوناژلارنى: «تۇرمۇش مېنى ئەخمەق قىلىۋاتامدۇ، ياكى مەن تۇرمۇشنى ئەخمەق قىلىۋاتامدىمەن؟!» دېگەن گۇمانغا سېلىپ، ناھايىتى تۈز ھەم ئاددىي ئىككى جۈملە بىلەن ئۆزىنى مازاق قىلدۇرۇپ، يۇمۇر تارىسىدىكى چوڭقۇر ھەم ھەسرەت-نادامەتلىك كۈيىنى چالغۇزىدۇ.

زوردۇن سابىرنىڭ ئەسەرلىرى بەزىدە كىنايىدىن ئەمەس، راست سۆزلەردىن پايدىلىنىلغان بولۇپ، ئارتۇقچە ماختاشلاردىن خالىي، پەقەت پېرسوناژلارنى، تۇرمۇشتىكى يوشۇرۇن تىراگېدىيەلىك ئامىللارنى ئازراق ئۆزگەرتكەن، كۈچەيتىپ، ئوقۇرمەنگە ئاشۇ يېزىقلارنىڭ كەينىدىكى بايقىغىلى بولىدىغان-بولمايدىغان يۇمۇرىستىك پۇراقنى پۇراتقان. «تۆمۈر تاپان» ھېكايىسىنىڭ بېشىدىكى ناھىيە ھاكىمى ھەسەننىڭ مەيدانغا چىقىشىغا قاراپ باقايلى:

ناھىيە ھاكىمى ھەسەن ئېغىر گەۋدىسىنى تەسلىكتە كۆتۈرۈپ، دەسسىگەن يېرىدىن خۇددى سوقما تاش ئۆرۈلگەندەك، تىترەڭگۈ ئاۋاز چىقىرىپ، مۇدىر ئىشخانىسىغا ئۇتتۇر كىرىپ كەلدى. كىرگەن پېتى سالام-سەھەتسىزلا، يۇمشاق دىۋانغا تاشلاندى-دە، ئۈستەلگە ئېڭىشىپ دىققەت بىلەن ماتېرىيال كۆرۈۋاتقان قىزىل دۇخاۋا بۆكلۈك، چار بۇرۇت ئادەمگە ئېغىر ۋە گۆشلۈك قاپاقلىرى ئاستىدىكى توشقاننىڭكىدەك پۈلتىيىپ تۇرىدىغان سۇرلۇك كۆزلىرى بىلەن چەكچىيىپ قاراپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن، دىۋان پۇرژىنىلىرىنى غىچىرلىتىپ تەستە قىمىرلىدى-دە، مىس تاماكا قۇتىسىنى، كېسىلگەن كۈل رەڭ قەغەزلىرىنى تىزىغا قويۇۋېلىپ، كىچىكرەك ھېسپتەك كۆرۈنىدىغان قىسقا بارماقلىرى بىلەن تاماكا بۇرىدى. ئۇ تاماكا بۇراشقا

ئېغىشكەندە، قوۋۇز گۆشلىرى خۇددى قىزىق تونۇردىن چۈشۈپ كېتىۋاتقان پومىنانەك كۆۋجەپ ساڭگىلاپ تۇراتتى. تېخى ئاق سانجىمىغان بۇرۇتلىرى، خۇددى يوغان بۇرنى ئاستىغا كىچىككىنە ئاياغ چوتكىسى چاپلاپ قويغاندەك، غەلىتە كۆرۈنۈش پەيدا قىلغان ئىدى».

ئىنچىكە، ھەقىقىي، جانلىق، ئاددىي ھالدىكى بۇ يۇمۇرىستىك تەسۋىردە پېرسوناژلارنىڭ نەچچە خىل ھەيكىلى (پىروتوتىپى — تەرجىماندىن) بار. ھەسەن ھاكىم ئەسەردە ئىسلاھاتنىڭ توسۇقلىرىغا ۋەكىللىك قىلىپ، باشلىنىشتىكى بۇ ئابزاستىن باشلاپلا كىتابخانلارغا ئۇچۇر يەتكۈزىدۇ.

يەنە «چايخورلار»دىكى بۇتىيانى «تۆگەشتۈرۈۋەتكەن» ۋىجىك، تەلۋە «خوتەك»نى بۇتىيانىڭ كۆزگە ئىلماي ئەيىبلىگەندىكى «تەلەپپۇز»نى ئاڭلاپ باقايلى:

«— ماۋۇ خوتەكنىڭ گېپىنى، ۋاي خوتەك، سەن قانچىلىك نېمىدىڭ، خوتۇنۇڭ خەقنىڭ ئۆيىدە ئۇسسۇل ئوينىسا، ھەر ھەپتە مېنىڭ جايىمدا ناماز ئوقۇيسەن، بازارغا بارساڭ ۋەجىڭنى مېنىڭ ھارۋامغا سېلىۋالىسەن، مېنىڭ كۆلۈمدىن سۇ توشۇپ لاي چىلاپ كېسەك قۇيدۇڭ، پۇل تۆلىدىڭمۇ خوتەك؟ نوپۇسىڭنى ماڭا ئۆتكۈزمىگىنىڭ قالدى شۇ. يوغان گېپىنى تېخى بۇنىڭ، مە، ماۋۇ يېرىم ناننى يە خوتەك، قاچانغىچە زاغرا كۆشەيتتىڭ!؟»

كەسكىن، ئۆتكۈر قەلەم يىغلاپ، كۈلەلەيدىغان «قوش ئۇنۇملۇك» يۇمۇرىستىك نەتىجىنى پۈتۈنلەي ھاسىل قىلالايدۇ. كىتابخان بۇنىڭدىن يېزىق ئارقىسىدىكى قالدۇق تەمنى تېتىيالايدۇ. دەرۋەقە، ھېكايىنى ئوقۇپ ئاخىرقى قىسمىدىكى خوتەكنىڭ ئۆزى خالاپ مەيدانغا چۈشۈپ بۇتىيا بىلەن كۈچ سىناشقان يېرىگە كەلگەندە، ئەسەرنىڭ بايان تىلى ئادەمگە بىرخىل «نەسىردىن ئەپەندىمچە پۇراق»نى پۇرىتىدۇ. بۇتىيا خوتەكنى تۇتۇۋالماقچى بولۇپ بىر نەچچە تۇتالمىغاندا:

«— خوتەك! — دەپ ھۆركىرىدى ئۇ غەزىپى بىلەن. بۇتىيا رەقىبىگە غەزەپ بىلەن تاشلاندى، لېكىن قولىغا ھېچنېمە چىقماي يەنە دەلدەڭشىپ - مۇدۇرۇپ قۇمغا تايىنىپ توختىدى. ئەمدى ئۇ چالا ئوق تەگكەن شىردەك غالجىرلاشتى... ئۇنىڭ قوللىرى يەر تايىنىپ قالدى. پۇتلىرى كالۋالاشتى.

ئەڭ ئاخىرىدا بۇتىيا قورسىقى بىلەن يەرگە يىقىلغان خوتەكنى بېسىۋالدى:

تۇيۇقسىز خوتەك ئۇنى شۇنداق پىرقىراتتىكى، كىچىكىدە دادىسى ئەركىلىتىپمۇ ئۇنى بۇنچىلىك پىرقىراتمىغاندى. ئۇ بېشى قېيىپ يەرگە قانداق چۈشكىنىنى سەزمىدى.

ئەتىسى ئۇ ئۆيىدە ئارانلا مىدىرلىغۇدەك ھالغا كەلدى. شۇنداقتىمۇ بوينىنى مىدىرلىتالمىدى.»

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، «چايخورلار»دىكى بۇتىيانىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى پۈتۈنلەي يېڭى نەسىردىن ئەپەندىم ھېكايىلىرىدۇر.

يەنە بىر مىسال كەلتۈرسەك. بۇ «خىرە دېرىزە» پوۋېستىدىكى 76 ياشلىق ئىسراپىلنىڭ ئاغزاكى قالدۇرغان ۋەسىيىتىنىڭ بىر بۆلىكى:

«ماڭا بۇ دۇنيا، ئۇ دۇنيامۇ قاراڭغۇ. قېرىغىنىمدا نەدىن كەلگەن غەم - غۇسسە بۇ؟ مەنمۇ ھەسەن زاسۇيپەزدەك باشقىلارنىڭ سۆزىنىلا تەكرارلاشنى نېمىشقا ئۆگىنىۋالمىغاندىمەن. ئەقىلسىز، ۋىجدانسىزنىڭ غېمى ئاز بولىدىغان ئوخشايدۇ. ئۆكۈزنى سويغىلى ماڭسامۇ، بوغۇزغا ئېلىپ ماڭسامۇ پۇشۇلداپ مېڭىۋەرگەنگە ئوخشاش، مەنمۇ يېتىلەككە ئۆگەنگەن بولسام، بەلكى غەمسىز، يۈرىكىم پۈتۈن بولارمىدىكىن؟ ئەمما لېكىن بۇنداق ئادەم بولغىنىمدىن ھايۋان بولۇپ قالغىنىم ياخشى - دە. ئادەم دۇنياغا ئەقلى بىلەن يارىتىلىدۇ، بەدەن ھايۋاننىڭ، ئەقىل ئادەمنىڭ. بەدەن بىر ھارۋا، ئەقىل ئات. ئەقىل بەدەننى سۆرەپ ماڭىدۇ، مەن ئەمدى يولسىز، نىشانسىز كېتىۋاتقان بىر ئات قوشۇلغان ھارۋا، ئات يول ئىزدىمەكتە، كاتاڭلاردىن ئاۋايلاپ ئۆتمەكتە. لېكىن نەگە كېتىپ بارغىنىنى بىلمەيدۇ...»


كوتۇلداشلار ھەسرەت - نادامەت ۋە ئۆز - ئۆزىنى مەسخىرە قىلىشلارغا تولغان بولۇپ، بۇ يازغۇچىنىڭ ئادەمنى پېرسوناژلارنىڭ ئاشۇ چاغدىكى روھىي ھالىتىنى يوشۇرۇن كۆزەتكۈزۈشى بولۇپلا قالماستىن، يېزىقنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان قارا يۇمۇردىكى ئەپەندىمچە روھنىڭ ئويغىنىشى ئەمەسمۇ؟

«نەسىردىن ئەپەندىم ھېكايىلىرى»نىڭ «كاللىسى»غا بىر خىل «ئەقىل» تولۇپ تۇرىدۇ. ئەپەندىم: «ئەقىلنىڭ ھەممىسى باشقىلارنىڭ كاللىسىدا ساقلاندى» دەيدۇ. بەلكىم، نەسىردىن ئەپەندىمنىڭ ئەقلىمۇ زوردۇن سابىرنىڭ «كاللىسى»دا ساقلانغان، ھەمدە «نەسىردىن ئەپەندىم روھى»نى قويۇپ قويغاندەكلا كاكىلىغان. بۈگۈنكى كۈندە زوردۇن سابىر ئاللىبۇرۇن بەندىچىلىك قىلدى. ئۇ قالدۇرغان ئەسەرلەر بولسا «نەسىردىن ئەپەندىم ئەقىل - پاراستى»نىڭ سەنئەتلىك يۈكسىلىشى، «ئەپەندىم روھى»دىن ئوقۇرمەنلەرنىڭ بەھرىمەن بولۇشى ۋە ئالىملارنىڭ تەتقىق قىلىشى ئۈچۈن قالدۇرۇلغان — يېزىق كىرىستالى.

2002 - يىلى نەشر قىلىنغان خەنزۇچە «غەربىي دىيار ئەدەبىياتىنىڭ ئىزى» ناملىق توپلامدىن)

**يۇسۇپجان مۇھەممەت ئەرتۇغ** تەرجىمىسى

**مۇھەررىرى: ئىمىرھەسەن مەخمۇت**



# قۇشقاچتامدىكى پاجىئە

(ھېكايە)

ئابدۇۋەلى ئىسھاق

مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىدىكى شور دۆڭلۈكتە چوقچىيىپ تۇرغان قەبرىستانلىق يىراقتىن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. ئەمما، دۆڭلۈكنىڭ يانباغرىغا جايلاشقان چاققانغىنە ئىككى ئېغىزلىق ئۆي كىشىلەر نەزىرىدىن خالىي. چۈنكى ئۇ ئادەملەر كەمدىن ـ كەم ئاياغ باسىدىغان مەھەللە سىرتىدىكى خىلۋەت ماكان. بازغانلاپ بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن بىرنەچچە تۈپ قېرى قارىياغاچ دەرىخى ئارىسىدا كۆزگە ئانچە چېلىقىپ كەتمەيدىغان بۇ ۋەيرانە ئۆيدە سەيدىخان ئىسىملىك تۇل چوكان جىندەك يالغۇز ئولتۇرىدۇ.

تۇرمۇش تەسۋىرلىرى

سەيدىخان توغرىسىدا گەپ بولۇنغاندا كىشىلەر ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭ رەھمەتلىك يولدىشى ئىمىن گۆركارنى يادىغا ئېلىشىدۇ. ئىمىن گۆركار كىشى چۈشەنگىلى بولمايدىغان غەلىتە مىجەزلىك ئادەم ئىدى. بېشىدىن ساقىلى، تىزىدىن چاپىنى ئۈزۈلۈپ، خۇددى تەركىدۇنيالىق يولىنى تۇتقان سوپى ـ ئىشانلاردەك جامائەتتىن خالىي، ئۆز ئالدىغا يەككە ـ يېگانە تۇرمۇش كەچۈرەتتى. گۆركارلىق ئۇنىڭ ئاتا كەسپى بولۇپ، بىر ئۆمۈر شۇ ئىش بىلەنلا شۇغۇللىنىپ كەلدى. قارىماققا تولىمۇ بەتبەشىرە كۆرۈنىدىغان بۇ ئادەم مازارلىقتىن بىر قەدەممۇ نېرى بولماي، قاچاندا قارىسا شۇ ئەتراپتا ئەرۋاھتەك ئايلىنىپ يۈرەتتى. كىشىلەر: «ئىمىن گۆركار گۆر كولاش جەريانىدا نۇرغۇن مال ـ دۇنيا تېپىۋالغانمىش» دەپ ئۇنىڭدىن گۇمان قىلىشاتتى ـ يۇ، ئەمما، ھېچكىم بۇ توغرىسىدا ئېنىق گەپ ئالالمىدى.

گەپ ئالالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئىمىن گۆركار ئادەم خالىمىغاچقا، ئۇچرىغانلارغا ئارتۇق-تۆشۈك گەپ قىلماي، ئۆز خىيالىغا بەند ياشايتتى. مۇشۇ مىجەزىگە قاراپ يەنە بەزىلەر: «ئىمىن گۆركارنىڭ جىنلار قوۋمىدىن ئۆز ئالدىغا خەلقلىرى بارمىش، خەلقلىرى ئۇنى ئىنسانلاردىن يىراقلاشتۇرۇۋەتكەنىكەن» دېگەندەك سىرلىق سۆز-چۆچەكلەرنىمۇ تارقىتىپ يۈردى. دەرۋەقە، ئۇ ياشاپ كەلگەن قارىياغاچلىقنىي جىنىنىڭ ئۇدىخانىسى دەپ چۈشىنىدىغان كىشىلەر، شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۇنىڭ دەخلى-تەرۇزسىز ياشاپ كەلگەنلىكىدىن راستىنلا ئۇنى جىنلار بىلەن مەلۇم يېقىنچىلىقى بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلىشىپ بۇ گەپلەرگە ئىشىنىپ قالغانىدى. ئىشقىلىپ پۇل تېپىشقا ئېپى بولمىغىنى بىلەن گەپ تېپىشقا ماھىر كىشىلەر شۇنىڭغا ئوخشاش تۈرلۈك ئېپقاچتى گەپلەرنى توقۇپ چىقىپ ئىمىن گۆركارنى بارغانچە سىرلىقلاشتۇرۇۋەتتى. شۇڭلاشقىمىكىن، كېيىنچە كىشىلەر ئۇنى كۆرسە تېنى ئەيمىنىپ، سۈر باسىدىغان، ئۈششاق بالىلار قورقۇپ قاچىدىغان بولۇۋالدى. ھەتتا ئۇنىڭ قىرىق ياشقىچە بويتاق يۈرگىنىگە قاراپ: «ئېھتىمال ئۇ بىرەر چىشى جىن بىلەن تويلاشقان بولسا كېرەك» دىگەن گەپلەرمۇ ئېقىپ يۈردى. شۇ گەپلەر تارقىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، مەھەللىدىن بىر مەزگىل يۇقاپ كەتكەن ئىمىن گۆركار ئۆيلەنمىگەن يەردىن چىرايلىق بىر چوكاننى ئەگەشتۈرۈپ قايتىپ كېلىۋىدى، ھەيرانلىقتىن ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالغان كىشىلەرنىڭ ئېغىزى يەنە ئېچىلدى.

— پاھ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن چوكان ئەجەب چىرايلىقكىنا، ئىنسانمىدۇ ياكى ئىنسان سىياقىغا كىرىۋالغان جىنمىدۇ؟

— بۇنى بىر نېمە دەپ بولمايدۇ، چۈنكى ئىمىن گۆركار ئەسلىدىلا تەكشى ئادەم ئەمەس، بىز بىلمەيدىغان بىرەر سېھرى-جادۇلىرى بولسا...

— قارىسىغا گەپ قىلماڭلار ھەي، قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ خوتۇنىدىن تەلىيى كەپتۇ، جىن بولسىمۇ چىرايلىق بولغاندىكىن مەيلى ئەمەسمۇ.

— مەيلى بولسا كۆرۈمسىز خوتۇنۇڭنى قويۇۋېتىپ ئۇنىڭغا دەپ باق، ساڭمۇ بىرنى تونۇشتۇرۇپ قويسۇن، ھا... ھا... ھا...

— توۋا دەپ ئاستا گەپ قىلىڭلار، ئۇنىڭ جىنلىرى تىڭشاپ تۇرغان بولمىسۇن يەنە.

— قارىغاندا ئۇنىڭ مال-دۇنيا تېپىۋالغىنى راستمۇ نېمە؟ بولمىسا ئۆلۈك پۇراپ تۇرىدىغان ئادەم ئىسكەتى يوق ئۇ ئەبگاغا خوتۇن تېگەمتى؟

كىشىلەر نېمىلا دېيىشمىسۇن ئىمىن گۆركار ئۇلارنىڭ كۆزىچە چىرايلىق بىر خوتۇنلۇق بولۇپ قالدى. بىراق، شۇنچە ئۇمىد كۈتسىمۇ جامائەتكە بىرەر پىيالە توي چېيى بېرەي دېمىدى. ئەكسىچە، تۆت تېمىدىن توپا قويۇلۇپ تۇرىدىغان خىلۋەت كۆلبىسىگە مەھكەم بېكىنىۋېلىپ، دەسلەپكى بىر ھەپتىگىچە تالا-تۈزگىمۇ تۈزۈك چىقمىدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇنى يوقلاپ كىرگەن كەنت باشلىقىنىڭ زورى بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ توي خېتى ئېلىۋالدى خالاس.

ئەڭ ئەجەبلىنەرلىكى، ئىمىن گۆركار ئايالىنى ئۆيىگە شۇ سولىۋالغانچە تالا-تۈزگە چىقارماي، مەھەللىدىكى ھېچكىم بىلەن ئۇچراشتۇرمىدى. ئېھتىمال زىيادە كۈنلەمچى بولسا كېرەك، بىچارە سەيدىخان ئۇنىڭدىن باشقا كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇلارنى پات-پات يوقلاپ تۇرىدىغان كەنت باشلىقىنىڭ ئالدىغا چىقىشقىمۇ پېتىنالماي كەلدى. ئەمەلىيەتتە كەنت باشلىقىدىن بۆلەك كىشىلەرنىڭ ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلىش زۆرۈرىيىتىمۇ يوق ئىدى. چۈنكى، ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئۇ گۆرنى ئالدىنئالا تەييارلاپ قويىدىغان بولغاچقا، يەرلىككە ئېھتىياجى چۈشكەنلەر پەقەت كەنت باشلىقىنى ئىزدەش ئارقىلىقلا ئىشىنى پۈتكۈزەتتى. ئىلگىرى ئۇنىڭ ئىلكىدىكى نورمىلىق يەر ئۇدا تېرىقسىز قالغاچقا، ئاخىرى يەرنى كەنت باشلىقى ئۆز ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىپ، شۇ ھالدا يىللاردىن بېرى ئۇنىڭ ھالىدىن ئازدۇر-كۆپتۈر خەۋەر ئېلىپ كېلىۋاتاتتى. يەر تېرىش ئاۋارىچىلىكىدىن قۇتۇلغان ئىمىن گۆركار خۇتۇن ئالغان كېيىنكى كۈنلەردىمۇ يەر توغرىسىدا كەنت باشلىقىغا ئارتۇقچە ئېغىز ئاچمىدى.

ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ، ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىق خەۋىرى تارقالدى. گۆر كولاش جەريانىدا ئىچ گۆر گۆمۈرۈلۈپ چۈشۈپ ئاستىدا قالغانىكەن. شۇندىلا مەھەللە-كويدىكىلەر ئۇنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم بېسىشقا مۇيەسسەر بولدى. ھاياتلىقىدا توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىمگە قاتناشماي ئۆتكەن ئىمىن گۆركارنىڭ مېيىت نامىزى ئويلىمىغان دەرىجىدە ئاۋاتلىشىپ، كۆپ ناماز تاپتى. ئۇنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلغان كەنت باشلىقىنىڭ يۈز-خاتىرسى ئۈچۈنمۇ ياكى ئۇنىڭ سىرلىق ھاياتىغا قىزىقىپمۇ ئەيتاۋۇر ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغانلىكى يىراق-يېقىندىكى كىشىلەر توپ-توپى بىلەن كېلىپ قاتناشقانىدى. سەيدىخان ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان شۇنچە كۆپ ئادەملەرگە قىزىقسىنىپ قارىغانچە، كەنت باشلىقىنىڭ ئايالى بېشىغا ئارتىپ قويغان ئاق ياغلىقنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان ئۇچىنى ئويناپ خاتىرجەم ئولتۇراتتى. چىرايىدا نە قايغۇ-ھەسرەتتىن، كۆزلىرىدە نە بىر تامچە ياشتىن ئەسەر يوق، خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك شۇقەدەر پەرۋاسىز ئىدى. بۇنىڭدىن

ئەجەبلەنگەن ئاياللار ئۇنى هازا ئېچىشقا شۇنچە دەۋەت قىلسىمۇ پىسەنت قىلماي، ئەكسىچە ئۇزاپ كېتىۋاتقان جىنازا ئارقىسىدىن قاقاقلاپ كۈلۈپ قالغانىدى. بۇ هالدىن چۆچۈگەن ئاياللار بىر-بىرىگە شۈبھىلىنىپ قاراشقىنىچە، «توۋا» دەپ ياقا چىشلەشتى.

— ئاڭلىدىڭلارمۇ؟— دەپ باشلانغان سۆز-چۆچەك ئۇزۇن ئۆتمەي مەھەللىگە پۇر كەتتى.— ئىمىن گۆركارنىڭ ئالغان خوتۇنى ئەسلىدە ئىلىشىپ قالغان ساراڭكەن.

— شۇڭا ئەل-جامائەتتىن يوشۇرۇپ كەپتىكەن-دە، رەھمەتلىك؟

— توۋا دېگۈلۈك، قارىماققا ھېچ ئۇنداق ئەمەستەك، يۇرۇش-تۇرۇشى جايىدا، شۇنداق ئوڭلۇق كۆرۈنىدىكەن دىسە

— راست، دەسلەپ كۆرگەندە بىر ئوبدان تۇراتتى، كىم بىلىدۇ؟ ئۇنىڭغا تېگىپ شۇنداق بولۇپ قالدىمۇ تېخى.

— مېنىڭچىمۇ شۇنداق، چۈنكى، ئۇ جاي ئەسلىدىلا ئەرۋاھلارغا تەۋە، ئادەم ئولتۇرسا بولمايدىغان شەرتلىك يەر ئىدى. بىچارە، ئۇقۇشماي ئەمەس يەردە ئولتۇرۇپ قالغان چېغى.

— ئېھتىمال، ئىمىن گۆركارنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بىرەر چىشى جىن سەيدىخانغا كۈنداشلىق قىلىپ چاپلىشىۋالغان بولسا كېرەك.

— ۋاي ئىسىت، بىر بەلەن ئايال ئۇ ئەرۋاھقا تېگىپ نابۇت بولدى-دە.

دېگەندەك سەيدىخان قارىماققا تۈزۈكتەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئەقلىدىن ئاداشقان بىنورمال چوكان ئىكەنلىكى ئىمىن گۆركار ئۆزى كولىغان يەرلىكتە ياتقان كۈنى مەلۇم بولدى. بىراق، ئۇنىڭ تېگى-تەكتى بىلەن، ئۇ ئىككىسىنىڭ قانداقلارچە تېپىشىپ قالغانلىقى ۋە سەيدىخان ئۇنىڭغا تېگىشتىن ئىلگىرى شۇنداقمۇ ياكى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ياشاش جەريانىدا مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن ئىلىشىپ قالدىمۇ، دېگەنلەر ھېچكىمگە ئايان ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدىن ھەتتا كەنت باشلىقىمۇ گاڭگىراپ قالدى.

شۇنداق قىلىپ بەختسىز سەيدىخان ئىمىن گۆركارنىڭ تەۋەررۇك ئۆيىدە باشپاناھسىز، تىنكەندەك يالغۇز قالدى. ياق، يالغۇز قالمىدى، ئۇنىڭ بىچارە هالىغا ئېچىنغان باغرى يۇمشاق مەھەللە ئاياللىرى پات-پات هالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئۇنى ئاچ-توق قويمىدى. شۇڭا، بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ غېمى يوق دېيىشكە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ جاھاندىكى ئەڭ غەمسىز ئىنسانلار تىپىدىن ئىدى. بىرلا يېرى ئۆز ئۆيىدىن باشقا جايدا يېتىپ-قوپۇشقا پەقەت ئۇنىمايتتى. كېيىن ئۇنى كەنت باشلىقى ساراڭلار ساناتورىيەسىگە ئاپىرىپ قويۇۋىدى، قانداق بولغان ئۇ ساناتورىيەدىن قېچىپ چىقىپ كەنت باشلىقىدىن بۇرۇن ئۆيىگە كېلىۋالغانىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قانداقلارچە ئۆيىنى تېپىپ، شۇنچە تېز كېلەلىگەنلىكىدىن مەھەللىدىكىلەر ھەيران قالغان.

ئەمدى ئۆيىگە سولىۋالىدىغان ئىمىن گۆركار يوق، سەيدىخان كۆڭلى خالىغان يەرلەرگە بىمالال كېتىۋېرىدىغان بولدى. ئۆيىدىن بىر چىقىۋالسا كوچىمۇ-كوچا سوكۇلداپ يۈرۈپ، يېنىدىن ئايرىمايدىغان قەلەي كورىسىنى سۈت بىلەن لىق تولدۇرۇۋالاتتى-دە، غىپپىدە ئۆيىگە كىرىۋالغانچە، كىملەردۇر قولتۇقىغا قىستۇرۇپ قويغان ناننى سۈتكە چىلاپ يەپ بىر-ئىككى كۈن سىرتقىمۇ چىقمايتتى. شۇنداق قىلىپ سەيدىخان ئۆيى بىلەن مەھەللە ئارىلىقىدىكى ئۇزۇك يولنى تەكرار بېسىپ كىشىلەر كۆزىگە ئوبدانلا سىڭىپ قالدى. ئەجەبلىنەرلىكى، ئىمىن گۆركار ئۆلۈپ كەتكەن كۈنى بېشىغا ئارتىلغان ئاقنى شۇ پېتى بېشىدىن ئالماي، خۇددى ئىخلاسمەن هازىدارلاردەك ئېڭىكىدىن مەھكەم چىگىپ يۈردى. ئاق رەڭ كۆڭلىگە بەكرەك ياقسا كېرەك، ئاياللار ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنى تاشلاتقۇزالماي ئاخىرى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتتى.

بۇ كۈنلەردە ئۇنى ئەڭ خاپا قىلغىنى، مەھەللىدىكى بىر قىسىم هاياسىز، تەلۋە ياشلارنىڭ كېچىلىرى ئۇنىڭ ئىشىك-دېرىزىلىرىنى قېقىپ ئارامىنى بۇزۇشى ئىدى. چۈنكى ئۇ ساراڭ بولسىمۇ ئايال، يەنە كېلىپ ساراڭ دېگۈدەك ئۆزىنى تاشلىۋەتمىگەن چىرايلىق چوكان بولغاچقا ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتماي قالمايتتى. ھېچ شۈبھىسىزكى، ئەگەر مۇشۇ جامالى بىلەن ئۇ نورمال ئىنسان بولغان بولسا، ئاللىقاچان ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرىگە ئەتىۋارلىق خوتۇن بولۇپ ئەزىزلەنگەن، بۇ هالدا باشقىلارنىڭ ئەخمەق قىلىش ئوبيېكتى بوپقالمىغان بولاتتى، ئەلۋەتتە.

ھېلىھەم ئۇ بىر-بىرىدىن خۇپىيانە ئىشىك چەككۈچىلەرنى ئارماندا قويۇپ، بىرەرسىگە بىرەر قېتىم ئىشىك ئېچىپ باققىنى يوق. ئالداشلارغا ئالدانمىدى، يېلىنىپ، يالۋۇرۇشلارغا پىسەنت قىلمىدى، ھەيۋە قىلغۇچىلاردىن قورقۇپ قالمىدى. بەكرەك قۇترىغانلارنى بولسا «كەنت باشلىقىغا دەيمەن» دەپ قورقاق سېلىپ قاچۇرۇۋەتتى. نەتىجىدە ئۇلار مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرالماي، ئىلاجىسىز ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈشكە مەجبۇر بولدى.

قىش كەلدى. قېلىن قار باسقان دالادا سەيدىخان ئولتۇرۇۋاتقان ئۆي تولىمۇ غېرىبانە كۆرۈنەتتى. سوغۇق ئۆيىدە كېچىچە تىترەپ چىققان سەيدىخان تاڭ يورۇشى بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇرۇپ مەھەللە تامان پايپاسلاپ

يۇرۇپ كەتتى. شۇ يۇرۇشىدە ئۇدۇل مەسچىت ئىمامى ئوسمان قارىيھاجىمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. قارىيھاجىمنىڭ ئايالى زىلەيپۇۋى تولىمۇ مۇلايىم، مېھرىبان ئايال بولغاچقا ئۇنىڭغا باشقىلارغا قارىغاندا بەكرەك كۆڭۈل بۆلەتتى. سەيدىخان بۇنى ھېس قىلىپ يەتكەن چېغى، كۆڭلى پات ـ پات مۇشۇ ئۆيىنى تارتىپ قالاتتى. زىلەيپۇۋى ئادىتى بويىنچە ئورنىدىن قوزغىلىپ، تەرەپباللا كىرىپ كەلگەن سەيدىخاننى ئوچۇق چىراي قارشى ئالدى.

ــ كەل سەيدىخان، ۋاي بىچارە ئۇز خېنىم، بەكلا توڭۇپ كېتىپسەن ئەمەسمۇ، ئۇۋال ساڭا، قېنى بۇ يەرگە كېلىپ تاممەشكە دۈمبەڭنى يېقىۋال.

ــ ئۇ ئەسكىلىكتە توڭماستى ئەمەسە،ــ دەپ تۆردە بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغانچە كىتاب كۆرۈۋاتقان ئوسمان قارىيھاجىم تەپسىر ئېيتقاندەك ۋەزمىن ئاھاڭدا ئېغىز ئاچتى،ــ ھەي... مۇشۇ كەنت باشلىقىمۇزە، بارغانچە ياراقسىز بوپكەتكىلى تۇردى. بۇ ئاجىزە ئۇ يەردە يالغۇز ئۇۋالچىلىق تارتىپ قالدۇ، كاتەكتەك بولسىمۇ بىرەر ئېغىز ئۆي سېلىپ مەھەللە ئىچىگە قايتۇرۇپ كېلىدىغان ئىشتى، دەپ بۇرۇنلا سەمىگە سالغان بولمىسا، ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

ــ شۇنى دېسىلە، بولمىسا ئىمىن ئاخۇننىڭ يېرى شۇ ئادەمدە، رەھمەتلىكنىڭ روھىنى قورۇندۇرۇپ يەنە نىمشقا كۆڭۈلشمەيدىكىن ـ تاڭ؟

ــ ئاڭلىسام ئۇ يەرنى خىش زاۋۇتىغا سېتىۋەتكەننىڭ گېپى بار. بەلكىم، ياز يورۇغاندا شۇ پۇلدىن ئازىراق خەج قىلىپ، ئۆيىمۇ پۈتۈپ قالار.

ــ شۇنداق قىلسىلا مەيلىتىغۇ ئىگەكىم.

زىلەيپۇۋى كۆرسەتكەن ئورۇندا ئۆزى بىلەن ئۆزى مۇڭدىشىپ ئولتۇرغان سەيدىخان ئۇلارنىڭ گېپىگە پەرۋاسىز ئىدى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئۆزىچە پىسىڭىدە كۈلۈپ قوياتتى. تاممەشتىن بەدىنىگە ئۆتكەن ئىسسىق ھاراەتتىن قىزىرىشقا باشلىغان ئەتلىك يۈزى، ئېڭىكىدىن چېتىپ چىگىۋالغان ئاق ياغلىق ئىچىدە ئۆزگىچە جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. بۇنىڭغا ئاستىرتىن دىققەت قىلغان زىلەيپۇۋى ئەپسۇسلىنارلىق ئىچىدە ئېغىر ئۇھسىنىپ قويدى.

سەيدىخان قايماقلىق ئەتكەنچايدىن قانغۇچە ئىچىپ، قورسىقىنى راۋۇرۇس تويغۇزۇۋالغاندىن كېيىن ھايالشمايلا ئۇزاپ چىقتى ۋە ئىككىلەنمەيلا قەدىمىنى كەنت ئىشخانىسى تەرەپكە بۇرىدى. ئۇنىڭ ئىشىك چەكمەستىن خۇددى مەسچىتكە كىرگەندەك بىمالال تاراقلاپ كىرىپ كېلىشى، ئىشخانىدا نېمە ئىش بىلەندۇر مەشغۇل بولۇپ ئولتۇرغان كەنت باشلىقىنى چۆچۈتىۋەتتى. ئۇ بۇقىدەك تولغان بويىنىنى بۇراپ، بۇسۇغا تاپىسىدا پەيدا بولغان سەيدىخانغا مۇنداقلا قاراپ تەرىنى تۈردى. «نېمە بالاغا قالدىم بۇ سارالڭ بىلەن» دەپ ئويلىدى ئىچىدە. چۈنكى، سەيدىخانغا كىملەر گەپ ئۆگىتىپ قويىدىكىن، نېمىگە ھاجىتى چۈشسە شۇ ھالدا ئۇدۇل كەنت باشلىقىنى ئىزدەپ، نەدىكى ئالدىراش بىر چاغلاردا ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىۋالاتتى. رەللە بولغان كەنت باشلىقى باشقىلارنىڭ كۆزىچە ئۇنى بىر نەچچە قېتىم سىلكىۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ ئادىتى يەنىلا ئۆزگەرمىدى.

ــ ھىم، يەنە نېمە دەردىڭ بار؟ گۇشىيىپ تۇرماي گاچ ـ گاچ دېمەمسەن.

كەنت باشلىقىنىڭ زەردىلىك ئەلپازىدىن سەيدىخان سەل ھېيىقىپ قالدى بولغاي، دەماللىققا گېپىنى تاپالماي، ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. شۇ ھالدا بىر پەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

ــ شۇ... ئاخشام... ئوت قالاي دېسەم كۆمۈر يوق،ــ دېيەلىدى ئارانلا. بۇ گەپ بىلەن تەڭ كەنت باشلىقىنىڭ قۇيقا چېچى تىك تۇردى.

ــ نېمە؟ كۆزدە چۈشۈرۈپ بەرگەن كۆمۈرنى شۇنچە تېز قالاپ بولدىڭما؟ ناشتىلىقىڭغا كۆمۈر يېمەيۋاتقانسەن يەنە؟

ــ ھى... ھى... ھى... دىرىزە چېقىلىپ كەتكەچكە ئۆي ئىسسىماي...

ــ ئەستا... دىرىزەڭ نىمشقا توختىمايدىغاندۇ سېنىڭ، بودا دىرىزەڭ بىلەن ھەپىلەشكەنلەرنى ماڭا بىر دېگىنە، ئادەم بولمايدىغان ئۇ دەيۈزلەرنىڭ تانابىنى...!!!

كەنت باشلىقى شۇنداق دەپ چېچىلغانچە، كەنت قوغدىغۇچىسى سادىق دارازىنى چاقىردى.

ــ ماڭ، بۇنىڭغا بىر خالتا كۆمۈر ئېپ بەرگىنە، يېزىغا دەپ كۆمۈر ھەل قىلغۇچە قالاپ تۇرسۇن.

سەيدىخان سادىق دارازىغا ئەگىشىپ كۆمۈرخانىغا كىرىپ كەلدى. كىرىشى بىلەن تەڭ سادىق دارازا ئۇنىڭ قولىنى كاپپىدە تۇتۇۋېلىپ:

ــ ھى... ھى... ھى... سەيدىخان ئاپپاق، مېنى قۇچاقلاپ بىرنى سۆيۈپ قويە،ــ دەپ يېقىمسىز ھىجايغىنىچە ئۇنى شىپقاپ كەلدى.

ــ ياق، سۆيمەيمەن،ــ ئۆزىنى قاچۇردى سەيدىخان.

ــ سۆيمىسەڭ كۆمۈر بەرمەيمەن ئەمىسە.

ــ بەرمىسەڭ مەيلى.

سەيدىخان شۇنداق دەپ ئۇنىڭ قولىنى سىلكىۋېتىپ سىرتقا مېڭىۋىدى، سادىق دارازا سەل ھودۇقۇپ قالدى.

— ھەي، توختا. كۆمۈرنى ئالماي نەگە بارىسەن؟

ئۇنىڭ ئەمدىلا بوسۇغىغا يەتكەن قەدىمى ئارقىغا ياندى. بۇلۇڭدا تاشلىنىپ تۇرغان خالتىدىن بىرنى ئېلىپ، زوڭزىيىپ ئولتۇرغانچە ئالدىراپ - ئۈچقاپ كۆمۈر قاچىلاشقا باشلىدى. بەتقىلىق دارازا ئۇنىڭغا كۆمۈر قاچىلىشىپ بەرگەنلىك بولۇپ مەڭزىگە «چوكىدە» بىرنى سۆيۈۋالسىمۇ سەيدىخان بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، كۆتۈرەلىگۈدەك بولغان خالتىنى ئۈشنىسىگە ئارتتى - دە، ئىشخانا قورۇسىدىن تېزلا غايىب بولدى. ئۆتەر يولدىكى دوقمۇشتا دۈغدىيىپ تۇرۇشقان بىكار تەلەپ كىشىلەر يېقىنداپ كېلىۋاتقان سەيدىخاننى كۆرۈپ، پاراڭ تېمىسى تەبىئىيلا ئۇنىڭ ئۈستىگە يۆتكەلدى.

— قاراڭلار سەيدىخانغا، ئىمىن گۆركاردىن قالغان دۇنيا - دەپىنەنى خالتىغا قاچىلاپ كۆتۈرۈپ يۈرۈۋاتامدۇ نېمە؟

— يوق گەپنى قىلماڭلا، نەدىكى دۇنيا - دەپىنەكەن ئۇ؟ بولسىمۇ ئاللىبۇرۇن كەنت باشلىقى ئالداپ ئېلىۋالغاندۇ؟

— شۇ، ئالتۇن بىلەن كۆمۈرنى پەرق ئېتەلمەيدىغان بۇ يالاڭتۆش نېمىنى بىلەتتى؟

— بىز بۇ يەردە نېمىلا دېگەنبىلەن رەھمەتلىك ئىمىن گۆركارنىڭ ئۆلگىنى كەنت باشلىقىغا ياراشتى. ئۇنىڭغا تەۋە يەرنى خىش زاۋۇتىغا سېتىپ بىرمۇنچە پۇللۇق بوپقالدى مانا. ئۇنىڭدىن ئارتۇق دۇنيا - دەپىنە بولامدۇ؟

— شۇنداق بولغاندىكىن ئىنساب قىلىپ سەيدىخانغا ياخشىراق قاراپ قويسىمۇ كاشكى، قارىماسلەر، بۇ قارا قىشتا بىچارىنىڭ قالغۇدەك كۆمۈرىمۇ قالمىغان ئوخشايدۇ. قانداق سىڭىدىكىن، مۇشۇنداق ئاجىز ئايالنىڭ ھەققىنى يېيىشتىنمۇ باش تارتمايدىكەن دېسە.

— ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگىچە دەپتىكەن، بىر يەردىن تېپىشىپ چىقىدىغۇ ئاخىر.

كىشىلەر شۇ ھالدا سەيدىخانغا باغلاپ كەنت باشلىقىنىڭ ئارقىسىدىن ھەر نېمىلەرنى دېگەن بىلەن ئالدىدا ھېچكىم ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالمايتتى. چۈنكى، مەھەللىنىڭ تەڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئۇنىڭ جەمەتلىرى تەشكىل قىلغان بولۇپ، يۇقىرى ئورۇندىمۇ ئۇ ئىندەككە كەلتۈرۈۋالغان قوللىغۇچىلىرى بار ئىدى. شۇڭىمۇ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئورنىدا تاقا مىختەك تۇرۇپ كەلگەن كەنت باشلىقىنىڭ دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان بولاتتى. بۇ ئەھۋالدا كىممۇ ئۇنىڭغا قارشى چىقالىسۇن؟

دەرھەقىقەت، كەنت باشلىقى ئىمىن گۆركارغا تەۋە پۈتلۈق يەرنى ئۆز ئالدىغا سېتىۋېتىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئوغلىغا يۈك ماشىنىسىدىن بىرنى سېتىۋالدى. ئۆزى بولسا خۇمدان لوبىنى بىلەن خۇددى كونا قەدىناسلاردەك ئۇنىڭ شەخسىي ماشىنىسىدىن چۈشمەي، نېمە ئىشلار بىلەن ئالدىراشكى، مەھەللە بىلەن يېزا ئارىلىقىدا موكىدەك قاتراپ يۈرەتتى. قارىغاندا ئوسمان قارىيھاجىم سەمىگە سالغان گەپنى شۇ ئالدىراشچىلىقتا راستىنلا ئۇنتۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ، بۇ ھەقتە پات - پات قۇلىقىغا كىرىپ قالىدىغان سۆز - چۆچەكلەرگە پەرۋايى پەلەك، قۇلىقىنى يوپۇرۇپ يۈرۈۋەردى.

خىش زاۋۇتى ئىشقا كىرىشىشى بىلەن تەڭ مەھەللە قىياپىتىنى يېڭىلاش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. ئۇزۇنغا قالمايلا كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى قۇشقاچ ئۇۋىلاپ ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋەتكەن توپا تاملار تامامەن چېقىپ تاشلىنىپ، ئورنىنى كۆركەم ۋە مەزمۇت قوپۇرۇلغان خىش تام ئىگىلىدى. مەھەللىگە ئالاھىدە ھۆسن قوشقان بۇ تامنى كىشىلەر «چوكانتام» دەپ تەرىپلىشەتتى. ئارقىدىنلا «ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى» كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ، يۇقىرىنىڭ ئېتىبار بېرىش سىياستىدىن مەنپەئەتلەنگەن كىشىلەر بەس - بەستە يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق ئۆي قۇرۇلۇشىغا كىرىشىپ كەتتى.

بولۇۋاتقان بۇ ئۆزگىرىشلەر سەيدىخان بىلەن ھېچ مۇناسىۋەتسىزدەك، ئۇ ھېلىلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك مۆكچىيىپ تۇرغان مازارلىققا يانداش خىلۋەت تۇرالغۇسى ئالدىدىكى كۆتەكتە رىيائىللىقتىن خالىي ئۆزگىچە دۇنياسىغا چوڭقۇر چۆككىنىچە مۈگدىنىپ ئولتۇراتتى. بېشىدا يەنە شۇ ئاق ياغلىق، ئۇچىسىدا پۇچقاقلىرى قىرچىلىپ، يىرتىلغان يەرلىرى رەڭدار يىپلار بىلەن قوپال تۈنەپ تىكىلگەن كونا ماتا كۆڭلەك، پۇتىدا نەلەردىندۇر تېپىۋالغان يەكپاي ئاياغ، پۈتۈن ئۇزايى شۇنداق ئاۋارە بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەبىئىي ئۇز چىرايى پارلاپ تۇرغان قۇياش نۇرىدا نۇقسانسىز جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۆي ئەتراپىدىكى يىلدىن - يىلغا شاخ يېيىپ، كېلەڭسىز تۇس ئالغان باراقسان قېرى قارىياغاچنىڭ قويۇق ياپراقلىرى ئارىسىدا چۇرۇقلاپ سايراۋاتقان قۇشقاچلارنىڭ يېقىملىق ئۈنىمۇ ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتالمىدى. نامەلۇم بىر نۇقتىغا تىكىلىپ تۇرغان كۆزىگە نېمىلەر چېلىقىدىكىن، پات - پات قوللىرىنى شىلتىپ غودۇراپ قوياتتى. شۇ ئولتۇرۇشىدا ھەتتا مەھەللە تەرەپتىن كېلىۋاتقان زىلەيبۇۋى قۇشناچىمغىمۇ دىققەت قىلمىدى. زىلەيبۇۋى بىر قاچا تاماق كۆتۈرگەن ھالدا پاتلا يېتىپ كەلدى.

— ئۇھ، ھەنىم بولسا ئامان - ئېسەن باركەنسەن سەيدىخان، ئۇزۇن بولدى مەھەللە تەرەپكە ئۆتەي دېمىدىڭا، ئال، قورسىقىڭمۇ ئاچقاندۇ، بۇنى ئىسسىقىدا يەۋال.

زىلەيبۇۋى شۇنداق دەپ قاچىنى سەيدىخاننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. سەيدىخان بۇ مېھرىبان

ئايالنىڭ ئۇزايىغا باشتىن ـ ئاياغ بىر قۇر تەپسىلىي قاراپ چىققاندىن كېيىن:

ــ سىز مېنىڭ ئاپام ـ ھە؟ دادامدىن بۇرۇن تۇغۇلغىنىم راستمۇ؟ ــ دېدى.

ــ راست، راست بولمامدىغان؟ ــ كۆڭلىگە يارىشا ئېيتتى زىلەيبۇۋى.

ــ ئەمسە ئىككىمىز ئۇنى ساقلايلى. ئۇ كېلىپ مېنى ئېپكەتمەكچى بولغان.

ــ ئوھۇش، نىملەرنى دەيدىغانسەن؟ ئۇ دىگىنىڭ كىم ئەمدى؟

ــ بۇ ئاشنى شۇ ئېتىپ بەرگەن.

ــ ۋاي شور پېشانە، ئەسلىدە يولدىشىڭ خىيالىڭغا كىرىپ قاپتۇ ـ دە؟ ئادەمنى ئەنسىرىتىپ ئېيتقىنىڭدەك بولماس ئىلاھىم.

زىلەيبۇۋى سەيدىخان تاماق يېگۈچە ئارىلىقتا ئۇ ئولتۇرۇۋاتقان ئۆي ئىچىنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى ۋە ئۇنىڭ پاكىزلىقىغا ھەيران قالدى. تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق بولسىمۇ ھەرھالدا ئۇنىڭ ئېھتىياجىغا لايىقلاشقان ئۆي بىساتلىرى ئۆز ئورنىنى تېپىپ رەتلىك سەرەمجانلاشقانىدى. پاكىز سۈپۈرۈلگەن پەگادا ئاللىبۇرۇن مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەپ بولغان بولسىمۇ، تېخىچە ئۆز ئورنىدىن قوزغالمىغان مەشكە قاراپ «ئېھتىمال يازدا ئېلىۋېتىپ، كۆزدە يەنە قويۇشنى ئاۋارىچىلىك بىلگەن بولسا كېرەك» دەپ ئويلىغان زىلەيبۇۋى ئېرىنمەستىن ئۇ نەرسىلەرنى بىر ـ بىرلەپ سىرتقا ئېپچىقىپ، بىر قۇر پاكىز قېقىشتۇرغاندىن كېيىن، ياندىكى ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا رەتلەپ قويدى. ھويلىغا چىقىپ قارىسا سەيدىخان قارىياغاچ ئاستىغا بېرىۋالغان بولۇپ، يەردە ئۇ يەپ بولالمىغان تاماق چېچىلىپ تۇراتتى.

ــ سادىغاڭ كېتەي سەيدىخان، يەپ بولالمىغاندىكىن ئېپ قوياي دېمەي بىر ئوبدان تاماقنى چېچىۋەتكىنىڭ نېمىسى؟ ــ دەپ سەل كايىپ قالدى زىلەيبۇۋى.

ــ قاراڭ ئاپا، قۇشقاچلارنىڭمۇ قورسىقى ئېچىپ كېتىپتۇ، قالغىنىنى شۇلار يېسۇن.

بۇنىڭدىن باغرى يۇمشاق زىلەيبۇۋىنىڭ يۈرىكى شۇرردە ئېرىپ كەتتى. خۇدايا تووۋا! ئۆزى شۇ ھالدا تۇرۇپ مۇشۇنىڭغا زىنى يەتكەندىكىن ـ ھە؟ بۇ گەپ بىلەن سەيدىخان ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچقانداق ئەيىبى يوق تۈزۈك ئادەمدەك نامايان بولدى.

شۇ خىياللارنى باشتىن كەچۈرگەن زىلەيبۇۋى ئۇنىڭ قولىدىكى قۇرۇقدىلىپ قالغان تاۋاقنى ئېلىپ، «قورسىقىڭ ئاچسا ئۆيگە باراسەن» دەپ ئەسكەرتىپ قويغاندىن كېيىن، كەلگەن يولى بىلەن قايتتى.

ئوسمان قارىيھاجىم سەيدىخاننى مەھەللە ئىچىگە يېڭى ئۆي سېلىپ كۆچۈرۈپ كېلىش توغرىسىدا كەنت باشلىقنى قايتا بىر ئىزدەشكە مەجبۇر بولدى.

ــ مېنىڭچە سەيدىخان كۆچۈپ كېلىشكە ئۇنىماسمىكىن، ــ دېدى كەنت باشلىقى پەرۋاسىزلا، ــ چۈنكى ئۇ ئۆز ئۆيىدىن باشقا يەردە تۇرۇشنى خالىمايدۇ. ئۆتكەندە ساناتورىيەگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسامۇ تۇرغىلى ئۇنىماي قايتىپ كەلگەن ئەمەسمۇ.

ــ شۇنداقتىمۇ ئۇنى مۇشۇنداقلا تاشلىۋەتسەك خۇدامۇ راۋا كۆرمەس؟ قانداقلا بولمىسۇن ئۇمۇ بىر تىرىك جان ـ دە، ھېچبولمىغاندا ھازىرقى ئۆي ئورنىغا بولسىمۇ بىر ـ ئىككى ئېغىز...

ــ بۇ تەرىپىنى مەنمۇ ئويلىغان، بولىدۇ قارىيكا، دېگىنىڭىزدەك بولسۇن.

كېچە. تۈن نىسپىدىن ئۆتكەن چاغ. ئەتراپ تىمتاس قاراڭغۇلۇققا تولغان بولۇپ، تۇرۇلۇپ تۇرغان سېھىرلىك ئاسماندا بىر تالمۇ يۇلتۇز كۆرۈنمەيتتى. پەقەت، ئېغىر ئۇيقۇغا كەتكەن كىشىلەرنىڭ چۈش دۇنياسىلا ئۆزگىچە نۇرلىنىپ تۇراتتى. چۈش دۇنياسىدىن ھالقىغان ئۆتكۈر بىر نۇر قاتمۇ قات قاراڭغۇلۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ، مەھەللە ئېغىزىغا كېلىپ توختىدى ۋە كىمدۇر بىرىنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ قويۇپ تېزلا ئارقىغا ياندى. بەلكىم، شەھەرگە كىرىپ كەچ قالغان بىرەرسىدۇر، قاراڭغۇلۇقتا كىملىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئەمما غالداڭلاپ مېڭىشىدىن خېلىلا ئېغىر كەيپ ئىكەنلىكى مەلۇم ئىدى. نامەلۇم گەۋدە شۇ مېڭىشىدا مەھەللە كوچىسىنى بىر ئېلىپ، خېلى ئۇزۇندا مەھەللىنىڭ يەنە بىر چېتىگە يەتتى. شۇنداقتىمۇ كالانپاي قەدەملىرى مېڭىشتىن ھېچ توختىمايتتى. ئۇ مازارلىققا تۇتاشقان چىغىر يول بىلەن ئۇدۇل سەيدىخان ئولتۇرغان ئۆيگە يېقىنلاپ كەلدى ۋە ئىشىككە ئېغىزىنى يېقىپ نېمىلەرنى دېدىكىن، ھايالشمايلا ئېچىلغان ئىشىكتىن سەنتۈرۈلگەن پېتى كىرىپ كەتتى.

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا يەر تەكتىدىن گۈرۈلدىگەن بىر سادا كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ئارىلىقتا بارلىق مەۋجۇداتنى سىزىپ ـ سەزمەي بىر قۇر سىلكىپ ئۆتۈپ كەتتى. يەر تەۋرىگەن ئىدى.

ئەتىسى مەلۇم بولدىكى، بۇ قىيتملىق ئۆتكۈنچى تەۋرەشتە مەھەللە بويىنچە پەقەت سەيدىخاننىڭ ۋەيرانە ئۆيىلا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بولۇپ، كىشىلەر خارابىلىق ئارىسىدىن سەيدىخان بىلەن كەنت باشلىقنىڭ قېپىيالىڭاچ جەسىتىنى تېپىپ چىقتى.

مۇھەررىرى: ئىمىرھەسەن مەخمۇت

# 天尔塔格 文学双月刊

四次获新疆维吾尔自治区期刊奖期刊

2012年第六期（总155期）


## 目 录


**生活描述**

绿色的波浪（长篇小说）……………………….吐尔洪.米吉提（4）

傻女人的故事（短篇小说）………………阿不都外力.伊萨克（105）

**各民族文学交流**

新疆小说中的阿凡提精灵………………………………丁子人（97）

**新潮诗歌天地**

爱得火热……………………………………吐尔洪.吐尔逊（57）

上海启发的诗感…………………………扎马尼丁.帕克扎提（59）

四首诗……………………………………吐尔逊尼亚孜.托合提（61）

**作品与评论**

短片小说“爸爸的第五个孩子”的秘密档案…吾买尔.艾买提（92）

**发展机遇 —经济篇**

关于刀郎羊的故事……………………吐尔逊拜戈.依布拉音（63）

**时代，机遇，发展**

文学让我们心跳在一起………………………………徐大隆（53）

维吾尔族作家阿拉提·阿斯木作品研讨会在沪召开，与会专家热议………………………………………亚森江.尼扎穆丁（86）

**新人力作**

散文…………………………………………阿依努尔.买买提（76）

诗集“意中人传说”中的几个特点……阿不都外力.艾尔西丁（79）

花儿的眼泪……………………买买提吾买尔.买买提吐尔逊（84）

**老文人精品**

想念家乡……………………………………阿不都卡迪尔.萨迪尔（96）


封一：维吾尔族青年画家买买提江.阿不拉油画作品 —“小巴扎”

杂志名由著名书法家：苏来曼.斯玛依 撰写


出版：
乌鲁木齐市文学艺术界联合会

编辑：
《天尔塔格》杂志社

杂志社主编：
普拉提.艾维组拉

社长：
艾比布拉.买买提

杂志社副主任：
艾尔肯.努尔
阿里木.哈力丁

副社长：
艾克拜尔.沙力

总编：
普拉提.艾维组拉

副总编：
艾尔肯.努尔

编辑部主任：
依米尔艾山.马合木提

美术编辑：
肖开提.肖克来提

责任校对：
克尤木.吐尔逊(聘用)



地址：乌鲁木齐市新兴街5号
邮编：830092
电话：0991-4658897，4696807



国际连续出版物刊号：
ISBN1004-1745
国内统一连续出版物号：
CN65-1012/I

邮发代号：58-83

零售价：7.00元

ШИНҖАҢ УЙҒУР АПТОНОМ РАЙОНИ БОЙИЧӘ УДА ТӨТ НӨВӘТ "ЖУРНАЛ МУКАПАТИ"ҒА ЕРИШКӘН ЖУРНАЛ

# тәңритағ

ҚОШ АЙЛИҚ ӘДӘБИЙ ЖУРНАЛ
2012 -йиллиқ 6 -сан
(омомий 155 -сан)

*(һәр тақ айниң 20- күни нәширдин чиқиду)*

## мундәрижә

### турмуш тәсвирлири

йешил долқун (повест)........турғун мижит *(4)*
қушқачтамдики пажиә (һекайә)........абдувәли исһақ *(105)*

### милләтләр ара әдәбийат

шинжаң пирозичилиқидики нәсирдин әпәнди роһи........дең зирин *(97)*

### шеьирийәт упуқи

муһәббәтниң тонури........турғун турсун *(57)*
шаңхәй билән көрүшүш........заманидин пакзат *(59)*
шеьирлар........турсуннийаз тохти оғуз *(61)*

### әсәр вә баһа

«атамниң бәшинчи балиси»ниң мәхпий архипи (обзор)........
........өмәр әмәт бәрбәри *(92)*

### иқтисадий һекайәтләр

мәкит қойи һәққидә һекайәтләр (әдәбий хатирә)........
........турсунбәг ибраһим *(63)*

### бүгүнки әдәбийатимизда немә гәп

әдәбийат йүрәкләрни йеқинлаштурди........шудалун *(53)*
ғәйрәт асим әсәрлириниң алқиши........йасинжан низамидин *(86)*

### йеңи күч

нәсрләр........айнур муһәммәд көктолун *(76)*
»ашиқ ривайити«ни бойлап........бозлан *(79)*
азаб гүли (шеьир)........мәмәтьөмәр мәттурсун *(84)*

### пешқәдәмләр қәлими

җәнубни сеғиниш(шеьир)........абдуқадир садир *(96)*

муқавиниң 1- бетидә: йаш рәссам муһәмматжан абланиң «йеза базири» намлиқ май бойақ әсири
журнал намини сулайман исмаьил хали йазған

журналлар нәшрийати баш муһәррири:
**полат һевзулла**

нәшрийат башлиқи:
**һәбибулла муһәммәт**

журналлар нәшрийати муьавин мудирлири:
**әркин нур**
**алим халидин**

муьавин нәшрийат башлиқи:
**әкбәр салиһ**

баш муһәррир:
**полат һевзулла**

муьавин баш муһәррир:
**әркин нур**

тәһрир бөлүм мудири:
**имирһәсән мәхмут**

гүзәл сәньәт муһәррири:
**шавкәт шөһрәт**


мәсьул корректор:
**қәййум турсун** (тәклиплик)

*Адреси:* үрүмчи шәһири шәрқи шихуң йоли 52- номур
*Почта номури:* 830036
*Мелефон:* 0991-4658897, 4696807
*Басқучи:* үрүмчи луңйида басма мулазимити чәклик ширкити
*Хәлқаралиқ өлчәмлик журналларниң давамлиқ нәшир қилиниш номури:* ISSN1004-1745
*Мәмликәт бойичә бирликкә кәлгән журналларниң давамлиқ нәшр қилиниш номури:* CN65-10012/I
*Почта вакаләт номури:* 83-58

*Парчә сетилиш баһаси:* 7.00 йүән



چاغداش ئۇيغۇر ماي بوياق
رەسساملىقىدا ئەنئەنىۋى
رەسساملىقىمىزدىكى سىزىقچىلار
بىلەن تەكشى بەتلىك ئىپادىلەش
ئۇسۇلىنى تىرىلدۈرۈش يولىدا
تىنىماي ئىزدىنىۋاتقان ئىستىداتلىق
ياش رەسسام — پەرھات ئەھمەد




ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تەسۋىرى
سەنئەت تەپەككۇرى بىلەن غەرب
ماي بوياقچىلىقىنى ئورگانىك
بىرلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر يېزا
تۇرمۇشى تېمىسىدا ئىجتىھات
بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ
بېرىۋاتقان، كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان
ياش رەسسام — مەمەتجان ئابلا

ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ
سانىدا تېخى يېقىندىلا
ئەسرى جۇڭگو گۈزەل
سەنئەت سارىيى تەرىپىدىن
يىغىپ ساقلىنىشقا
مۇيەسسەر بولغان ئىككى
ياش رەسساممىزنىڭ ماي
بوياق رەسىمىنى
ئوقۇرمەنلەر ھوزۇرىغا
سۇندۇق.



↑ رەسىم ئىسمى: «نەزەر»
سىزىلغان ۋاقتى: 2011-يىلى
ئۆلچىمى: 160cmx100cm
رەسسام: مەمەتجان ئابلا



→ رەسىم ئىسمى: «دېھقان»
سىزىلغان ۋاقتى: 2012-يىلى
ئۆلچىمى: 110cmx110cm
رەسسام: پەرھات ئەھمەد

ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى نىياز ئۆلمايىت ئەسەرلىرىدىن. . .

